*Istanbul, 2014*

**نەشر نۇمىرى**
284
**كىتاپ ئىسمى**
پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشىغا
**ئاپتۇر**
مۇستاپا ئىسلامئوغلى
**تەھرىر**
باتۇر قاراخانلى
**گرافىك لاھىيلىگۈچى**
index Ajans
**نەشر قىلىنغان ۋاقتى**
2014 – يىلى نويابىر
1 ـ نەشرى
ISBN
978-605-5125-60-8
**مەتبەئە ۋە نەشرىيات**
تۇنچئەل رېزىنكە باشما مەتبەئەچىلىك نەشرىيات سانائەت تىجارەت چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى
داۋۇتپاشا يولى گۈۋەن سانائەت قورۇسى ب كورپۇس 369 – 370 – نۇمۇر، توپقاپى – ئىستانبۇل
تېلېفۇن ۋە فاكس
(0212) 501 95 85 ـ (0212) 565 37 00
Fax: (0212) 521 90 86 13-23 91 521 (0212)
**تارقاتقۇچى:**
www.adimkitap.com
info@adimkitap.com
**نەشرىيات رۇخسەت نۇمۇرى**
12628
**نەشرىيات ئادرىسى:**
توپقاپى مەھەللىسى كاھالباغى كوچىسى 49 – نۇمۇر / ئا توپقاپى ـ ئىستانبۇل
تېلېفۇن:
(0212) 524 7 524
www.dusunyayincilik.com
twitter/dusunyayincilik ـ facebook/dusunyayincilik
« دۈشۈن ( تەپەككۇر قىل ) نەشرىياتى » ئادېم ئۈچۈر – ئالاقە خىزمەتلىرى چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ماركىسى
**نەشر ھوقوقى:**
Copyright © 2014, Düşün Yayıncılık
ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقوقى دۈشۈن نەشرىياتىغا ئائىت
مەنبە كۆرسىتىلگەن ئاساستا ئۆزۈندە بېرىلىشكە بولىدۇ.

قۇرئان نەسلىنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن

# پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشىغا

مۇستاپا ئىسلامئوغلى

تەرجىمە قىلغۇچى – باتۇر قاراخانلى
پىلانلىغۇچى – ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
www.hayatkitabim.com

DÜŞÜN YAYINCILIK

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ............................................................................ 9

**بىرىنچى باب**

**پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشىغا.................................................. 13**

مەۋجۇت بولغانلىق ئاكتىپ بولغانلىق............................................................ 13

ئۇلۇغ ئاللاھ ئاكتىپتۇر ( ئىزچىل يارىتىش بىلەن مەشغۇل ).................................. 16

ۋەھىيگە ئاساسەن ياخشىلار ئىككى خىل بولىدۇ ............................................... 18

« ئەمىن » دېگەنلەر نېمە سەۋەپتىن « مەجنۇن » دېيىشتى؟ ................................ 20

ئاللاھ رەسۇلى نۇقتىسىدىن پەرق.................................................................. 21

مۇشرىكلار نۇقتىسىدىن پەرق....................................................................... 24

ئۇرۇق - تۇققانلىرى نۇقتىسىدىن پەرق........................................................... 26

ئاللاھ رەسۇلىنى ئاكتىپ ياخشى قىلغان قۇرئان ئىدى ....................................... 27

تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئاكتىپ ئىنسان ئېگىنى بەرپا قىلىشى................. 28

مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشىنى بەرپا قىلىشى ..................................... 30

مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشىنى بەرپا قىلىشى..................................... 32

فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشى بەرپا قىلىشى............................................... 33

ئەل - ئەمىر بىلمەئرۇف بۇيرىقى « ئاكتىپ ياخشى بول! » ئەمرىدۇر.................... 34

پاسسىپ ياخشى بىلەن ئاكتىپ ياخشى ئارىسىدىكى پەرقلەر ................................ 37

ھەسانات ۋە سالىھاتنىڭ پەرقى...................................................................... 43

ھەساناتقا بېرىلىدىغان ساۋاپ بىرگە ئون، سالىھاتقا بېرىلىدىغان ساۋاپ جەننەت ..... 47

**ئىككىنجى باب**

**ئاكتىپ ياخشى بولۇشنىڭ 3 ئا فورمىلاسى.................................................. 51**

**1.ئاشىق.................................................................................................... 51**

مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت ھالىتىدە ........................................ 51
ھەرىكەتنىڭ سىرى جەلىپكارلىقتا ................................................ 53
جەلىپكارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاشىق ........................................ 56
ئاشىق ئىزچىل شاھىت بولغانلىق................................................ 58
گۇناھ ئىشقنى زەھەرلەيدۇ ........................................................ 59
ئاشىقنىڭ پاسسىپ ۋە ئاكتىپ ۋاقىتلىرى بولىدۇ.......................................... 60
سۆيگۈڭىزنىڭ قىممىتىنى سۆيگىنىڭىز بەلگىلەيدۇ.......................................... 62
ئىنسانغا ئاشىق بولۇش ۋە ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرا ئىچىدە بولۇش... ........................ 62
ھۇببۇللاھ ـ ئاللاھ سۆيگۈسى ........................................................ 64
قەلبىنىڭ سالىھ ئەمەلى ـ داۋا ئىشقى................................................ 66
داۋا ئىشقى بارلىق ئىشقى ـ مۇھەببەتكە باش بولغان ۋاقىتتا.................................. 68
داۋاسىغا ئاشىق بولغۇچىنى كۆرمەكچى بولغانلار رەسۇلۇللاھقا قارىسۇن .......................... 73
ئىچىگە ئاشىق كىرگەندە، ئىبادەت « كۆز نۇرى »غا ئايلىنىدۇ.................................. 76
ئاشىق پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ................................................ 78
قولۇمدا بار ئاشىق................................................................ 82
**2. بېغىشلاش ............................................................ 84**
ئاكتىپ ياخشىلار ئۆزىنى بېغىشلايدۇ................................................ 84
ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ئىككى تۈرى ................................................ 87
« بارلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ قا ئاتا! » ............................................ 90
ئۆزىنى ئاتاش، قوبۇل بولغان دۇئا بولۇشتۇر ........................................ 92
رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ قا ئۆزىنى ئاتىشى ............................................ 95
ئۆزىنى ئاتاشتا تەۋەككۇل ........................................................ 96
تۇنجى قۇرئان نەسلى ـ ئۆزىنى ئاتىغان نەسل ئىدى .................................... 100
ئۆزىنى ئاتىغانلار ئۇنتۇلمايدۇ................................................ 105
فاتىھلەر ئۆزىنى بېغىشلىغانلار ئىچىدىن چىقىدۇ........................................ 107
« ئۇقۇمۇشلۇق زات » ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولغاندىلا « ئالىم » بولىدۇ . 109
يولنامە........................................................................ 117
**3. ئائىدىيەت ( تەئەللۇق بولۇش، مەنسۇپ بولۇش )........................ 119**
ئائىدىيىتى بولغان ئۆرۈق مېۋىلىك دەرەخ بولىدۇ........................................ 119
ئائىدىيەت ھۆرلۈككە توسالغۇمۇ؟ ................................................ 122

ئائدىيەتى بولغان كىشى شەخسىيەت بولىدۇ ........................................ 125
سەھىھ ( ئىشەنچلىك، توغرا )بولغان ئائدىيەتتىن ساختا بولغان ئائدىيەتكە....... 131
جامائەت بىلەن جەماداتنىڭ پەرقى ................................................ 134
كىمە كەنئاننىڭ قەلبىدە بولمىسا، كەنئان كېمىنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ ............... 135
بىر ئائدىيەت مەكتىپى – دارۇل - ئەرقەم ......................................... 138

## ئۈچىنچى باپ

**ئاكتىپ ياخشى بولۇش ئۈچۈن " ئۈچ ۋ " فورمىلاسى......................... 141**
**1. ئۈمىد ............................................................ 141**
ئۈمىد بىر مەۋجۇدى قىممەتتۇر ................................................ 141
ئۈمىد ھەقىقىي بىر قىممەتتۇر ! ............................................... 142
« ئىبلىس » دېمەك « ئۈمىدى ئۈزۈلگەن » دېگەنلىكتۇر.......................... 145
ئۈمىد ئىماننىڭ پەرزەنتىدۇر ................................................... 146
ئۈمىد ھاسىل قىلىش ۋە كۈچەيتىش................................................ 149
ئۈمىد تىلى بولغان بىر پەيغەمبەر................................................. 151
ئىنسان ئىنسانغا زۇھا ۋە ئىنشراھ سۈرىلىرى بولالامدۇ؟......................... 153
**2. ئۈيغۇنلۇق ( ماسلىشىش ) ................................................. 155**
ئۈيغۇنلۇق بىر مەۋجۇدىي قىممەت ................................................ 155
ئۈيغۇنلىشىش بىر ھەقىقىي قىممەتتۇر ............................................ 159
ماسلىشىش بىر ئاممىۋى قىممەتتۇر ............................................... 161
ئۈيۇمسىزلىق ( ماسلاشماسلىق )نىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان زىيىنى.................. 163
ئۈيۇمسىزلۇقنىڭ مەنىۋى زىيىنى ................................................ 165
كېلىشەلمەسلىك ئىللىتى سەمىمىيەتسىزلىكتۇر...................................... 167
سەمىمىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ....................................................... 170
ئۈيۇمسىزلىقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان زىيانلىرى.................................... 172
قانداق قىلغاندا ئۈيۇمچان بولغىلى بولىدۇ؟....................................... 173
**3. ئۈپۈق ............................................................... 175**
ئۈپۈق ساھىبى بولۇش مەۋجۇدى قىممەتتۇر ........................................ 175
ھاياتنىڭ ئۈپۈقى ئاخىرەتتۇر ...................................................... 178
پەيغەمبەرنىڭ ئۈپۈقىدا ئاخىرەت بار .............................................. 180

ئۆپۈق بىر خىل ئاممىۋى قىممەت ........ 182
ئۆپۈقسىزلىقنىڭ مەۋجۇدىي زىيانلىرى ........ 184
ئۆپۈقسىزلىقنىڭ مەنىۋى زىيانلىرى ........ 185
قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆپۈقنى بەرپا قىلىشى ........ 188
رەسۇلۇللاھ تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئۆپۈقنى بەرپا قىلغانىدى ........ 191
يولۇچى كۆتۈپ تۇرغانلارنىڭ نادانلىقى، يولۇچىنى يولدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ ........ 193
سەن كۆڭۈل بەرسەڭ، ئۇمۇ ساڭا كۆڭۈل بېرىدۇ ........ 194
سېنىڭ ئۆپۈقىڭدا ئۇ بولسا، ئۇنىڭ ئۆپۈقىدىمۇ سەن بولىسەن ........ 198
كەلمىگىنىڭگە ئاتاپ بىر نەسىر ........ 199
خاتىمە ........ 203

## كىرىش سۆز

## « تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر! »

ئاخىرقى پەيغەمبەرگە كەلگەن بۇ ئىلاھىي ئەمرنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئورنۇڭدىن تۇر ۋە تۇرغۇز. ئاكتىپ بولغىن ۋە باشقىلارنىمۇ ئاكتىپ ھالغا كەلتۈر. ھەرىكەتكە ئۆت ۋە باشقىلارنىمۇ ھەرىكەتلەندۈر.

بۇ ئەمر، دۇنيادا داۋاسى يوق بىر ئىنسانىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار داۋانىڭ ئىگىسى قىلدى. بۇ ئەمرنى ئالغۇچى قولى بىلەن باشلانغان ھەرىكەت يەر يۈزى شاھىت بولغان ئەڭ كەڭ كۆلەملىك ئىمان ھەرىكىتى بولدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىسى مەزكۇر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھېچقاچان پاسسىپ ھالدا تۇرمىدى.

ياخشىلار ياتسا، ياخشىلىقمۇ ياتىدۇ. ياخشىلىقنىڭ يېتىپ يامانلىق كۆكسىنى كېرىپ يۈرگەن بىر دۇنيانىڭ، ياخشى بولىشىنى كۈتۈش بىمەنىلىك. بۇنداق بىر دۇنيا ياخشىلارغا زىندان، يامانلارغا ساراي بولىدۇ. دۇنيانىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش، ئىنسانغا بېرىلگەن « خەلىپە »لىك ئامانىتىگە / ۋەزىپىسىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەي يامانلىقتىن ۋە ئەسكىلەردىن شىكايەت قىلغۇچى ئىنسان! شىكايەت قىلما! تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر. شۇنى ياخشى بىلگىنكى، سەن شىكايەت قىلىۋاتقان ئۇ ئەسكىلەر ئانىلىرىدىن ئەسكى بولۇپ توغۇلمىغان.

ئۇلار مۇخۇددى دۇنيادىكى بارلىق نارىسىدىلەرگە ئوخشاش دەسلەپتە ياخشى ئىدى. پەقەت ياتقان ياخشىلاردىن ئىدى. ئۇلارغا « تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر! » دەيدىغان بىرەرسى چىقمىدى. ئۇلارنى، قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزىدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرىدىغان بىرسى چىقمىدى. ئاكتىپ ياخشىلار تەرىپىدىن تۇتۇلمىغان ئۇ قوللار ئاكتىپ ناچارلار تەرىپىدىن تۇتۇلدى.

***

« تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر! » بۇيرۇقىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى، ئىلگىرى « ئەلئەمىن ( ئىشەنچلىك ) » دەپ ئاتالغان بولسا، نېمە ئۈچۈن كېيىنكى مەزگىلدە « ئەلمەجنۇن ( ساراڭ ) » دەپ ئاتالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى مەدھىيىلەنگەن كىشى، كېيىنكى كۈنلەردە ئەيىپلەندى؟ نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى ياخشى كۆرۈلگەن كىشى، كېيىن ئۇرۇپ - سوقۇلدى، ھەتتا ھاياتىغا قەست قىلىندى؟

بۇنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى بار: پاسسىپ ياخشى بولۇشتىن، ئاكتىپ ياخشى بولۇشقا يۈزلەنگەندى.

پاسسىپ ياخشىلار نەزەردىن ساقىت قىلىغان بىر ھەقىقەت بار: ياخشىلىق پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغان ھەر يەردە، يامانلىق ئۆزلىكىدىن ئاكتىپ ھالغا كېلىدۇ. بۇ يامانلىقنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى زاتى يوق بولۇپ، يورۇقلۇق بولمىغان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايمەن: ياخشىلارنىڭ ھەممىسى پاسسىپلىشىپ كەتكەن بىر دۇنيادا، ياخشىلىق ياشامدۇ؟

جاۋابىم: « ھەرگىز ياشيالمايدۇ ». چۈنكى، فىترەت ياخشىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھەزرىتى ئىنسان ئەڭ ياخشى ئىدى. ئەڭ ياخشى بۇزۇلسا، ئەڭ ناچار بولىدۇ. يېتىۋالغان ياخشى بولۇش كۆپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، پاسسىپ ياخشىنى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. ھەر پاسسىپ ياخشى، بىلىپ - بىلمەي ئاكتىپ ئەسكىنىڭ تەشۋىقچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەڭ يامان بولغىنى، پاسسىپ ياخشىلارنىڭ ئاكتىپ ئەسكىلەردىن

شىكايەت قىلىشى. بىرى چىقىپ ئۇلارغا ( پاسسىپ ياخشىلارغا ) « سايەڭلەردە ( بۇ ھالغا كەلدۇق ) » دېيىشى مۇمكىن.

***

قۇرئان ئىككى خىل ياخشىلىقتىن سۆز قىلىدۇ: ھەسەنات ۋە سالىھات. بىرىنچىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە قىلىدىغان ياخشىلىقلىرى، ئىككىنجىسى ئۇچىنچى شەخسلەرگە قارىتا قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سالىھات، بۇزۇلغاننى تۈزىگۈچى / ئىسلاھ قىلغۇچى ھەرىكەت بولۇپ، مانا بۇ سالىھ ئەمەل. قۇرئاندا ھەسەناتنىڭ مۇكاپاتى بىرگە ئون ساۋاپ، سالىھاتنىڭ مۇكاپاتى جەننەت. ھەسەنات پاسسىپ ياخشىلىق، سالىھات ئاكتىپ ياخشىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئاكتىپ ياخشى بولۇشنى خالىغانلارغا، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ سىزگە فورمۇلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ فورمىلالارنىڭ بىرىنچىسى 3 ئا فورمىلاسى، يەنى ئاشىق - ئاتاش ( ئۆزىنى بېغىشلاش ) - ئائىت بولۇش. ئىككىنجىسى 3 ئۇ فورمىلاسى، يەنى ئۈمىت – ئۈيۈم ( ئۇيغۇن بولۇش ) - ئۈپۈق. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپتا بۇ ئۇسۇل، پەقەت ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولسۇن دەپ مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈلدى.

ھاياتنىڭ قاتلاملىرىدىن سۈزۈلۈپ چىققان بۇ ئەسەر، ئەگەر بىر كىشىنى بولسىمۇ پاسسىپلىقنى تاشلىتىپ ئاكتىپ قىلالىسا، مەقسىدىگە يەتكەن بولىدۇ.

ئەي « نېسىپ» دېگۈچى! بۇ نېسىپ مەسىلىسى ئەمەس، تەلەپ مەسىلىسى! تەلەپ قىل، نېسىپ بولسۇن.

مۇستافا ئىسلامئوغلى

10 مۇھەررەم 1434

# بىرىنچى باب

## پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشىغا مەۋجۇت بولغانلىق ئاكتىپ بولغانلىق

### بار بول!

بۇ تىلىمىزدا بىر تەشەككۇر ۋە ياخشى تىلەكنىڭ ئىپادىسى. « مەۋجۇت شەيئىگە ' بار بول!' دېيىشنىڭ نېمىسى ياخشى تىلەك بولىدۇ؟ » دېگەن بولسىڭىز، خاتالىقىمىز مانا بۇ يەردە دەيمەن. بۇ ھاياتتا خۇددى بىر ئوت – چۆپتەك ھېچنەرسىگە پايدىسى يوق شەيئىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش؛ ياكى بىر ئىنسانغا ئوخشاش، ئادەمگە ئوخشاش مەۋجۇت بولۇپ مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەۋجۇت بولۇش بار. ئىختىيار بىزدە.

ماڭا ھەرگىزمۇ « نىسىپ مەسلىسى » دېمەڭ. نىسىپلەرنى تارقاتقان ئاللاھ، ئەزەلى تەقسىمدە سىزگە ئىنسان بولۇشنى نىسىپ قىلغان. سىزگە ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان نىسىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بەرسۇن؟! ۋىجدانىڭىز ئەقلىڭىزنى، ئەقلىڭىز ئىرادىڭىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمىگەن بولسا، بۇنىڭ جاۋاپكارى نىسىپنى تارقاتقان ئاللاھ ئەمەس، نىسىۋىسىگە چۈشكەننى ئىشلەتمىگەن ئىنسان بولىدۇ.

شۇنداق، بۇ ھاياتقا ئوت - ياشقا ئوخشاش كېلىپ، پاخالدەك كېتىشمۇ؛ بەشەر ھالىتىدە كېلىپ، ئىنسان ھالىتىدە كېتىشمۇ نىسىپ ئەمەس، بەلكى تەلەپ مەسلىسى. تەلەپ قىلمىغانغا نىسىپ بولمايدۇ. « نىسىپ مەسلىسى » دېگۈچىلەر پاسسىپ ياخشىلار بولۇپ، پاسسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا نىسىپ بولمايدۇ. نىسىپ بولغانلار دائىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئارىسىدىن چىقىدۇ. چۈنكى، نىسىپلەرنى تارقاتقان

ئۇلۇغ ئاللاھ نىڭ سۈننىتى مانا مۇشۇنداق.

« تەلەپ مەسىلىسى » دېيىش كۇپايە قىلمايدۇ. تەلەپ قىلىش كېرەك. تەلەپ قىلىش ئاكتىپ بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى، تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئاكتىپچانلىق بولىدۇ. تەلەپنىڭ ئۇيقۇدىكى ھالىنى « چۈش »، ئويغاق ھالىنى « ئارزۇ » دەيمىز. قەلبتىكى ھالىغا « ھەسرەت » ۋە « سېغىنىش »، مېڭىدىكى ھالىغا « ئوي / چۈشەنچە » دەيمىز. چۈنكى، ئەقىل يولغا چىقماي تۇرۇپ، چۈشەنچە يولغا قەدەم باسالمايدۇ. دۇئا، ئاللاھ قا يۈزلەنگەن بىر تەلەپ بولۇپ، ھەرىكەت دۇئانىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ھالىتى.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئىشنىڭ ئىچىگە تەلەپ قوشۇلغاندا ھەرىكەتكە ئۆتۈش، ئاكتىپ ھالغا كېلىش مۇقەررەر بولىدۇ.

روھ ئاكتىپتۇر. بەشەرنى ئىنسانغا ئايلاندۇرغان ۋە زېمىنىمىزدىكى ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇدەك ھالغا كەلتۈرگەن « ئىلاھىي نەپەس » روھتۇر. ياراتقۇچىدىن پۈۋلەنگەن روھ، ئىنساننى ئىلاھ ( تەۋبە ) قىلمايدۇ. لېكىن، ئىنساننى ياراتقۇچىغا ئائىت قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، بۇ مەنسۇپلىق ئىنسان ئۈچۈن شان – شەرەپنىڭ ئەڭ چوڭى.

ئىككىنجىدىن، بۇ مەنسۇپلىق مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ چوڭى.

چۈنكى، ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەت، ئەڭ ئۇلۇغ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت بولۇپ، بىر يەردە مەسئۇلىيەت بولسا، تاللاش بولىدۇ؛ تاللاش بولسا، ئىرادە بولىدۇ. ئىرادە بولسا، ئەقىل بولىدۇ. ئەقىل بولسا، ۋىجدان بولىدۇ. بۇلار روھنىڭ ئىنساننى قوراللاندۇرغان ئۈچكېزەكى. روھسىز ۋىجدان پاسسىپ، روھسىز ئىرادە مەجھۇل، روھسىز ئەقىل كېرەكسىز نەرسىدىن پەرقسىز.

روھ پەقەت ئىنسانغىلا خاس ئەمەس بولۇپ، پىكىر، بىلىم، ئەمەل، ئىبادەت... قاتارلىق نەرسىلەرنىڭمۇ روھى بولىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئىچىدە روھى بار – يوقلىقى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن مەلۇم بولىدۇ. روھتىن ئايرىلغان پىكىر ۋە بىلىم، باشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىگىسىگىمۇ تەسىر

قىلمايدۇ. روھتىن يوقسۇن ئىبادەت ۋە ئەمەل، باشقىلار ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىگىسىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

جان ئاكتىپتۇر. جان، كىرگەن بەدەننى ئاكتىپ / تىرىك ھالغا كەلتۈرىدۇ. چىققان بەندەننى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. روھنى يوقۇتۇپ قويغان بىر بەدەن، ھەرىكەت قىلمايدۇ. جان پەقەت ماكرو جەھەتتىلا ئەمەس، مىكرو جەھەتتىمۇ ئاكتىپ بولىدۇ. ھۈجەيرە بۇنىڭغا جانلىق مىسال بولالايدۇ. ھۈجەيرە تىرىك بولسا ئاكتىپ، ئاكتىپ بولسا جانلىق / ھايات بولىدۇ. ھۈجەيرە ئۆلگەندە پاسسىپ ھالغا كېلىدۇ. تىرىك بىر ئەزا ئۆلگەن ھۆجەيرىنى ئېلىپ يۆرمەيدۇ.

ئىبرەت – ئاكتىپ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە، پاسسىپ قالغان بىر پارچە كېسىپ تاشلىنىدۇ، چىقىرىۋېتىلىدۇ.

جىسىملار ئاكتىپتۇر. شۇنداق، بىز « جانسىز مەۋجۇدىيەت » دېگەن جىسىملارنىڭ ھەممىسى ئاكتىپ ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ. تاش ۋە تۇپراق ئاكتىپ ھالەتتە بولىدۇ. جىسىملار ئاتومدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئاتوملار يادروسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترونلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئېلېكترون ھاجىسى، ئاتوم كەبىسىنى تاۋاپ قىلىشنى ھەرگىز توختىتۇپ قويمايدۇ. ماددىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكىتىنى توختىتۇپ قويىشىنى « ماددىنىڭ يوقۇلىشى » دەپ ئاتايمىز. ئاكتىپ ھەرىكىتىنى يوقۇتۇپ ئۆلگەن جىسىم، قاتتىق يەر تەۋرەشتە كىتاپ ۋاراقلىرىدەك ئۈستى – ئۈستىگە چۈشكەن چوڭ بىر بىناغا ئوخشايدۇ. ئۆلگەن / كېرەكسىز ھالغا كەلگەن جىسىم كىملىكىنى ۋە رولىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.

ئىبرەت – پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغۇچى، كىملىكىنى ۋە رولىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.

كائىنات ئاكتىپتۇر. ئالەم بوشلۇقىدا يەر ئالغان ھەر قانداق جىسىم پاسسىپ ئەمەس. بىر ئوربىتىسىنىڭ بولىشى، ئاكتىپ بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى. بىپايان ئالەم بوشلۇقىدا توختىماي ئايلىنىپ تۇرغان سان –

ساناقسىز ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدە، بىر تانە پاسسىپ جىسىم يوق. يۈلتۈزىمىز بولغان قۇياش، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان دۇنيامىز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان ئاي ئاكتىپتۇر. دۇنيا ئاكتىپ ھەرىكىتىنى توختاتقان ۋاقىتتا قىيامەت قايىم بولىدۇ. چۈنكى پاسسىپلىق، قىيامەتنىڭ بىر تۈرى.

## ئۇلۇغ ئاللاھ ئاكتىپتۇر ( ئىزچىل يارىتىش بىلەن مەشغۇل )

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان ئاللاھ تۇر.

ئاللاھ ئاكتىپتۇر. چۈنكى، « ئۇ ھەر ۋاقىت ھاياتقا مۇداخىلە قىلىپ تۇرىدۇ » ( 55:29 ). ئەسمائى ـ ھۇسنا بۇلارنىڭ دەلىلى. ئەسمائى ـ ھۇسنانى تەشكىل قىلغان ئىسىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسمى فائىل ( ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچى ) شەكلىدە كېلىدۇ. ئىسمى فائىل شەكلى، ساھىبىنىڭ « شەيئى » ئەمەس « ئىگە » ئىكەنلىكىگە دەلالەت قىلىدۇ. بۇلاردىن بىر قىسمى فاتىر، ۋاھىد، قائىم، غالىپ ... قاتارلىق تۈز ئىسمى فائىللار. بىر قىسمى رەھىم، كەرىم، ھامىد، مەجىد... قاتارلىق مۇبالىغە بىلەن كەلگەن ئىسمى فائىل. يەنە بىر قىسمى رەھمان، خەللاق، قاھھار، فائال... قاتارلىق مۇبالىغىنىڭ مۇبالىغە شەكلىدە كېلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇتلەق، چەكسىز، تەڭداشسىز، ئوخشىشى يوق ۋە تەقلىد قىلغىلى بولمايدىغان دېگەنلىك بولىدۇ.

مەسىلەن، خەللاق ئىسمىغا بىر قاراپ باقايلى. ئاللاھ پەقەت « ياراتقۇچى » خالىق بولۇپلا قالماستىن، « يارىتىشتىن ھېچ زېرىكمەي قالمايدىغان » خەللاقتۇر. ئىسىم ئائىت بولغان تۇر، ئىلاھىي يارىتىشتىكى ئاكتىپچانلىقنىڭ ئىنسان ئەقلى ۋە چۈشۈنۈش قابىلىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ تەجەللىسى ئارقىلىق بىزگە

بېرىلمەكچى بولغان دەرس شۇ : ئەي خەللاق بولغان ئاللاھ نىڭ، ھەر ۋاقىت ئاكتىپ يارىتىشىغا شاھىت بولغان ئىنسان! ئىزچىل ۋە توختىماستىن يارىتىپ تۇرغۇچى خەللاق ئىسمىدىن ساڭىمۇ بىر نىسىۋە چۈشىشى كېرەك. بىلىمىڭ، ئەخلاقىڭ، ئەقلىڭ ۋە ئىرادەڭ ئۈنىڭدىن ئۆزىگە چۈشلۇق ھەسسىسىنى ئېلىشى لازىم. ئىككى كۈنۈڭ ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، « ئىككى كۈنى ئوخشاش بولغان كىشى زىيان ئىچىدە ». خەللاق ئىسمى بىلەن ھەر ۋاقىت يېڭىدىن يارىتىلغان ئىرادەڭنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك. ھەر يېڭى يارىتىشنىڭ شۈكرى، ئىرادەڭنى يېڭىلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق ئادا تاپىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ پاسسىپ بولغان بولسا قانداق بولاتتى؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

كائىناتتىكى تەرتىپ بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەرتىپسىزلىك ھاكىم بولاتتى. مىسلىسىز ماسلىشىشنىڭ ئورنىنى قالايمىقانچىلىق ئالاتتى.

سەۋەپ ۋە نەتىجە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلەتتى. ھېچقانداق بىر ۋەزىيەتنى تەخمىن قىلغىلى بولمايتتى، كائىناتنىڭ ئىلاھىي ماتېماتېكىغا تايانغان شىفرىسى بۇزۇلاتتى. ئىدارە قىلغۇچى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئورنىنى، كور تاسادىبىيلىق ئالاتتى. ھېچقانداق نەرسىنىڭ قانۇن – نىزامى قالمايتتى، مەۋجۇدىيەت مەۋجۇت بولۇش سەۋەبىنى يوقۇتۇپ قوياتتى.

ھېلىمۇ ياخشى، « ھەر ۋاقىت مۇداخىلە قىلىپ تۇرغان »، « ھەر ۋاقىت يېڭىدىن يارىتىپ تۇرغان »، « يارىتىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان »، « ھەر ۋاقىت كۆرۈپ، كۆزىتىپ تۇرغان » بىر رەببىمىز بار. ئارام ئالمايدىغان، ھېرىپ – چارچاپ قالمايدىغان، ئارام ئېلىشقا مۇھتاج بولمايدىغان، قېرىپ قالمايدىغان، ئۇنتۇپ قالمايدىغان ۋە ئۇخلاپ قالمايدىغان بىر رەببىمىز بار.

خۇلاسەكالام، زەررىدىن كائىناتقىچە، مىكرودىن ماكروغىچە ھەممە نەرسە ئاكتىپ ھەرىكەت ھالىتىدە بولغان بىر ئالەمدە، ئىرادىلىك

مەۋجۇدىيەت بولۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان ئىنساننىڭ پاسسىپ هالدا بولىشى، بىر بىنورمال ئەهۋال. بۇ ئىلاهىي ماسلىشىش قانۇنىغا قارشى چىققانلىق، بۇ تەرتىپنىڭ سىرتىغا چىققانلىق ۋە ئەهمىيىتى يوق بولغانلىق بولىدۇ. رولى يوق نەرسە، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## ۋەهيىگە ئاساسەن ياخشىلار ئىككى خىل بولىدۇ

كونا ئۇسلۇبتا ياخشىلار ۋە يامانلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈر مەۋجۇت.

قۇرئان تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن هالدا، ئەسكىلەر، پاسسىپ ياخشىلار ۋە ئاكتىپ ياخشىلار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ:

« ئاندىن بىز كىتاب ( يەنى قۇرئان ) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر ( يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ )، بەزىسى ئوتتۇرا هالدۇر ( يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ ) ۋە بەزىسى ئاللاه نىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر »( 35:32 ).

بۇ خىل ئايرىشنى تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ كۆرىمىز:

« سائادەتمەنلەر قاتارىدا بولىدىغان كىشىلەر بولىدۇ، بۇ نېمە دېگەن چوڭ بەخت!. بەختسىزلەر قاتارىغا كىرگەن ئادەملەر بولىدۇ، بۇ نېمە دېگەن بەختسىزلىك؟. ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بار بولۇپ، مانا بۇلار (جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردە ئاللاه قا يېقىن بولغۇچىلاردۇر » ( ۋاقىئە 8 – 12 ).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەردىن سۆز قىلىنماقتا:

1.ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەسكى كىشىلەر

2.ئۆتتۈرا هال يول تۇتقان پاسسىپ ياخشىلار

3. ياخشىلىقتا باشلامچى بولىدىغان ئاكتىپ ياخشىلار.

قۇرئان ئۇچۇق قىلىپ، پاسسىپ ياخشىلار بىلەن ئاكتىپ ياخشىلارنىڭ تەڭ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

« مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز ( ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە جىهاد قىلغۇچىلار / تىرىشچانلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلارنى / تىرىشچانلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى، جىھادقا چىقمىغانلاردىن / ئاللاھ يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن قاچقانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ جىهاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن، قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەنلەردىن ئارتۇق ) قىلدى. ئاللاھ (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( نىسا 95 ـ 96 ).

شۇ نەرسە ناھايىتى روشەن ھالدا ئوتتۇرىدا تۇرماقتا: ئاللاھ ئىنسانلارنى ياخشىلار ۋە يامانلار دەپ ئىككىگە ئايرىپلا قالماستىن، ياخشىلارنىمۇ ئۆز ئىچىدىن، پاسسىپ ۋە ئاكتىپ ياخشىدىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىيدۇ.

قۇرئان ۋەھيىنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى تاپشۇرىۋالغان تۇنجى كىشى، ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇھاتابى ( خىتاپ قىلىنغۇچىسى ) بولغان رەسۇلۇللاھ ئىدى. ئەمدى بىز بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ياكى بۇيرۇقنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدا قانداق ئەكس ئەتكەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

# « ئەمىن » دېگەنلەر نېمە سەۋەپتىن « مەجنۇن » دېيىشتى؟

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى ۋەھيىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئاستىدا ئوقۇغانلار / چۈشەنگەنلەر، ئۇنىڭ ۋەھيي ئارقىلىق يېڭى ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقايدۇ. ۋەھيي، سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا بىر بۇرلۇش نۇقتىسى ئىدى.

ۋەھيىدىن بۇرۇنقى ھاياتى بىلەن، ۋەھيىدىن كېيىنكى ھاياتى ئارىسىدا بىر خىل ئىزچىللىقنىڭ بارلىقى ھەققىدە ھېچكىم داۋا قىلالمايدۇ. بۇنداق بىر داۋا ھېچقانداق بىر بۇرمىلاش بىلەن ھەقلىق بولالمايدۇ. بىزگە مەلۇم بولىشىچە، بۇنداق بىر داۋانى قىلغۇچى بىردىنبىر كىشى، بائاس ئىدىئولوگىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئەرەپ مىللەتچىسى خىرىستىيان مىشەل ئافلاق بولۇپ، ئۇ « مۇھەممەد جاھالەتنىڭ پەرزەنتى ئىدى » دېگەن سەپسەتىنى داۋا قىلغان. بۇ ئارقىلىق جاھالەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەرەپ مىللەتچىلىكىنى ئۈستۈن قىلماقچى ئىدى. بۇ داۋا، سۆيۈملۈك رەسۇلىمىزنى بىر رولى يوق دەپ قارىغانلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ رىسالەتتىكى رولىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش، ئۇنى يوق قاتاردىن كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەھيىدىن بۇرۇنقى ھاياتى قۇرئاندا زۇھا سۈرىسىدە بايان قىلىنىدۇ. ئۇ ۋەھيي كېلىشتىن بۇرۇن، « قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ » ( 93:7 ). شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەتتە: « سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ »، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە بولغان قۇرئانغا ئاساسەن، ئۇ ۋەھيىدىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن، قايمۇققان كىشى بولۇپ، كىتاپتىن ۋە ئىماندىن بىخەۋەر ئىدى. قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر مۆئمىن، ئۇنىڭ پەيغەمبەرى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن بۇ ھەقىقەتلەرگىمۇ ئىمان ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، « شۈبھىسىزكى، سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاققا / يارىتىلىشقا ئىگە » دېگەن ئايەتمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن بۇرۇنقى ھالىدىنمۇ خەۋەر بەرمەكتە. ئۇنداقتا يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بۇ ئايەت قانداق بىرلەشتۈرۈلىدۇ؟

ئاللاھ رەسۇلىنى پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنمۇ « ياخشى » كىشى ئىكەنلىكى شەكلىدە چۈشۈنۈش كېرەك. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىگە، پەقەت دوستلىرىلا ئەمەس، ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ شاھىت ئىدى.

## ئاللاھ رەسۇلى نۇقتىسىدىن پەرق

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى ياخشىلاردىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاكتىپ ياخشىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن، ئاكتىپ ئەمەس، پاسسىپ ياخشىلاردىن ئىكەنلىكىنى قۇرئان بايان قىلماقتا:

ئەي سەن ياتقان كىشى!

تۇر ۋە ( ئىنسانلارنى ) ئاگاھلاندۇر! ( 74:1.2 ).

ياتقان ياخشى، پاسسىپ ياخشى بولۇپ، ۋەھيي پاسىپ ياخشىغا ئارقىمۇ – ئارقا ئەمىر بەرمەكتە: « قۇم / تۇر! ».

ئۇ ئۆزىگە ياخشى ئىدى. ئىجتىمائى ھاياتقا ئەمەلىي بىر مۇداخىلە قىلمىغانىدى. رىسالەتتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي گۇمراھلىققا قارشى ئېلىپ بارغان ھېچقانداق بىر ئەمەلىي ھەرىكىتىنى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىتالمايسىز. « خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى » ياكى فۇزۇلۇن « قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدىغانلار » مەنىسىدىكى « خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى ( ھىلفۇل فۇزۇل ) » دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقەمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بۇ ئۆيۈشما، بۈگۈنكى « خالىسانە ھەمكارلىق جەمئىيىتى » گە ئوخشاپ قالاتتى. بۇ ئۆيۈشمىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ رىسالەتتىن بۇرۇنقى ھاياتىدا، ئايرىم بىر ئالاھىدىلىكىنىڭ بولمىغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى، بۇ ئۆيۈشمىغا ئەزا بولغان قەبىلىلەرنىڭ، ئۇ پەيغەمبەر بولۇشى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى ئىدى. بۇ ئۆيۈشمىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئادىي قەبىلىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇ ئۆيۈشمىغا قاتناشقان جۇبەير ب. مۇتئىم، ھىلفۇل - فۇدۇلدا ئىتتىپاقلاشقان رەسۇلۇللاھ قا قارشى، بەدىردە ئۇرۇشقان ۋە ئەسىر چۈشكەنىدى.

ئاللاھ تىن ئالغان « تۇر! » ئەمرى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرغان رەسۇلۇللاھ، ئۆزىنى تونۇيدىغان ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. بۇ ھەيرانلىق، « ئۇنى نېمە دەپ ئاتايلى؟ » دېگەن سۇئالغا جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن، بىر يەرگە جەم بولغان مەككە مۇشرىكلىرى ئارىسىدا بولۇنغان سۆزلەردىن مەلۇم. بۇ قايمۇقۇش، « ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ » دېگەن سۇئالغا جاۋاپ ئىزدىگەندىمۇ كۆرۈلگەنىدى. كافىرۇن سۈرىسىنىڭ نازىل بولىشىغا سەۋەپ بولغان، ئۇ ئەخلاقسىز تەكلىپنى رەسۇلۇللاھ قا سۇنغاندا، ئالغان جاۋابى ئالدىدا تېخىمۇ گاڭگىراپ قالغانىدى:

« ئى تاغا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كۈننى ئوڭ قولۇمغا، ئاينى سول قولۇمغا بەرسە ۋە بۇ داۋادىن ۋازكەچ دېسە، ئاللاھ تىن بىر ئەمىر كەلمىگىچە مەن بۇ داۋادىن ۋازكەچمەيمەن! ».

ئۇلار ئۇنى ھېچقاچان بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئۇنداقتا، ئۆزگەرگەن نېمە ئىدى؟

ئۆزگىرىش، پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشى بولغانلىقى ئىدى.

مەككە ۋە ئەتراپىدا مۇشرىك ئېتىقادىنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەر بار ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تاغىسى زەيد ب. ئامر ب. نۇفەيل، ھەزرىتى خەدىچەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋارەقە ب. نەۋفەل،

تائىپلىق داڭلىق شائىر ئۇمەييە ب. ئەبىس سالت، ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ ئېرى ئۇبەيدۇللاھ ب. جاھش ۋە ئوسمان ب. سۇۋەيرىس بۇلاردىن ئىدى.

زەيد ب. ئامر، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا سادىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق – ئاشكارە ئېيتقان بىردىنبىر ھەنىف ئىدى. ئاللاھ رەسۇلىدىن بۇرۇن ھىرا غارىغا چىققانلىقى مەلۇم بولغان تۇنجى ۋە بىردىنبىر كىشى بۇ ئىدى. قېرىندىشى خەتتاب تەرىپىدىن ئېتىقادى سەۋەپلىك چۆلدە ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇ يەردە ۋاپات بولغان. قالغانلىرى كېيىن خىرىستىيان بولغان. ۋارەقە كىتابى مۇقەددەسنى ئوقۇيتتى. ئۇمەييەمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇبەيدۇللاھ ھەبەش مۇھاجىرى ئىدى. لېكىن، ئۇ يەردە ھاراقفا ئۆگىنىپ قىلىپ خىرىستىيان بولغان.

بۇ ھەنىف ئىساۋىيلار ياخشى كىشىلەر ئىدى. جەمئىيەتتىكى گۇمراھلىقنى بايقىغان بولۇپ، بۇ ۋەزىيەتكە نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى. لېكىن، ھېچقايسىسى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغانىدى. ھەممىسى پاسسىپ ياخشىلاردىن ئىدى. ھېچقايسىسى جەمئىيەتنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىۋاتقان شېرىك بالاسىغا قارشى كۆرەش قىلمىغانىدى. بۇ كىشىلەردىن ھېچبىرى، ئۆز ئالدىغا بولسىمۇ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقمىدى.

رىسالەتتىن بۇرۇن ھەنىف بولۇش مەقبۇل بولۇپ، ھەنىفلەر مەدھىيىلەنگەن كىشىلەر ئىدى. لېكىن، رىسالەتتىن كېيىن، ھەنىف ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، رىسالەتنى يوق دەپ قارىغانلىق بولاتتى. بۇنىڭ تىپىك ئۆرنىكى، ئۇمەييە ب. ئەبىس سالت ئىدى. بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرىدىن، ئۇنىڭ شېرىكنى رەت قىلغانلىقىنى، بىر ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، جەننەت ۋە جەھەننەمگە، پەيغەمبەرلەرگە ۋە كىتاپلارغا ئىشەنگەنلىكىنى بىلىمىز. ھەزرىتى رەسۇلۇللاھتىن: « ئۇنىڭ شېئىرى ئىمان ئېيتتى، لېكىن قەلبى ئىنكار قىلدى » شەكلىدە بىر خەۋەرمۇ نەقىل قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ شېئىرنى ئاڭلاشنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ جەننەتنى تەسۋىرلىگەن شېئىرلىرىدا قۇرئان ئايەتلىرىدىن

پايدىلانغانلىقى مەلۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسلىمدا نەقىل قىلىنىشچە، ئاللاھ رەسۇلى ئۇنىڭ ئۈچۈن « مۇسۇلمان بولۇشقا ئاز قالغاندى » دېگەن. بۇنى كۆچلەندۈرىدىغان تەپسىلاتلار مەنبەدە يەر ئالماقتا. ئەل - مۇسانئەف ساھىبى، ئۇمەييەنىڭ ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى، بەدىر كۈنىگە توغرا كەلگەن مەزگىلدە مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن شامدىن يولغا چىققانلىقى، لېكىن تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ قارارىدىن ۋازكەچكەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

بۇ ئارتۇقچىلىقتا ئىگە بولغان ئۇمەييە، بەدىردە ئۆلگەن قۇرەيشلىكلەر ئۈچۈن ھازا ئاچقان. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭ مۇشرىكلار ئۈچۈن ئېيتقان مەرسىيىسىنى ئاڭلاشنى رەت قىلغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن ساھابىنىڭ تىلىدا ئۇمەييەنىڭ ئىسمى « ئاللاھ دۈشمىنى » شەكلىدە يەر ئالدى.

ئىبرەت - ۋەھىيدىن بۇرۇنقى پاسسىپ دەرىجىسىدە بولغانلار، ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا چاقىرغان دەۋەتنى رەت قىلغان ۋاقىتتا، دەرىجىسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ ناچار قاتاردىن سانالدى.

## مۇشرىكلار نۇقتىسىدىن پەرق

مەككىلىك مۇشرىكلەر، ئۇ تېخى ئاللاھ رەسۇلى بولمىغان ۋاقىتتا، ئەل – ئەمىن ( ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى ) دەپ ئاتايتتى. بۇنى شۇنداقلا دەپ قويمىغانىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئۆيىنى قورشىۋالغان ۋاقىتتىمۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قىلىشقانىدى. يەنى، ئۇ مەككىلىكلەرنىڭ « ئامانەتدارى » ئىدى. ھىجرەت جەريانىدا ھەزرىتى ئەلىنى ئارقىدا قويۇپ قويىشىنىڭ

سەۋەپلىرىدىن بىرسىمۇ، دەل بۇ ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئىدى.

لېكىن، ئۇ مۇھەممەد رەسۇللاھ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەل - مەجنۇن دېيىشتى. رىسالەتتىن بۇرۇن ئەل - ئەمىن دەپ ئاتالغان شەخس، رىسالەتتىن كېيىن ئەل - مەجنۇن بولغانىدى.

ئۇنداقتا، ئۆزگەرگەن نەرسە نېمە ئىدى؟

ئۆزگۈرۈش، پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشى بولغانلىقى ئىدى.

مۇشرىك مەككىلىكلەر پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن ئۇنى بېشىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرگەنىدى. ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر ئىسپات يوق. ئەكسىچە، ئۇ مەككىلىكلەرنىڭ كۆز قارچۇغى ۋە ياخشى كۆرىدىغان كىشىسى ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى شۇ دەرىجىدە بولۇپ، مىلادى 605 - يىلى كەلكۈندە ئۆرۈلۈپ كەتكەن كەبە قايتىدىن ياسالغاندا، قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش چىقىشقا تاس قالغان بولۇپ، بىر مەسىلە پەيدا بولغانىدى. يەنى ھاجەرۇل ئەسۋەتنى كىم ئۆز ئورنىغا قويىدۇ؟ ھەر قەبىلە بۇ شەرەپنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ سەۋەپتىن ئۆزئارا زىددىيەت پەيدا بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، « ھەرەمنىڭ ھويلىسىغا ئەڭ باشتا كىم كىرسە، ئۇ قويسۇن » دېگەن پىكىرنى قوبۇل قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلى راھەت ئەمەس ئىدى. ئەڭ باشتا كىرگەن كىشىنىڭ ئۇ ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، ھېچكىم ئېتىراز قىلمىدى ۋە مەسىلە چىرايلىق شەكىلدە ھەل بولدى.

لېكىن، ئۇ مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ بولىشى بىلەن، بۇ ھۆرمەتنىڭ ئورنىنى نەپرەت ئالدى. ئالدى بىلەن دەۋەتنى سەۋەبىدىن ئۇنى سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىن مەسخىرە قىلىشتى، ھاقارەت قىلدى. ھەتتا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، بېشىغا تۆگىنىڭ ئۈچەي – باغرىنى ئارتىپ قويىدىغان دەرىجىدە غالجىرلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ھاياتىغا قەست قىلىشتى. بىر چاغلاردا بىر تال مۈيىغا زەرەر بەرگۈچىگە بۇ دۇنيانى تار قىلىدىغانلار، ئەمدى بېشىنىڭ ئۈستىدە تۇتقان كىشىنىڭ كاللىسىنى

ئىلىپ كەلگۈچىگە 100 تۈگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

ئۇنداقتا، ئۆزگەرگەن نېمە ئىدى؟

ئۆزگۈرۈش، پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشى بولغانلىقى ئىدى.

## ئۇرۇق - تۇققانلىرى نۇقتىسىدىن پەرق

ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ قەبىلە رەئىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ « ئامراق جىيەنى » ئىدى. مەككىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق رەئىسى ئابدۇلمۇتەللىپ، زەبىھ ( قۇربان ) دەپ ئاتالغان ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ بىر تال يېتىمىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. مەككە شەيخى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئورنىغا يېتىم نەۋرىسىدىن باشقا ھېچكىم ئولتۇرالمايتتى. ئاقساقال ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېرىدە ئولتۇرغان نەۋرىسىنى ئۇ يەردىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولغانلارنى، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ شۇ سۆزى توختىتاتتى: « ئوغلۇمغا چېقىلماڭلار! ». ئاقساقالنىڭ بۇ ئامراق نەۋرىسىگە ھېچكىم چېقىلالمايتتى.

ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، ھاشىم ئوغۇللىرى جەمەتىگە بەخت ئىلىپ كەلگەنىدى. ھەتتا تاغىسى ئەبۇلەھەبمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىق خوشخەۋرىنى ئاڭلاپ، خوشخەۋەرنى ئىلىپ كەلگەن دىدەكنى ئازاتلىققا چىقارغانىدى.

لېكىن، بۇ تاغا ئۇ ئاللاھ رەسۇلى بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دۈشمەن بولدى. بۇ شۇنداق بىر دۈشمەنلىك ئىدىكى، يات دۈشمەنلىرىگە بولغان دۈشمەنلىكتىنمۇ نەچچە ھەسسە قاتتىق ئىدى.

جىيەنى بىلەن ئىمان ھەققىدە بازارلىق قىلىپ، ئۇ « مەن ئىمان ئېيتسام نېمىگە ئېرىشىمەن؟ » دەپ سورىدى. جىيەنىنىڭ « باشقىلارغا نېمە بولسا، ساڭىمۇ شۇ بار » دېگەن جاۋاپىنى ئاڭلاپ، « مېنى ھەممە ئادەم بىلەن بىر قاتاردا كۆرگەن دىن دىن بولامدۇ؟ » دەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولىدىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، ئۆزگەرگەن نېمە ئىدى؟

ئۆزگىرىش، پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشى بولغانلىقى ئىدى.

## ئاللاھ رەسۇلىنى ئاكتىپ ياخشى قىلغان قۇرئان ئىدى

ھېچكىمنىڭ ئىشىغا ئارلاشمايدىغان، ھەتتا باشقىلارنىڭ توخسىنىمۇ «تاخە!» دېمەيدىغان بىرى بار ئىدى. قىرىق يېشىغىچە بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقى، نىزالاشقانلىقى، ئارىسىدا سۈركۈلۈش بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر گەپ – سۆز يوق ئىدى. ئىجتىمائىي بىر تەلپىمۇ يوق بولۇپ، كىشىلەرگە ھۆكۈمدار بولۇش ئارزۇسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ دىنىي ئۆلىمالار ياكى ئۇلارنىڭ رولىنى ئوينىغان شائىرلار، قامانلار، كاھىنلار، مەدداھلار ۋە قىسسەچىلەر سىنىپىغا تەۋە بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ داۋاسى، داۋاسىنىڭ بولماسلىقى ئىدى. مىسسىيونىرلىق داۋاسىمۇ يوق، بىر نىشانىمۇ يوق بىر كىشى ئىدى. ئۇ جىمغۇر، ئېغىر – بېسىق، ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئاۋارە بىر كىشى ئىدى. مەلۇم بولغان بىر ئالاھىدىلىكى، تۇغۇلۇشتىن كەلگەن ئەخلاقى ئارتۇقچىلىقى ۋە گۈزەللىكى ئىدى.

بىر كۈنى بىرى ئۇنىڭغا بىر ئەمىر ئېلىپ كەلدى. ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى بولغان پەرىشتە، ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى بولغان ئىنسانغا «ئوقۇ!» دېگەنىدى. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر ئەمىر ئالغانىدى: «تۇر!».

ئۇ ياتقان ئورنىدىن تۇردى:

ئۆزىنى چەتكە ئالغان شەھەرگە قايتتى.

ئۆزگە ئارامگاھ بولغان بۇ غارغا شۇنىڭدىن كېيىن قەدەم باسمىدى.

سۈكۈتىنى بۇزدى، توختىماستىن خىتاپ قىلاتتى. ئۇ، ئالدىدا خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەت باردەك خىتاپ قىلاتتى: «ئەي ئىنسانلار! لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەڭلار ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىڭلار» دەيتتى.

كۆرمەسكە سېلىۋاتاتتى، ئۇ توختىماي ئىلگىرىلەيتتى.

مەسخىرە قىلاتتى، ئۇ تەبەسسۇم قىلاتتى.

تۆھمەت قىلاتتى، ئۇلارغا پەرۋا قىلاتتى.

ھاقارەت قىلاتتى، ئۇ قۇلاق سالمايتتى.

تۇكۇرۇك يامغۇرىغا تۇتاتتى، ئۇ توختىماي ھەقنى ئاڭلىتاتتى.

تاش ئاتاتتى، ئۇ ئۇلارغا ئۆرۈلۈپ قاراپ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمايتتى.

ھۇجۇم ئۇچرايتتى، ئۇ قول ياندۇرۇپمۇ قويمايتتى ۋە پەقەت « رەببىم » دەيتتى.

ئۆلۈمى ھەققىدە پەرمان چىقاردى، ئۇ بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمىدى.

ئۇ، شۇنداق بىر ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئورنىدىن تۇرغان پېتى ۋاپاتىغىچە ئولتۇرمىغانىدى ( داۋاسىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى ).

سۇئال: دۇنيانىڭ ئەڭ ئېغىر - بېسىق، ئەڭ جىمغۇر، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە كىشى بولغان ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنى، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىمان ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئالەملەرگە رەھمەت بولغان ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئايلاندۇرغان نېمە ئىدى؟

جاۋاپ: بىر كەلىمە بىلەن ئېيتساق، قۇرئان ئىدى.

ئۇنداقتا، بۇ قانداق بولغانىدى؟

مۇنداق بولغانىدى.

## تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئاكتىپ ئىنسان ئېڭىنى بەرپا قىلىشى

جۈمللەرئىككىگە بۆلىنىدۇ:

1. خەۋەر جۈملىسى، پاسسىپ جۈملە.
2. بەرپا قىلىش / يارىتىش جۈملىسى، ئاكتىپ جۈملە.

23 يىل داۋام قىلىدىغان قۇرئان ۋەھيىنىڭ نازىل بولىشى، ئاكتىپ بىر جۈملە بىلەن باشلانغانىدى: « ئوقۇ! » دەپ ئەمىر قىلغۇچى ئاللاھ، بۇ ئەمىرنى تاپشۇرۋالغۇچى رەسۇلۇللاھ بولۇپ، قىلىدىغان ئىش « ئوقۇش » ئىدى. بىر نەرسە كەم قالغانىدى، يەنى ئوقۇيدىغان نەرسە. « ئوقۇ! »، ئەمما نېمىنى ئوقۇ؟ جۈملىنىڭ ئىككىنجى تولدۇرغۇچىسى يوق. مانا بۇ خىل ئەھۋالدا كۆچكە ئىگە بولىدىغان ئەرەپچىنىڭ بىر گىرامماتىكىلىق قائىدىسى بار: قوش تولدۇرغۇچىلىق پېئىللاردا، ئىككىنجى تولدۇرغۇچى بايان قىلىنمىغان بولسا، بۇ « ھەممە نەرسە » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

نېمىنى ئوقۇيمەن؟

ھەممە نەرسىنى ئوقۇ؟

ئوقۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئاكتىپ ئوقۇش؛ ئىككىنجىسى، پاسسىپ ئوقۇش.

« ئوقۇ! » ئەمرى، بىر ئاكتىپ ئوقۇش ئەمرى. رەسۇلۇللاھقا « پاسسىپ ئوقۇشتىن ئاكتىپ ئوقۇشقا ئۆت! » ئەمرى ئىدى بۇ. شۇڭا بۇ ئەمىر قىسقىغىنە بۇ بۆلۈمدە ئىككى قېتىم كېلىدۇ. بۇ، ھەرگىزمۇ ئىككى ئەمىرنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. باشتىكى « ئوقۇ! » ئەمرىدە، كىمنىڭ نامىدىن ئوقۇيدىغانلىقى ئۆگىتىلمەكتە: « ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ». كېيىنكىسىدە، ئىسمى بىلەن ئوقۇغان رەببىنىڭ كىملىكى ئۆگىتىلمەكتە: « سېنىڭ رەببىڭ چەكسىز كەرەم ئىگىسىدۇر...».

پاسسىپ ئوقۇش، ئوقۇۋاتقان نەرسە ئالدىدا جىسمىغا / شەيئىگە ئايلىنىش بولۇپ، شەيئىگە ئايلانغان كىتاپخان، ئوقۇغاننى قىممەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ. ئاكتىپ ئوقۇش، ئوقۇۋاتقان نەرسە ئالدىدا ئۇنىڭ ئىگىسى بولۇش بولۇپ، ئىگە / بەلگىلىگۈچى بولغان ھالدا ئوقۇغان كىشى، ئوقۇغانلىرىدىن قىممەت يارىتىدۇ. بىلىم يارىتىلمىغان بولسا، ئۇ ئىستىمال قىلىنىۋاتىدۇ، تۆگىتىلىۋاتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. پاسسىپ ئوقۇغان كىشى، ئوقۇغان تېكىستىنمۇ پاسسىپ / ئۆلۈك ھالغا كەلتۈرىدۇ.

ئاكتىپ ھالدا ئوقۇغان كىشى، ئوقۇغان تېكىستنى ئاكتىپ / تىرىك ھالغا كەلتۈرىدۇ.

ئاكتىپ ئوقۇشتا، ئوقۇش ئىككى ئىگە ئارىسىدا دىئالوگ قۇرۇش بولۇپ، بۇنداق ئوقۇۋاتقان كىشى بىلەن ئوقۇنغۇچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، شائىر بىلەن كۆڭۈل ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ:

يىغلاي قۇلاق سالغىن كۆڭۈل، قۇلاق سالاي يىغلىغىن كۆڭۈل،

كەل بىرگە كۆيەيلى، يەنە سەن بىلەن بىرگە كۆڭۈل.

ئاكتىپ ئوقۇشتا، بىر تەرەپتىن سەن ئوقۇيسەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇۋاتقان نەرسە تەرىپىدىن ئوقۇلىسەن ( ئۇ سېنى ئوقۇيدۇ ). سەن سورىساڭ ئۇ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇ سورىسا سەن جاۋاب بېرىسەن. ئۇ ساڭا نازىل بولىدۇ، سەن ئۇنىڭغا نازىل بولىسەن. ئۇ سېنىڭ كەلىمەڭ بولىدۇ، سەن ئۇنىڭ كەلىمىسى بولىسەن.

ئاكتىپ ئوقۇشتا، « ئوقۇدۇم » دېيەلمەيسىز. « ئوقۇدۇم » دېگەنلىك، « تۈگەتتىم » دېگەنلىك بولىدۇ. ئاكتىپ ئوقۇشتا ئوقۇپ تۈگىتەلمەيسىز، ئاخىرلاشتۇرالمايسىز. چۈنكى، تۈگىتىش ئۈچۈن ئوقۇمايسىز. پەقەت سىز ئاخىرلاشتۇرسىڭىز، ئۇ ئاخىرلىشىدۇ. « تۈگىدى » دېگەنلىك « تۈگىدىم » دېگەنلىك بولىدۇ، بۇنى ئوبدان بىلىسىز. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەكسىچە قىممەت يارىتىش ئۈچۈن ئوقۇيسىز. شۇڭا دائىم ئوقۇيسىز، ئۈزلۈكسىز ئوقۇيسىز... ئاكتىپ ئوقۇش، ئوقۇغاننى تۈگىتىش ئەمەس، ئەكسىچە قىممەت يارىتىشتۇر. بۇنى چۈشىنىسىز.

## مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشىنى بەرپا قىلىشى

سۈرە « يا ( ئەي ) » نىداسى بىلەن باشلىنىدۇ. نىدا جۈملىسى قۇرغۇچى جۈملە بولۇپ، يەنى پاسسىپ ئەمەس ئاكتىپ جۈملە. « سەن

ئەي!... » دەپ خىتاپ قىلىنغان كىم؟ كىم ئوقۇۋاتقان بولسا ئۇ. بۇ نىدانىڭ تۇنجى مۇھاتابى، ۋەھيىنى تۇنجى ئوقۇغان ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئىدى. ئۇنىڭغا « تۇر! » دەۋاتاتتى ۋەھيي؛ « كېچىنىڭ بىر ۋاقتىدا ».

ئاللەملەرگە رەھمەت بولغاننى كېچىدە ئويغۇتۇپ نېمە قىلاتتى؟

ئۇيقۇنى قانداق تىزگىنلەشنى ئۆگىتەتتى.

چۈنكى، كېچىسىنى ياخشى ئىدارە قىلالمىغان كىشى، كۈندۈزىنى ئىدارە قىلالمايدۇ. ئۇيقۇسىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلالمىغان كىشى، ۋەھيىنىڭ تىزگىنىگە ئۆزىنى تاپشۇرالمايدۇ. كۈندۈزىنىڭ مۇجاھىدى بولۇش، كېچىنىڭ ئابىدى بولۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

مۇززەممىل سۈرىسىدە باش قىسمىدا يەر ئالغان 11 ئايەتتە دەل 11 بۇيرۇق پېئىلى بار:

تۇر!

ئازايت!

ئاشۇر!

ئۆزلەشتۈرگەن ھالدا ئوقۇ!

رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەت!

ئۆزەڭنى ئاللاھ قا ئاتا!

رەببىڭنى ھامىي قىل!

ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە سەبىر قىل!

گۈزەل بىر ھىجرەت بىلەن ھىجرەت قىل ( ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەت )!

يالغانغاچىقارغانلارنى ماڭا ھاۋالە قىل!

ئۇلارغا بىر ئاز مۆھلەت بەر!

بۇيرۇق يامغۇرى دېسەكمۇ بولىدۇ... ھەر ئەمىر، پاسسىپ ھالدىن

ئاۋانگارت ھالغا ئۆتۈشكە چاقىرىق... ھەر ئەمىر، زامانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى نەرسە بولۇشتىن، زامانىنىڭ ئىگىسى بولۇشقا بىر دەۋەت ئىدى.

## مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشىنى بەرپا قىلىشى

مۇددەسسىر سۈرىسىمۇ مۇززەممىل سۈرىسىگە ئوخشاش ئەمىر يامغۇرى بىلەن باشلىنىدۇ. دەسلەپكى يەتتە ئايەتتە دەل يەتتە بۇيرۇق پەيئىلى بار:

تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر!

رەببىڭنى ئۇلۇغلا!

كىيىمىڭنى پاكىز تۇت!

يامانلىقلاردىن يىراق تۇر!

ياخشىلىق قىلىشنى جاھاندارچىلىققا ئايلاندۇرۇۋالما ( كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە )!

رەببىڭ ئۈچۈن سەبىر قىل!

ھەر بۇيرۇق، پاسسىپلىقتىن ئاۋانگارتلىققا بىر چاقىرىق...

سۈرە« يا ( ئەي ) » نىداسى بىلەن باشلىنىدۇ ۋە ئارقىسىدىن « قۇم ( تۇر )! » بۇيرۇقى كېلىدۇ: « تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر! ». بۇ پەقەت ئاكتىپ بول ئەمرى بولۇپ قالماستىن، ئاكتىپ قىل بۇيرۇقى ئىدى. بۇ پەقەت « ئاگاھلاندۇر » بۇيرۇقى بولۇپلا قالماي، « ئويغات » ئەمرى ئىدى. بۇ پەقەت « ھەرىكەتكە ئۆت » ئەمرى بولۇپلا قالماستىن، « ھەرىكەتكە كەلتۈر » بۇيرۇقى ئىدى.

بۇ بۇيرۇقنى ئالغان رەسۇلۇللاھ، بۇيرۇقنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ۋە ياخشىلىقنىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇش ئۈچۈن

غەيرەت قىلىشقا باشلىغانىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممە ئىش ئۆزگەردى. ئۇ كۆڭگىچە قۇرەيشىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ تىنچلىقپەرۋەر كىشىسى، بىردىنلا « يالغانچى »، « ساراڭ »، « خاتىرجەملىكنى بۇزغۇچى » ۋە « تانغۇچى ( دىنىدىن ) » بولۇپ قالغانىدى. رىسالەتتىن بۇرۇنقى ھاياتىدا ئۇنىڭغا پۈتلىشىپ قېلىشنى خىيالمۇ قىلىپ باقمىغانلار، ئۇ ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولغان كۈندىن تارتىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇردى.

نېمە ئۈچۈن؟

سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق. ۋەھيى، پاسسىپ ياخشىنى ئاكتىپ ياخشىغا ئايلاندۇرغانىدى. ياتقان ياخشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ كوچىغا چىقىپ ھەقنى سۆزلەتكۈزگەنىدى. نۇرى ئۆزگىمۇ يەتمەيۋاتقان چىراغقا، پۈتمەس - تۈگىمەس بىر ئېنېرگىيە بېرىپ، ئۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەشئەل بولغان كۈچلۈك چىراق ھالىغا كەلتۈرگەنىدى.

## فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشى بەرپا قىلىشى

فاتىھەنىڭ يېرىمى ھەمدۇسانا، يېرىمى دۇئا. دۇئا قىسمى، « بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن » دۇئاسى بىلەن باشلايدۇ. بۇ ھىدايەت تەلىپى ئىدى.

پاسسىپ بولغانلار تەلەپ قىلمايدۇ. تەلەپ قىلغۇچىلار ھەرىكەتكە ئۆتكەنلەر بولۇپ، قۇرئان بۇ دۇئانى ئۆگىتىش ئارقىلىق، مۇئمىن مۇھاتابىغا مۇنداق دەيدۇ:

« ھەرىكەتكە ئۆت، ئەمدى! »

« ھىدايەت ئاللاھ تىن » دەپ ئولتۇرۇپ، ھىدايەت كۈتۈپ دات بېسىپ كەتكەن ئەقىلگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى بۇ: « ھىدايەت ئاللاھ تىن، تەلەپ قىلىش سەندىن » ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى. تەلەپ

قىلمىغانلارغا ھىدايەت يوق. ئۇنداقتا ھىدايەت پاسسىپلارنىڭ ئەمەس، ئاكتىپلارنىڭ ھەققى. ھىدايەت « ئىلاھىي يېتەكچىلىك » دېگەنلىك بولىدۇ.

يېتەكچىلىك، يول كۆرسىتىش بولۇپ، يولۇچى بولمىغانلارغا يول كۆرسىتىلمەيدۇ. يولۇچى يولغا چىقىدۇ. يولۇچى بولۇش ئاكتىپ بولغانلىق بولىدۇ.

فاتىھە سۈرىسى، قۇرئاننىڭ كىرىش سۆزى. ھايات يولۇچىسى بولغان ئىنساننىڭ يولىنى ئاچىدۇ. فاتىھە يول كۆرسەتكەن ئىنسان، ئاكتىپ ئىنسان بولۇپ، يولغا چىقمىغان پاسسىپ كىشىگە، فاتىھە بىر نەرسە دېمەيدۇ.

دەسلەپ نازىل بولغان تۆت سۈرە ئاساسىدا، ۋەھىينىڭ ئاكتىپ ياخشىنى قانداق بەرپا قىلغانلىقىنىڭ ئۈرنىكىنى كۆرسەتتۇق. ئەگەر ئىمكانىمىز بولغان بولسا، 114 سۈرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاكتىپ ياخشىنى قانداق بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتەتتۇق.

ئەي ئىلىم تالىبى! ئاكتىپ ياخشى بولماقچى بولساڭ بۇ ئۈرنەكلەرگە قارا، قالغىنىنى سەن تەسەۋۋۇر قىل! شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ۋەھىي، پاسسىپ ياخشىلارنى ئاكتىپ ياخشىلاردىن قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. ئۇ ۋەھىينىڭ ئەمرلىرىدىن بىرسى « ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش » بۇيرىقى.

## ئەل - ئەمر بىلمەئرۇف بۇيرىقى « ئاكتىپ ياخشى بول! » ئەمرىدۇر

كۆنىمىزدە « يۈتۈك پەرز » ھالىغا چۈشۈپ قالغان بىر ئىبادەت بار: ئەل – ئەمر بىلمەئرۇف ۋەن نەھي ئەنىل مۇنكەر. بۇ، « مەئرۇف بولغانغا بۇيرۇش، مۇنكەر بولغاننى توسۇش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ

يەردىكى ئەمر، جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ بەزىدە « تەكلىپ » ۋە « تەۋسىيە » نى، نەھي جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ « ئالدىنى ئېلىش » ۋە « ئۆزىنى تارتىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەل — ئەمر بىلمەئرۇف ۋەن نەھي ئەنىل مۇنكەرنىڭ مەنىسى « ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلاش » بولىدۇ.

مەئرۇف ـ « ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەتلەر » دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق زامان ۋە ماكانلاردىكى ئورتاق ھەقىقەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توغرىلار ھېچقانداق زامان ۋە ماكانغا ئائىت بولمايلا قالماستىن، ھېچقانداق مىللىي، دىنىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي سىنىپ ياكى گورۇپپىنىڭ مېلى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ۋە ئۆزگەرمەس قەدرىيىتى.

مۇنكەر ـ « ھەممىگە مەلۇم بولغان خاتالىقلار » دېگەنلىك بولىدۇ. مەئرۇفنىڭ زىتى. ئىنسانىيەتنىڭ، بارلىق زامان ۋە ماكانلىرىدىكى ئورتاق خاتالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئورتاق توغرىلارنى تەۋسىيە قىلىش، ئورتاق خاتالىقلاردىن ساقلاپ قېلىش، ھەر مۇئمىننىڭ ئىمكانىيىتىگە ماس ھالدا قىلىشى زۆرۈر بولغان بىر ئىبادەت.

قۇرئان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساشنى سەككىز قېتىم تەكرارلايدۇ.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساش، « پاسسىپ ياخشى بولما، ئاكتىپ ياخشى بول! » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ياخشى بولۇش ئايرىم، ياخشىلىقنى كۆپەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئايرىم بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەسكى بولماسلىق ئايرىم، يامانلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئايرىم. ياخشى بولۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، ياخشىلىقنى كۆپەيتمەسلىك؛ يامانلاردىن بولماسلىق بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، يامانلىقنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق، پاسسىپ ياخشى بولۇشتۇر.

ۋەھيي، مۇئمىن ئەر ۋە ئاياللارنى بىر - بىرلىرىنىڭ دوستى دەپ جاكارلايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئىمان مۇئمىنلەر ئارىسىدا ئالاھىدە بىر دوستلۇق بېغى شەكىللەندۇرىدۇ. بۇ دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى، مەزكۇر ئايەتكە ئاساسەن: « ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ » (9:71).

بۇ ۋەزىپە مۇئمىنىنىڭ ھەم ئىنسان ھەم ئىسلام قېرىنداشلىرىغا قارىتا، ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان بىر ۋەزىپە. ئەگەر بۇ، ئىنسان قېرىنداشلىقى ئۈچۈن قىلىنغان بولسا « دەۋەت »، ئىمان قېرىنداشلىقى ئۈچۈن قىلىنغان بولسا، « ئەمر بىلمەئرۇف » دېيىلىدۇ. ياخشىلىقنى ئومۇميلاشتۇرۇپ « ئورتاق ياخشى » ھالىتىگە كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىشغال قىلىۋالغان « يامانلىق »نى كارانتىنغا ئالغانلىق بولىدۇ... چۈنكى، يامانلىق، جەمئىيەت ۋە شەخسنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدىغان مەنىۋي كېسەللىك.

بۇ ۋەزىپە، ياخشىلىقنى كۆپىيىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ، يامانلىق قىسىر بولىدۇ. ئەمر بىلمەئرۇف مەسئۇلىيىتى، ئاڭ تۇرغۇزۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ تەبىئىي بىر پارچىسى. كۈنىمىزدە، مۇئمىنىنىڭ بۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق. چۈنكى، نەشر – ئەپكار تېخنىكىسى بىلەن بىرگە، ئۈچۈر – ئالاقە تېخنىكىسى ياراتقان ئىمكانىيەتلەر، يامانلىقنىڭ، خاتانىڭ، ناچارنىڭ يېيىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەندەك، توغرا ۋە گۈزەلنىڭ ئومۇميلىششىغىمۇ ئىمكان يارىتىپ بەرمەكتە.

رەسۇلۇللاھ، بۇ ئىلاھيي ئەمرنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان:« سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرگەندە، ئۇنى قولى بىلەن توسسۇن. ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن توسسۇن. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، قەلبىدە نارازى بولسۇن. مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىپادىسى ».

ئەل ئەمر بىلمەئرۇف ئەمرى، تەرەپتار بولۇش ئەمرى. چۈنكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەسىلىسىدە بىتەرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ

مەسلىلەردە بىتەرەپ بولغۇچى، بىر تەرەپ بولىدۇ ( زىيان تارتىدۇر ). ھەر قانداق بىر جاي، ھەر قانداق بىر زاماننىڭ نەمرۇتى، دەۋرىنىڭ ئىبراھىمى ئۈچۈن گۈلخان ياققان بولسا، قالغاچ ياكى يىلان رولىدىن بىرىنى ئوينىشى مۇقەررەر بولىدۇ. قالغاچ تۇمشۇقى بىلەن سۇ توشىيدۇ، يىلان گۈلخاننى يالقۇنلىتىش ئۈچۈن پۈۋلەيدۇ. قالغاچتىن كۈتۈلىۋاتقان نەمرۇتنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئەمەس. بۇنى ئۇمۇ بىلگەنلىكى ئۈچۈن جاۋابىمۇ ئېنىق: « سېپىم مەلۇم بولسۇن ». ئاكتىپ ياخشى بولۇش، ياخشىلىق سېپىدە ۋە قولىدىن كەلگەننى ئادا قىلىشتۇر.

ئۇنداقتا، ئاكتىپ ياخشىلارنى پاسسىپ ياخشىلاردىن قانداق ئايرىيمىز؟ ئاكتىپ ياخشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېمىلەر؟ ئەمدى بۇ سۇئاللارنىڭ جاۋابىغا ئۆتەيلى.

## پاسسىپ ياخشى بىلەن ئاكتىپ ياخشى ئارىسىدىكى پەرقلەر

پاسسىپ ياخشى بىلەن ئاكتىپ ياخشى تەڭ بولمايدۇ. قانداقمۇ تەڭ بولسۇن؟ يۈگۈرگەنلەر بىلەن ماڭغانلار تەڭ بولمىغان يەردە، ئولتۇرغانلار بىلەن يۈگۈرگەنلەر قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟ پاسسىپ ياخشى ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلار بولۇپ، ئاكتىپ ياخشىلار باشقىلارغىمۇ ياخشى بولغان كىشىلەر. پاسسىپ ياخشى ھەسانات ساھىبى، ئاكتىپ ياخشى سالىھات ساھىبى كىشىلەردىن ئىبارەت. ئەمدى پاسسىپ ياخشى بىلەن ئاكتىپ ياخشىنى بىر – بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق پەرقلەرگە قاراپ باقايلى:

پاسسىپ ياخشى پاسسىپ ئىمان، ئاكتىپ كىشى ئاكتىپ ئىمانغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

پاسسىپ ئىمان، ئىمان ھېسابلىنامدۇ؟ دېگەن سۇئالغا، ياق، ئىمان ھېسابلانمايدۇ دېيىش ھەددىمىز ئەمەس. رەببىمىز، بۇزۇلغان بولسىمۇ

ئىماننى ئىنكار قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ ( 5:5 ). شۇنداقتىمۇ، ئۆزى سالىھ ئەمەل قىلدۇرىدىغان ئىمان بىلەن سالىھ ئەمەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلمايدىغان ئىماننى ئوخشاش قاتاردا كۆرمەيدۇ.

ئىمانمۇ، ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئىمان دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

بىر ئىمان تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ساھىبىنىڭ كۆڭلىگە شاتلىق، كۆزىگە نۇر بەخش ئەتمەيدۇ. ئەقلىنى ۋە ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرمەيدۇ. تىلىغا ھەقىقەت، قولىغا كۈچ — قۇۋۋەت بولمايدۇ. پۇتىغا دەرمان، ۋىجدانىغا پەرمان بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر ئىمان ئاكتىپ ئەمەس، پاسسىپ ئىمان بولىدۇ.

ئىمان ئاكتىپ بولسا، يۈرەككە سۇلتان بولىدۇ. پاسسىپ بولسا، يۈرەك ئۇنىڭغا زىندان بولىدۇ. ئىمان ئاكتىپ بولسا يۈرەكنى يۇدىيدۇ، پاسسىپ بولسا ئىمان يۈرەكنىڭگە يۈك بولىدۇ.

ئىمانى ئاكتىپ بولغاننىڭ ئۆزى پاسسىپ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئىمانى ئۇنى توختىتالمايدۇ. خۇددى ئىمان رەسۇلۇللاھنى توختىتالمىغاندەك... ئاللاھ ئۇنىڭغا تۇر! دېدى، ئورنىدىن شۇنداق بىر تۇردىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ ئولتۇرۇپ قالمىدى. بارلىقىنى ئاللاھ داۋاسىغا ئاتىدى. پەقەت ئۆزىلا تۇرمىدى، ياتقان ياخشىلارنىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. پەقەت ئۆز ھاياتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، مىراس قالدۇرغان ئۆرنەك ھايات ئارقىلىق، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مىليۇنلىغان كىشىلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشنى داۋاملاشتۇردى.

پاسسىپ ياخشى ئىككى كۈنى ئوخشاش بولغانلار بولۇپ، ئاكتىپ ياخشىلارنىڭ ئىككى كۈنى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئىككى كۈنى ئوخشاش بولغانلار پاسسىپ ياخشىلار. ئىككى كۈن ئادەتتىكىدەك بىر ئىپادىلىنىش بولۇپ، پاسسىپ ياخشىنىڭ ئىككى ئېيى، ئىككى يىلىمۇ ئوخشاش بولسا بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئاكتىپ ياخشىنىڭ ئىككى كۈنى ئوخشاش بولمايدۇ، بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاكتىپ ياخشى، ياخشىلىق ياراتماي تۇرالمايدۇ. ياخشىلىقتىن باشقا

نەرسىگە ۋاقىت ئايرىمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئاكتىپ ياخشىلار غەيۋەت، ھەسەت ۋە تۆھمەتكە يېقىن يولىمايدۇ.

سەپەرگە ئاتلانغۇچىنىڭ دەردى سەپەر بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ يولنى يېتىش ئۈچۈن ئىشلەتمەيدۇ، مېڭىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بەزىلەر يول ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ يولغا راۋان بولىدۇ. بەزىلەر يولدا ياتقاندا، ئاكتىپ ياخشىغا كارۋىنى قاتتىق تۇيۇلىدۇ، ياتقۇزمايدۇ.

سەپەرگە ئاتلانغۇچىنىڭ دەردى سەپەر بولىدۇ. ئۇنداقتا، يولغا چىقالمىغانلارنىڭ دەرد نېمە؟ يولغا راۋان بولغانلار. « ئىت ھۈرەر كارۋان يۈرەر » دېگەن ماقال بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەڭ پاساھەتلىك ئىپادىسى. ئاكتىپ ياخشى ھەسەت قىلغۇچىسىنى، دۈشمىنىنى، رەقىبىنى نېمەتكە ئايلاندۇرىدۇ. قانداق قىلىپ دەمسىز؟ مەسىلەن، باسقان مۇساپىسىنى يولدا ياتقانغا قاراپ ئۆلچەيدۇ. ھەسەتچىلەرنىڭ ۋە رەقىبلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى، سەپىرىنى ئاستىلاتقان ئەتراپىدىكى ئىچى بوش كىشىلەرنى، شاللاپ چىقىرىۋەتكەن يوشۇرۇن بىر ئىلاھىي مۇكاپات دەپ قارايدۇ.

پاسسىپ ياخشى ھەسەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆزى ياتقان بولۇپ، ياتماي توختىماستىن ياخشىلىق يارىتىۋاتقانلار ئۇنىڭغا ئاغرىنغا پۈتلىشىدۇ. ئاكتىپ ياخشىلار ھەسەت قىلىنغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇ ئاكتىپ بولۇپ، تىرىشچانلىق ئىچىدە. ئۇ ئۆزى سەپەردە بولۇپ، سەپەر ئۈستىدىكى يولۇچى. يولۇچىنىڭ پۇتى يارىلىنىدۇ، قاپىرىدۇ، بىلىكى قايرىلىدۇ، تىزى ئاغرىيدۇ. يولۇچىنىڭ بۇ ئەھۋالى پاسسىپ ياخشىنىڭ غەيۋەت دەسمىسى بولىدۇ. پاسسىپ ياخشىنىڭ بۇ ھالىتى، ئۇنىڭغا ۋىجدانىغا بەرگەن تەسەللىسى، ئۈستىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ پاسسىپ ھالدا تۇرىشىغا قارشى چىققان ۋىجدانىنىڭ چۇقانلىرىنى، پەقەت بۇ شەكىلدە باستۇرماقچى بولىدۇ. ئاكتىپ ياخشىلار ياخشى ئىش قىلىش جەريانىدا سادىر قىلىپ سالغان خاتالىقلار، پاسسىپ ياخشىلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە تەسەللى ۋە ئۆزلۈرى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز غەنىمەتكە ئايلىنىدۇ. پاسسىپ ياخشى ئۆزى بىلەن چەكلىنىدۇ، ئاكتىپ ياخشى ئۆرنەك بولىدۇ:

شەخس پاسسىپ بولىدۇ، شەخسىيەت ( خاراكتېر ) ئاكتىپ بولىدۇ. چۈنكى شەخسنىڭ داۋاسى « مەن »، شەخسىيەتنىڭ داۋاسى « بىز » بولىدۇ. شەخس ئۆزىنىلا ئويلىغۇچى بولۇپ، شەخسىيەت ئۆزىدىن بۇرۇن باشقىلارنى ئويلايدىغانلاردۇر. شەخسكە كۆرە، ئۆز كېمىسىنى قۇتقۇزىۋالغۇچى كاپىتان بولىدۇ. شەخسىيەتكە كۆرە، فىلونى قۇتقۇزىۋالغۇچى كاپىتان بولىدۇ. شەخس « مەن تۇيغۇسى » بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. شەخسىيەت « مەن ئىدراكى » بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

مەن تۇيغۇسى، ئىگىسىنى شەخسىيەتچى قىلىدۇ. شەخسنىڭ بەندىچىلىكى ۋە ئىبادىتىگىمۇ شەخسىيەتچىلىك سىڭىپ كېتىدۇ. مەنپەئەت ئۈچۈن بەندىچىلىك قىلىدۇ، جەننەت ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىپادىسى بىلەن، ئۇنىڭ ئاللاھ قا بەندە بولىشى سودىگەرنىڭ بەندىچىلىكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. مەن ئىدراكى، ئىگىسىگە ئائىت بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى نەزەردە تۇتۇشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدىكى ئورنىنى بىلىشنى، تېپىشنى ۋە رازى بولىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دېڭىزغا بىر تامچە بولۇپ قوشۇلسۇنكى، مەن دېڭىز دېيىشكە ھەققى بولسۇن!

پاسسىپ ياخشىنىڭ ئەقلى، ئىرادىسى ۋە ۋىجدانىمۇ پاسسىپ بولىدۇ.

ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان پاسسىپ بولسا، يوق ئورنىدا بولىدۇ. ئەقلى يوقنى « ساراڭ » دەپ ئاتايمىز، ئەقلى بار تۇرۇپ ئىشلەتمىگەننى « ئەقىلسىز » دەپ ئاتايمىز. ئىرادىسىز دەپ ئاتالغانلار ئىرادىسى يوقلار ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىرادىسىدىن پايدىلانمىغانلاردۇر. ۋىجدانسىزلار دەپ ئاتالغانلارمۇ ۋىجدان نېمىتىنى ئىشلەتمىگەن كىشلەردىن ئىبارەت.

پاسسىپ ئەقىل، كارغا كەلمەيدىغان ئەقىل بولۇپ، كارغا كەلمەيدىغان، پايدىسىز نەرسە باتىل بولىدۇ. ئەقىلنى ئىلىم، ئىرفان، ھېكمەت، ئەقلىيەت، ۋەھيي بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك. پاسسىپ ئىرادە، يوق ھېسابلىنىدۇ. ئىرادىنى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقنى

بىلىدىغان بىر ئىرادە بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك. قەتئىي قارار ۋە چىدام بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم. پاسسىپ ۋىجدان، يوق ھېسابلىنىدۇ. ۋىجداننى مېھرى — مۇھەببەت، شەپقەت، مەرھەمەت، فىترەت، ئەخلاق بىلەن جابدۇش لازىم.

ئەي تالىپ! ۋىجدانىڭغا قارا، ئۇ يەردە قۇرئان بار. قۇرئانغا قارا، ئۇ يەردە ۋىجدان بار.

پاسسىپ ياخشى كۆرۈنۈشنى تاللىغان، ئاكتىپ ياخشى تىلى ۋە ھەرىكىتى بىردەك بولۇشنى تاللىغان ياخشىدۇر.

كۆرۈنۈش ۋە ياخشى بولۇشتا؛ ئاكتىپ ياخشى، ياخشى بولۇشنى تاللايدۇ.

كۆرۈنۈشنى تاللىغانلارنىڭ ئىشى ئاسان بولۇپ، شەكلىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ ۋە ئىشى تۈگەيدۇ. ئىش قىلىشنى تاللىغۇچىنىڭ ئىشى تەس. قەيەردە ئاسان ئىش بولسا، ئۇنىڭغا پاسسىپلار خېرىدار بولىدۇ. قىيىن ئىشلار ئاكتىپلارغا قالىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن بىر « يېتەر » نۇقتىسى يوق. « يېتىدۇ، بولار » دېگەن تۈگىشىدۇ. شۇڭا ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشنى تاللىغانلارنىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ.

پىشمىغان ئۈزۈمنى ئېلىپ قىزىل رەڭگە چېلىسىڭىز، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆزگۈرىدۇ، ئەمما تەمى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ يەنىلا توك ئۈزۈم. لېكىن، ئۇنىڭ توك ئۈزۈم ئىكەنلىكىنى پەقەت يېگەن ۋاقتىڭىزدىلا بىلەلەيسىز. ئۇنىڭغا يىراقتىن قارىغانلار، ئۇنى ئۈزۈم دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ گۇمان ساختا بىلىمدىن ئىبارەت. بۇ يىراقتىن قارىغاننىڭ جازاسى.

قانداق بولغان بولسىڭىز، شۇ پېتى كۆرۈنۈڭ، سۆز ۋە ھەرىكىتىڭىز بىردەك بولسۇن، دەيمەن. لېكىن، تاشقىي كۆرۈنىشىڭىزدەك بولۇڭ، دېمەيمەن. قانداق بولىشىڭىز كېرەك بولغان بولسا، شۇنداق بولۇڭ، دەيمەن. پاك بولۇشنى تاللىغۇچىلار، گېلەمنىڭ ئاستىنىمۇ سۈپۈرىدۇ. پاكىز كۆرۈنۈشنى تاللىغۇچىلار، ئەخلەتنى گېلەمنىڭ ئاستىغا سۈپۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا، شەكىلۋاز بولۇش بىلەن ئەستايىدىل بولۇش

ئارىسىدىكى پەرقتەك چوڭ پەرق بار.

شەكىلنى تاللىغۇچىلارنىڭ، ئاللاھ نىڭ باسىر ئىسمى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە مەسىلە بار. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، تاشقى كۆرنۈش ئۈچۈن بۇنچە ئۇرۇنۇپ كەتمەيتتى. چۈنكى، بەسىر بولغان ئاللاھ، ھەر نەرسىنى ناھايىتى ئوبدان ( تەپسىلي ) بىلگۈچىدۇر.

پاسسىپ ياخشى خەيرسىز، ئاكتىپ ياخشى خەيرلىكتۇر.

پاسسىپ ياخشى خەيرسىز بولىدۇ. چۈنكى، ئەجىر، ئەمگەك بولمىغان يەردە، غىزانىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. بىر نەرسىلەرنى بەرىكەتلىك قىلغان، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئەجىردۇر. ئاكتىپ ياخشى خەيرلىك ياخشى بولۇپ، ياخشىلىقنىڭ بەدىلىنى تۆلگەن. شۇڭا، پاسسىپ ياخشىلار نەتىجىگە قارايدۇ، ئاكتىپ ياخشىلار سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرگە قارايدۇ.

پاسسىپ ياخشى تەقلىتچى، ئاكتىپ ياخشى تەھقىقچى ( ئىزدەنگۈچى ) ياخشى

بۇ چۈشىنىشلىك بىر مەسىلە. چۈنكى، تەقلىد ئۈچۈن ئاكتىپچانلىقنىڭ زۆرۈرۈيىتى يوق. تەقلىدچىنىڭ قىممەت يارىتىش دەيدىغان بىر ئارزۇسى، دەردى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئاللىكىملەر تەييار قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ تەيياردىن قانچىلىك تۆگەتكەنلىكىگە قارايدۇ. تەھقىق ئۇنداق ئەمەس. ئەمگەك، غەيرەت، جاپا، سەبىر ۋە چىدام تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن، پاسسىپ ياخشى ئالغۇچى، ئاكتىپ ياخشى بەرگۈچى بولىدۇ. « سىلەردىن بىرىڭلار تۆگەڭلارنىڭ ئۇستىدىكى ۋاقتىتا، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قامچاڭلار چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى ( باشقىلاردىن ئېلىپ بېرىشنى ) تەلەپ قىلماسلىق ھەققىدە سىلەردىن بەيئەت ئالىمەن » دېگەن رەسۇلۇللاھ، يېنىدىكى كىشىلەرنى يۈك بولغۇچىلاردىن ئەمەس، ئەكسىچە يۈك كۆتۈرگۈچى كىشىلەردىن قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى.

پاسسىپ ياخشى مەسئۇلىيەتسىز، ئاكتىپ ياخشى مەسئۇلىيەتچان ياخشى.

پاسسىپ ياخشى مەسئۇلىيەتسىز بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ياخشى بولۇشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمىغان. ئەگەر ياخشى بولۇشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىغان بولسا ئىدى، پاسسىپ ياخشى بولۇشقا رازى بولمايتتى. ئاكتىپ ياخشى مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. پاسسىپ ياخشى « مېنىڭ نېمە كارىم » دېگەن ئىشلارغا، ئاكتىپ ياخشى « مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار » دېگەن تۇيغۇ بىلەن قارايدۇ.

ئەي تالىپ! ئۈستۈڭگە ئالدىغان رولنى تاللا. مەسئۇلىيەتچان بول! ياخشى بولۇشنى يېتەرلىك دەپ قارىما! پاسسىپ ياخشى بولۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالما! ئاكتىپ بول! « تۇر! » ئەمرىنىڭ مۇھاتابى سەن. تۇر ۋە تۇرغۇز! ئويغان ۋە ئويغات! ئويغان ۋە ئاگاھلاندۇر! چۈنكى، مانا بۇ سالىھ ئەمەل. سالىھاتقا تالىپ بولغۇچىلار، ھەسانات بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

## ھەسانات ۋە سالىھاتنىڭ پەرقى

پاسسىپ ياخشىلار، ئۆزىگە ياخشى بولغۇچىلار بولۇپ، ئاكتىپ ياخشىلار ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا ياخشى بولغان ياخشىلاردۇر. پاسسىپ ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقى ئۆزىگە بولىدۇ. ئاكتىپ ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقى ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا قارىتىلغان بولىدۇ.

قۇرئاندا « ھەسانات » ۋە « سالىھ ئەمەل »، يەنى ھەسانات ۋە سالىھاتتىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم بار. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بۇ پەرق نېمە؟

ھەسانات، « ياخشىلىقلار » دېگەنلىك بولىدۇ. ھەساناتنىڭ بىرلىك شەكلى ھەسەنە بولۇپ، ھەسەن « گۈزەل ۋە ياخشى بولۇش » مەنىسىنى بىلدۈردۇ. ئۇ تۇرلىنىپ چىققان سۆز يىلتىزى بولغان ھۆسن، « گۈزەللىك، خوشلۇق، ياخشىلىق » دېگەنلىك بولىدۇ. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ھۆسنا،

« گۈزەل ۋە ياخشى ئاقىۋەت » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەساناتنىڭ قارمۇ – قارشى سۆزى سەييىئات بولۇپ، « يامانلىق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سالىھات، « سالىھ ئەمەللەر »، « ئىسلاھ قىلغۇچى ياخشىلىقلار » دېگەنلىك بولۇپ، قۇرئانى بىر ئاتالغۇ ۋە قۇرئاندا ئۆز ئالدىغا سالىھات شەكلىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. سالىھات تۈرلىنىپ چىققان سۇلىھ سۆز يىلتىزى، « بىردىن ئارتۇق تەرەپ ئارىسىدا تېنچلىق ھاسىل قىلىش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئۈچىنچى شەخسلەرگە قارىتىلغان ياخشىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلاھ، « تۈزىتىش، ياخشىلاش » دېگەنلىك بولۇپ، بۇمۇ ئۈچىنچى شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئەھۋال. سالىھ ئەمەل ( ئەمەلۇس سالىھ ) قۇرئاندا 6 قېتىم ئۆز ئالدىغا كېلىدۇ، 56 قېتىم ئىمان بىلەن بىرلىكتە كېلىدۇ.

ھەسانات بىلەن سالىھات ئارىسىدىكى پەرق ئېنىق، ئالدىنقىسىنىڭ نەتىجىسى كىشىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ياخشىلىق بولۇپ، كېيىنكىسىنىڭ نەتىجىسى باشقىلارغا قارىتىلغان ياخشىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەسىر سۈرىسى، مۆئمىننى سالىھاتقا چاقىرغان بىر سۈرە : « ئەسىر بىلەن قەسەمكى، ئىنسانلار زىيان ئىچىدە! لېكىن، ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلار، ھەقنى ۋە سەبىرنى تەۋسىيە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا! ». ھەق ئۈستىدە بولۇش ۋە سەبىر قىلىش ھەسانات بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ھەقنى ۋە سەبىرنى تەۋسىيە قىلىش ھەمدە كۆپەيتىش، سالىھات بولىدۇ. شۇڭا، سالىھ ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن، « مەسىلەن، قانداق سالىھ ئەمەل؟ » دەپ سورىغانلارغا ئىككى ئۆرنەك كۆرسىتىلگەن: ھەق ۋە سەبىرنى تەۋسىيە قىلىش.

ھەسانات، ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ياخشىلىقلاردىن باشقا كىشى مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ. پەقەت، كىشىنىڭ ئۆزى مەنپەئەتلىنىدۇ. مەسىلەن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش،

ھەجگە بېرىش دېگەندەك ئىبادەتلەر ھەسانات قاتارىدىن. بەقەرە سۈرىسى 277– ئايەتتە رەببىدىن مۈكاپات ئالىدىغان كىشلەرنىڭ 4 ئالاھىدىلىكى تىلغا ئېلىنغان:

1. ئىمان
2. سالىھات
3. ناماز
4. زاكات

ئەگەر « ناماز » ۋە « زاكات » سالىھات قاتارىدىن بولغان بولسا ئىدى، ئايرىم تىلغا ئېلىنمايتتى.

بۇنىڭغا مۇنداق ئىتىراز قىلىشىمىز مۇمكىن: ئايەتتىكى ناماز ۋەزاكات « ئومۇمىيدىن بىر پارچە »، يەنى « بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر پارچىسى ». باش قىسمىدىكى « و ( ۋاۋ ) » ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ۋاۋلاردىن پەرقلىق شەكىلدە « مەسىلەن » دېگەن مەنا چىقىدۇ.

بەقەرە 277 –ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: « شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان، سالىھ ئەمەل قىلغان ( مەسىلەن: ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەنلەر ) ... مانا بۇلار رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ساۋاپقا ئېرىشىدۇ...» بىز بۇ ئىتىرازغا بۇ جاۋاپنى بېرىمىز: « ئۇنداقتا ئەسىر سۈرىسىنى قانداق قىلىمىز؟ ». ئۇ يەردىمۇ تۆت نەرسە تىلغا ئېلىنغان:

1. ئىمان
2. سالىھات
3. ھەقنى تەۋسىيە
4. سەبىرنى تەۋسىيە

بەقەرە سۈرىسىدىكى ناماز ۋە زاكاتنىڭ يېرىنى ئەسىر سۈرىسىدىكى ھەقنى تەۋسىيە ۋە سەبىرنى تەۋسىيە قىلىش ئالغان. بۇ ئاخىرقى ئىككى تەۋسىيە، سالىھاتقا ماس كېلىدۇ. چۈنكى، ئۈچىنچى شەخسكە قارىتىلغان. بۇنداق بولغاندا، ئەسىر سۈرىسىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ:

« ئەسىر بىلەن قەسەمكى، ئىنسان زىيان ئىچىدە. لېكىن، ئىمان ئېيتقان، سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلار، مەسىلەن: ھەقنى ۋە سەبىرنى تەۋسىيە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا! ».

باشقا بىر ئايەتتە جەننەتكە لايىق بولغان ئۈچ خىل سۈپەت تىلغا ئېلىنىدۇ:

1. ئىمان
2. سالىھات
3. رەببىگە چىن كۆڭۈلدىن ئىتائەت قىلغانلار

ئەڭ ئاخىرقىسىنىڭ باشقا شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇنداق بولغاندا، رەببىگە چىن كۆڭۈلدىن ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان سالىھاتنىڭ سىرتىدا ۋە ئۇنىڭدىن پەرقلىق بىر نەرسە.

ئۇنداقتا، بۇ بەقەرە سۈرىسى 277 ـ ئايەتتىكى ناماز ۋە زاكاتنى قانداق چۈشىنىمىز؟

بەقەرە 277 – ئايەتتىكى ناماز ۋە زاكات سالىھات ئەمەس، ھەسانات. لېكىن، كىشى ناماز، روزا، ھەج، زاكاتقا ئوخشاش كىشىگە خاس ئىبادەتلەرنىمۇ سالىھاتقا ئايلاندۇرالايدۇ.

ـ قانداق قىلىپ؟

ـ بۇ ئىبادەتلەرنى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئۈچۈن بىر ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق.

ـ ئۇنداقتا، شەخسنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىبادەتلەر، قانداق بولۇپ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا ئايلىنالايدۇ؟

ـ مائۇن سۈرىسى بۇنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. سۈرىدە، « شۇنداق ئىبادەت قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! » دەيدۇ. بۇ كىشىلەر، ئىبادەتنى شەخسكە ئائىت بىر ياخشىلىق ئەمەلگە ئايلاندۇرۇپ،

يېتمىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغان، مىسكىنلەرگە تاماق بەرمىگەن، ياردەم قىلىشقا تۇسالغۇ بولغان كىشىلەردۇر. ھالبۇكى، بۇ تىلغا ئېلىنغانلارنى قىلىش سالىھات بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، سالىھات، ئىگىسىنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ياخشىلاردىن قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى بىلدۈرىدۇ. ھەسانات، نەتىجىسى پەقەت ئۇنى ئادا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان ياخشى ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ. سالىھات، شەخسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە باشقىلارنىمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش؛ ھەسانات پەقەت شەخسىنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشنى بىلدۈرىدۇ.

سالىھات بىر ئىسلاھ ھەرىكىتى. ئىسلاھ ئۈچۈن تىرىشىش، ھەق تەلەپ قىلىشتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئىسلاھ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەمئىيەت خاراكتېرلىق، ھەق تەلەپ قىلىش شەخسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولىدۇ. ئىسلاھ خەيىر، ھەق پايدىدۇر. ئىسلاھ تىرىشچانلىقى ھەق تەلىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، ھەق تەلىپى ئىسلاھ تىرىشچانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ. شەخسي ھەق تەلىپى، پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما جەمئىيەت خاراكتېرلىق بىر ئىسلاھ تىرىشچانلىقى، مەزكۇر شەخس بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سالىھات بىلەن ھەسانات ئارىسىدىكى پەرق پەقەت مەنا ۋە ماھىيەت جەھەتتىلا بولۇپ قالماستىن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئەجىر - ساۋاپى جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ.

## ھەساناتقا بېرىلىدىغان ساۋاپ بىرگە ئون، سالىھاتقا بېرىلىدىغان ساۋاپ جەننەت

ھەساناتقا قۇرئاندا بىرگە ئون ۋەدە قىلىنىدۇ: « كىم بىر ھەسەنە بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ساۋاپ بار » ( 6:160 ). لېكىن،

سالىھاتنىڭ مۇكاپاتى بىرگە ئون ئەمەس. سالىھاتنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر: « ئەر – ئاياللاردىن مۇئمىن بولۇپ تۇرۇپ، سالىھات ( ياخشى ئىشلارنى ) قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ » ( 4:124 ).

ھەساناتنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن بەلگىلىك مىقدار بېكىتىلگەن، لېكىن سالىھاتنىڭ مۇكاپاتى چەكسىز: « سالىھات ( ياخشى ئىشلارنى ) قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى خوشخەۋىرىنى بەر » ( 17:9 ).

باشقا ئايەتلەردىمۇ سالىھاتقا چەكسىز نېمەت ۋە جەننەت ۋەدە قىلىنماقتا ( 85:11؛ 95:6 ).

ھەسانات كۆپەيتىدۇ، سەييىئات ئازايتىدۇ. « شۈبھىسىزكى، ھەسانات سەييىئاتنى ئازايتىدۇ ( ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ ) » ( 11:114 ). يەنى قۇرئان ھەساناتنىڭ سەييىئاتنىڭ ئۈستىنى ياپىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سالىھات ئىگىلىرى « مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى » ( 25:7؛ 98:7 ).

سالىھاتنى ھەساناتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان نەرسە، پەقەت بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەمەس. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئامىل، « ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ نېمە؟ » ئىكەنلىكى سوئالى بولۇپ، قۇرئاندا ئىنسان ۋاپاتىدىن كېيىن ھەساناتنىڭ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بىرمۇ ئايەت يوق. لېكىن، سالىھاتنىڭ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئايەتلەر بار:

« ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقىي قالىدىغان سالىھات ( ياخشى ئەمەللەر )نىڭ ساۋابى رەببىڭنىڭ نەزرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر » ( 18:46 ).

« باقىي قالىدىغان سالىھات ( ياخشى ئەمەللەر ) ساۋاپ جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ئارتۇقتۇر » ( 19:76 ).

« ماڭا ھەسانات يېتەرلىك بولىدۇ » دەپ سالىھات قىلىشقا تىرىشمىغان كىشى پاسسىپ ياخشىدۇر. ئىنسان ئاكتىپ ياخشى بولۇشنى خالىسا، ھەسانات بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، سالىھات قىلىشى كېرەك. بۇ، ئىنسان ھەساناتنى تاشلاپ قويۇپ، سالىھات قىلسۇن دېگەنلىك بولمايدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋال، خۇددى باشقىلارغا يورۇقلۇق بېرىمەن دەپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەن شامغا ئوخشايدۇ. ئىنساندىن ئۆزىنى كۆيدۈرۈش بەدىلىگە باشقىلارغا يورۇقلۇق بېرىش ئەمەس، ئەكسىچە، ئايغا ئوخشاش ئۆزىمۇ يورۇقلۇققا ئېرىشكەچ باشقىلارغىمۇ يورۇقلۇق بېرىش كۈتۈلمەكتە. مۇھاتابىنى « قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن نازىل بولغانلىقىنى » بايان قىلغان ۋەھيي، كۆيدۈرمەي تۇرۇپ نۇر بېرىدىغان، يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئىلاھىي مەشئەلدۇر، نۇردۇر.

ئىلاھىي نۇر، سىرتتىن يورىتىدىغان يورۇقلۇق مەنبەسىگە ئوخشىمايدۇ. ئىلاھىي نۇر بىلەن يورۇقلۇققا ئېرىشىش سىرتتىن يورۇقلۇققا ئېرىشىشكە ئوخشىمايدۇ. ئىلاھىي نۇر ئىچىدىن يورۇتقان بىر يورۇقلۇق مەنبەسىدۇر. ئىلاھىي نۇر بىلەن يورۇقلۇققا ئېرىشكۈچى ئىچكى دۇنياسىدىن يورۇقلۇققا ئېرىشىدۇ. ئىچكى دۇنيادىن يورۇقلۇققا ئېرىشكۈچى شۇ ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىشى كېرەك: ئاشىق، ئاتاش ( بېغىشلاش )، ئائىدىيەت( مەنسۇپ بولۇش ).

ئەي تالىپ! ئاكتىپ ياخشى بولۇش ئۈچۈن ئۈچ « ئا »غا مۇھتاجسەن: ئاشىق، ئاتاش، ئائىدىيەت. ئاكتىپ ياخشى قىلىش ئۈچۈن ئۈچ « ئۇ »غا مۇھتاجسەن: ئۇمەت، ئۇيغۇنلىشىش (ماسلىشىش)، ئۇپۇق.

# ئىككىنجى باب

## ئاكتىپ ياخشى بولۇشنىڭ 3 ئا فورمىلاسى

## 1.ئاشىق

### مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت ھالىتىدە

مەۋجۇدىيەت ئاكتىپ بولۇپ، رىئاللىقتا مۇتلەق پاسسىپ بولغان بىر مەۋجۇدىيەت كاتېگورىيىسى يوق. بارلىق مەۋجۇدىيەت كاتېگورىيىسى ئەسلىدە ھەرىكەت ھالىتىدە بولۇپ، بىز پاسسىپ دەپ قارىغان جانسىز ماددىلاردىكى ئاتوملار ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ھەرىكەت ھالىتىدىكى ھەممە نەرسىنى ھەرىكەت قىلدۇرىۋاتقان بىر كۈچ بار. بۇ كۈچ، ماددىي ئالەمنى تەشكىل قىلغان تۆت مەۋجۇدىيەت كاتېگورىيىسىدە مۇنداق نامايەن بولىدۇ:

### 1. جانسىز مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەرىكىتى

جانسىز مەۋجۇدىيەتلەر كۆرۈنۈشتە ھەرىكەتسىز بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىكى ئاتوم توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككى خىل ھەرىكىتى بار:

(1) ئىچكى ھەرىكەت — بۇ پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى شەكىللەندۈرگەن ئاتوملارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماددىنىڭ ئۆلۈمى، ئاتومدىكى ھەرىكەتنى توختۇتۇپ، يوقىلىشىدۇر.

(2) تاشقى ھەرىكەت، جانسىز مەخلۇقلار ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن، چوقۇم تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىككى پارچە كىسەك ئۆزىنى بىر – بىرىنىڭ ئۈستىگە تىزالمايدۇ. بىر تاش، ھەرىكەت

قىلغۇچى بىر تاشقىي ئامىل بولماي تۇرۇپ ئۆزلىكىدىن، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. تاشلار ئۆسۈملۈككە ئوخشاش كۆپىيەلمەيدۇ ۋە چوڭىيالمايدۇ. بىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇغۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ.

## 2. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەرىكىتى

ئۆسۈملۈكلەر جانسىز مەخلۇقلاردىن پەرقلىق شەكىلدە كۆپىيىدۇ ۋە چوڭ بولىدۇ. ئۇلار ھەم تاشقىي بىر كۈچنىڭ تەسىرى ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن، ھايۋاناتلارغا ئوخشاش ئورۇن ئالماشتۇرمايدۇ، رىزىق ئىزدىمەيدۇ، ئۇۋچىلىرىدىن قاچالمايدۇ ياكى ئۇۋلىرىنى قوغلىيالمايدۇ.

## 3. ھايۋاناتلارنىڭ ھەرىكىتى

ھايۋاناتلار ئۆسۈملۈكلەردىن پەرقلىق ھالدا تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ. قورسىقى ئاچىدۇ، ئۇسسايدۇ، رىزىق ئىزدەيدۇ. ياشاش تۇيغۇسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاچىدۇ، ئوۋلىرىنى قوغلايدۇ. بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىدىن كەلگەن بىر ئېنېرگىيە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئېنېرگىيىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن نەرسە، ئۇنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇسى.

## 4.ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى

ئىنسانلارمۇ ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ.

(1) تاشلارغا ئوخشاش تاشقىي كۈچنىڭ تەسىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئەھۋالدىكى ئىنسان ئۆلگەن ياكى ئۆلككە ئوخشايدىغانلار قاتارىدىن.

(2) ئۆسۈملۈككە ئوخشاش تۆۋەن چەكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. پەقەت ھاياتنى قېلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ھەرىكەتتۇر. بۇ ئەھۋالدىكى ئىنسان، بىر خىل جىددىي قۇتقۇزۇش جىھازىغا باغلانغان، ئاسما ئوكۇل بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلغان بىمارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى «

ئۆسۈملۈكسىمان ھايات » دەپ ئاتىلىدۇ.

(3)ھايۋانلارغا ئوخشاش پاسسىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئاچلىق، قورقۇ، شەھۋەت، غەزەپكە ئوخشاش ئىچكى ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە بولغان ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان يوق. بۇ ھەرىكەتلەر، ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(4) ئىچىدە ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بولغان ھەرىكەتلەر. مانا بۇلار ئىنساندا كۆرۈلگەن ئەڭ ئۈستۈن ھەرىكەتلەر بولۇپ، دىن، بىلىم، سەنئەت، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدە كۆرسەتكەن بارلىق پائالىيەتلىرى بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. ئىبادەتلەر، ئىلمي پائالىيەتلەر، سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئۈسكۈنە - ئەسۋاپلار بۇ ھەرىكەتنىڭ مېۋىلىرى.

مىتال ( كان مەھسۇلاتلىرى )، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئىنسان، ھەرىكەت نۇقتىسى جەھەتتىن مانا مۇشۇنداق ئوخشاشماسلىققا ئىگە. ئۇنداقتا، بۇ ئوخشاش بولمىغان مەخلۇقاتلار كاتېگورىيىلىرى ئارىسىدا ئورتاق بىر نۇقتا بارمۇ؟

- بار. ئۇ ئورتاق نۇقتىنىڭ ئىسمى جەلپكارلىق، يەنى « تارتىش كۈچى ».

## ھەرىكەتنىڭ سىرى جەلپكارلىقتا

جانسىز مەخلۇقلارنى، بىر ماددا سۈپىتىدە مەۋجۇت قىلىپ تۇرغان نەرسە جەلپكارلىق بولۇپ، ماددىي مەخلۇقلارنىڭ قۇرۇلمىسى بولغان ئاتوملار، جىسمنى مەۋجۇت قىلىپ تۇرىۋاتقان ئامىلنىڭ دەل ئۆزى. ئاتوم بىرى مۇسبەت، يەنە بىرى مەنپىي ئىككى زەرەتتىن تەشكىل تاپىدۇ. زەرەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئاتوم يادروسى ئەتراپىدا، ئېلېكترونلارنىڭ

ھەرىكەت قىلىشنى شەكىللەندۈرگەن نەرسە جەلىپ قىلىش كۈچى بولۇپ، قەيەردە ئوربىتا ۋە ئايلىنىش ھەرىكىتى بولسا، ئۇ يەردە جەلىپ قىلىش بولىدۇ. ئېلېكتروننى ئۆزگە تارتىپ تۇرىدىغان بىر تارتىش كۈچى بولمىغان بولسا، ئېلېكترونلار ئۇ بوشلۇقتا تۇرالمايتتى ۋە بەلگىلىك ئوربىتا ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلمايتتى.

ئۆسۈملۈكلەرنى ھايات تۇتۇپ تۇرىۋاتقان نەرسمۇ جەلىپ قىلىش كۈچى بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى سۇنىڭ جازىبىسىگە مەھلىيا. شۇڭا تۇپراق ئارىسىدىن سۇ ئىزدەش ئۈچۈن يىلتىزلىرى ھەر تەرەپكە قاراپ غول سالىدۇ. يىلتىز غوللىرى، سۇنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى تەسىرىدە سۇغا قاراپ ئۆزرايدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ يېتىلىشىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. پەقەت ئۆسۈملۈكلارلا سۇنىڭ جازىبىسىگە مەھلىيا بولۇپ قالماستىن، سۇمۇ ئۆسۈملۈكنىڭ جازىبىسىگە مەھلىيا. يامغۇر بۇلۇتلىرى، ئورمان بەلباغلىرىنىڭ جازىبىسى بىلەن ئورمانغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. قوياشنىڭمۇ ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا جەلىپ قىلىش كۈچى بولىدۇ. زىچ ئورمانلىقلاردا ئۆسۈملۈكلەر كۈن نۇرىغا ئىنتىلىدۇ. بۇ جەلىبكارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىغا قاراپ تۈز ۋە تىك ئۆسۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىيىشىمۇ جەلىپكارلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، چاڭلىششىنىڭ سىرى جەلىپكارلىقتا.

ھايۋاناتلاردا جۈپلىرىنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى بولىدۇ. بۇ جەلىپكارلىق سەۋەبىدىن ئۆز ئارا جۈپ ئىزدەيدۇ، جۈپلىشىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق نەسلىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. گۆشخور ھايۋانلارنى ئوۋلىرى جەلىپ قىلىدۇ. ئوتخور ھايۋانلارنى ئۆسۈملۈكلەر جەلىپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ جەلىپ قىلىش بولمىغان بولسا، ھايۋانلار مەۋجۇدلىقنى داۋام قىلالمايتتى.

جەلىپ قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، ماددى مەۋجۇدىيەت ھالقىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى تەمسىل قىلغان ئىنسانغا بېرىلگەن. ئىنسان تۇرىنىڭ مەۋجۇدلىقى ئۇ جەلىپكارلىققا قەرزدار.

جەلىپكارلىق، ئەر ۋە ئايالنى بىر - بىرىگە تارتقان نەرسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق بوۋاقلار، جەلىپ قىلىش دەپ ئاتالغان

« تارتىش كۈچى » نىڭ سورتلۇق مېۋىسى. ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن ئۈستۈن جەلىپكارلىق، پەقەت كۆپىيىشتىلا كۆرۈلمەيدۇ، كۆپەيتىش / يارىتىشتىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئىنساننىڭ يۈرىكى، ئەقلى، قولى، تىلىدىن مەيدانغا كەلگەن بارلىق گۈزەللىكلەر / ياخشىلىقلار بۇ جەلىپكارلىقنىڭ مەھسۇلى.

ئەگەر جەلىپ قىلىش بولمىغان بولسا ئىدى بايقاش، ئىجاد قىلىش قىلىش بولمايتتى. كەشىپ قىلىش، شەيئىلەرگە يارىتىلىشتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان جەلىپكارلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ خۇددى ماگنىتنىڭ تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتىشىغا ئوخشاش، ئىنساننى ئۆزىگە نامەلۇم بولغان شەيئىلەرگە جەلىپ قىلىدۇ. شەيئىلەردىكى جەلىپكارلىققا جاۋاپ قايتۇرغان ئىنساننىڭ فىترىتىگە يەرلەشتۈرۈلگەن گۆھەرنىڭ ئىسمى قىزىقىشتۇر.

ئەگەر جەلىپ قىلىش بولمىغان بولسا، ئىنسان ئۆگىنەلمەيتتى. ئۆگىنىش، ئىنسان ئەقلىنىڭ بىلىمگە بولغان قىزىقىشىنىڭ نەتىجىسى. ئەقىل بىلىمنىڭ جەلىپكارلىقىغا مەھلىيا بولماستىن، ئىنسان ئۆگىنەلمەيدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن، ئىنسان بىلىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە رازى بولىدۇ.

ئەگەر جەلىپ قىلىش بولمىغان بولسا، ئىنسان ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيتتى. ئېتىقاد بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچى ئارىسىدا جەلىپ قىلىش بولىدۇ. بۇ جەلىپكارلىق نەتىجىسىدە، ئىنسان ئۆزى ئىشەنگەن يولدا پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ھاياتىنى كۆزنى قىرپىماستىن قۇربان قىلالايدۇ.

مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن بۇ ئورتاق ئامىل بولغان جەلىپكارلىقنىڭ، ئىنساندىكى نامايەندىسىنى ئاشىق دەيمىز. مانا كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، تاش بىلەن باشلانغان سەپىرىمىز ئاشىقتا قارار قىلدى.

# جەلىپكارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاشىق

ئاشىق ( ئەسلى ع - ش - ق ھەرپلىرى بىلەن عشق ) ئەرەپچە سۆز. كېلىپ چىقىشى نامەلۇم. تىلشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، « تۆگىنى باغلاپ قويۇش »نى ئەل - ئۇشۇق دەيدۇ. چۈنكى، باغ ئۇنى باشقا بىر يەرگە كېتىپ قېلىشتىن توساپ، پەقەت بىر يەرگىلا باغلاپ تۇرىدۇ. بەزى تىلشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئاشىق سۆزى، يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكنىڭ بىر خىلىنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان. چۈنكى، يۆگىمەچ ئۆزى يۆگەلگەن نەرسىگە شۇنداق يېپىشىپ قالىدۇكى، خۇددى ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا باشقا بىرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا يول قويمىغىنىدەك، يۆگىمەچمۇ يېپىشقان نەرسىسىنى چىڭ تۇتىدۇ.

ئاشىق، « ھەددىدىن زىيادە سۆيگۈ، چەكتىن ئاشقان مۇھەببەت » دېگەنلىك بولىدۇ. كېلىپ چىقىش تەركىۋىدىن ئاشىق ئىچىدە شەھۋەت بولغان، ھۇبب ئىچىدە مۇھەببەت بولغان، ۋۇدۇد ئىچىدە شەپقەت بولغان بولغان سۆيگۈدۇر. قۇرئان ۋە نەبەۋى سۈننەتتە ئاشىق سۆزىنىڭ ئورنىغا ھۇبب ۋە ۋۇدۇد نىڭ ئىشلىتىلىش سەۋەبى، بەلكىم ئاشىقنىڭ مەنىسىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان « ئاشىقۇنلۇق » ۋە « ماددىيلىق » بولۇشى مۇمكىن.

ئاشىق سېھىرلىك بىر كەلىمە... بۇ سۆزنىڭ سېھرى كۈچى، شۈبھىسىز سۆيگۈنىڭ ئۆزىدىن كەلمەكتە. گەرچە ئەرەپچە بولغان بولسىمۇ، قۇرئاندا ئاشىق سۆزى لەبز شەكلىدە تىلغا ئېلىنمايدۇ. پەقەت مەنا ئارىسىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنى، ئاشىق « كۈچلۈك مۇھەببەت، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى » سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. قۇرئاندا ۋەللەزىنەئامەنۇ ئەشەددۇ ھۇببەن لىللاھ ( مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ قا بولغان مۇھەببىتى ھەممىدىن بەك يۇقىرى ) دەيدۇ ( 2:165 ). ئايەتتىكى ئەشەددۇ ھۇببەن ئىپادىسى، ئەرەپچىدىكى ئىشق كەلىمىسىنىڭ يەشمىسىدۇر.

ئاشق، نورمال كۈندىلىك ئالاقە تىلىدا ماددىي ۋە جسمانى مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، دىنى سۆزلۈكتە ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمىگەن. لېكىن، « ئاشق » سۆزى تىلىمىزغا، ھال - تۇرقىمىزغا، ئۆتمۈشىمىزگە، كېلەچىكىمىزگە، سەنئىتىمىزگە، ئىچىمىزگە، تىشىمىزغا شۇنداق بىر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، راستىنى ئېيتسام، ئۇنى تىل قۇشخانامدا غېرىپ ۋە يېتىم قويۇشقا كۆڭلۈم رازى بولمايدۇ. ئاشق ئۇقۇمىنى تەسەۋۋۇردا ئىسلاھ قىلىپ ئىشلىتىشنى، مەنمۇ ناھايىتى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

شەكىلنى ماھىيەتنىڭ ئالدىغا قويغان ئىنسان تىپى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنچە كۆپىيىپ كەتمىگەندى. قانداقمۇ كۆپەيسۇن؟ « بىلىم دەۋرى » دەپ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە « مەن شەكىلنى ئالاي، ئۈچۈرنىڭ بىلىش قىسمى جايىدا قالسۇن » دېيسەك توغرا بولىدىغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. پۈتۈن ئەس - يادى كۆرۈنۈش / شەكىلۋازلىق بولغانلار، ئاشق ھەققىدە توختالغاندا، ھەقىقەتەن « ھەزرىتى ئاشق »نى نەزەردە تۇتقانمىدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، دەردى ئاشق بولۇش ئەمەس، بەلكى ئاشقتەك كۆرۈنۈش. شۇڭا، ئاشق ھەققىدە توختۇلۇشنى بەك ياقتۇرىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھەقىقىي ئاشقلارنىڭ ئاشق ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ.

ھالبۇكى، ھەزرىتى ئاشق شەكىلۋازلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەكسىچە ھەقىقىي مەنىدە ئاشق بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاشق ھەممىدىن بەك رەت قىلغان تىپ، ئاشق بولۇشنىڭ ئورنىغا ئاشقتەك كۆرۈنگەن ئاشق سودىگەرلىرىدۇر. ئۇلار ئاشق بولۇشنى ئەمەس، ئاشقنى كۆرگەزمە قىلىشنى، سېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بارلىق قەدىرىيەت ساتقۇچىلىرىغا بىر سۆزۈم بار: بىر نەرسىنى سېتىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قاپسىز دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، سىز ساتقان نەرسە سىزنىڭ ئەمەس، بەلكى سېتىۋالغۇچىنىڭ.

# ئاشق ئىزچىل شاھىت بولغانلىق

بۈگۈن ئاشق كەلىمىسى، تىلىمىزدا ئەسلىدىكى مەنىسىدىن تېخىمۇ ھالقىغان بولۇپ، « ھەممىدىن كۆچلۈك سۆيگۈ »نى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بەلكىم، كەلىمە ئىپادىلىگەن بۇ كۆپتۈرمە، مۇبالىغە، بەزى ئېقىملارنىڭ ئۇنى سۈيىئىستىمال قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولسا كېرەك. نەتىجىدە ئاشق، باتىنى ۋە پانتېئىست ئېقىملارنىڭ قولىدىن ھېچ قۇتۇلالمىدى.

بىر قۇرئان تالىپىغا نىسبەتەن، ئاشق ئىزچىل شاھىتلىق ۋە شېھىتلىك ھالى بولۇپ، ئۇ ئىشقنى ئىزچىل گۇۋاھلىق ھالى دەپ قارايدۇ ۋە مۇنداق چۈشىنىدۇ:

« ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن ھەرىكەت قىلىش » بولغان تەسبىھ، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاشقى.

« ئاللاھ نى بىر دەپ بىلىش » بولغان تەۋھىد، ئەقىدىنىڭ ئاشقى.

« ئاللاھ نى ئۇلۇغلاش » بولغان تەكبىر، ماھىيەتكە بولغان ئىشق.

« مەسئۇلىيەت ئېڭى » بولغان تەقۋا، ئىرادىنىڭ ئاشقى.

ھەر بىرى زېھىن ھەرىكىتىنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىنى ئىشارەت قىلغان تەزەككۇر، تەپەككۇر، تەدەببۇر، تائاققۇل ۋە تەپەككۇر ئەقلىنىڭ ئاشقىدۇر.

« ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسى » بولغان ئىمان ۋە خاشىيەت، قەلبىنىڭ ئاشقى.

« ئۇ يارىتىلىشتىن تارتىپ بەخش ئەتكەن تەبىئىتى » بولغان فىترەت، ۋىجدانىنىڭ ئاشقى.

« ئۇنىڭ سېنى ۋە سېنىڭ ئۇنى ياد ئېتىشى » بولغان زىكرۇللاھ، ئەستە تۇتۇش ( مېڭە )نىڭ ئاشقى.

« يارىتىلىش بىلەن ماسلىشىش ھالىتى » بولغان ئەخلاق، ھال - تۇرۇقنىڭ ئاشقى.

« سۆلھى بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، سالاھ ( ياخشى ئەمەل )قا ئېلىپ بارغان ھەرىكەت » بولغان سالىھات، ئورگانلارنىڭ ئاشقى.

## گۇناھ ئىشقنى زەھەرلەيدۇ

ئاشق ئاساسەن مۆتىدىل بولۇپ، ئوبيېكتنى بەلگىلىمەيدۇ، ئوبيېكتى ئاشقنى بەلگىلەيدۇ.

يامانغا ئاشق بولۇش، يامانىي ياخشى قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئاشقتەك ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى بىر تۇيغۇنى زەھەرلەيدۇ، ئاشقنى سەلبىي تەسىرگە ئىگە قىلىدۇ، سەۋدانى بالاغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاشق گۇناھنى يۇيمايدۇ، لېكىن، گۇناھ ئىشقنى بۇلغايدۇ. ئىچىگە ئىشق ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، گۇناھ ساۋاپقا ئايلانمايدۇ. ئىچىدە ئىشق بار بولغانلىقى ئۈچۈن، ھارام ھالال بولمايدۇ. بۇ شەيتاننىڭ ئىشق بىلەن ئالدىشى بولۇپ، ئالدىنىشنىڭ ئەڭ جەلپكار بولغىنى مانا بۇ.

شەيتاننىڭ ئاشق بىلەن ئالدىشى نەتىجىسىدە، ئىشقنىڭ زەھەرلەنگەن قىسمىنى ئىلاھىي كىتاپ « زىنا » دەپ ئاتايدۇ. زىنا سۆيگۈنى زەھەرلەيدۇ. زەھەرلىك سۆيگۈ ئىككى كىشلىك يالغۇزلۇق بولۇپ، قەلبىكە تەسەللى ۋە ھوزۇر ئەمەس، ئەكسىچە يۈرەككە يۈك بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي سۆيگۈ، كۆڭۈلنى پەرۋاز قىلدۇرغان بىر جۈپ قاناتقا ئوخشايدۇ.

زىنا ئىشقنىڭ قاتىلى. زىناغا « ياق » دېيەلمىگەن كىشى، سۆيگۈگە « ماقۇل » دېيەلمەيدۇ. ھەقىقىي ئاشق مەشۇقنى ئوتقا ئىتتىرمەيدۇ. مەشۇقنى ئوتقا تاشلىغان، ئاشقىغا جەھەننەم بولدى دېگەنلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي ئاشق جەننەت، جەننەت ئاشقلارنىڭ ماقامىدۇر.

مۇھەببەت ئەبەدىي بولغان چاغلاردا، نەپرەتمۇ ئاشققا ھاملە بولغان. سۆيگۈ پەقەت تەنگە مەھكۇم قىلىنغان زامانىۋى دەۋرلەردە،

ئاشىق نەپرەتكە ھامىلە بولماقتا. كىشى مەجنۇنلاردەك ئاشىق بولغانغا ئېرىشەلمىگەن ۋاقىتدا، خۇنخارلارچە ئۆلتۈرەمدۇ ئاشىقنى؟ كۈنىمىزدە بۇ ئەھۋالنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ، « زەھەرلەنگەن ئاشىق قانداق زەھەرلەيدۇ؟» دېگەن سۇئالنىڭ جاۋابى.

ئاشىقنىڭ ئەقلىنى كور قىلغان ھالى « كۆيۈپ قېلىش » دەپ ئاتىلىدۇ. ھەقىقىي سۆيگۈ، سۆيگۈنىدە ئېرىپ يوقاپ كېتىش ئەمەس، بەلكى سۆيگۈنىدە گۈللەپ ياشناشتۇر. مۇھەببەت ئاق سەۋدا، خۇمار قارا سەۋدا بولۇپ،سۆيگۈ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ، خۇمار قۇل قىلىدۇ.

ئاشىقنىڭ ئىنساننى ئەقىللىق قىلىدىغان ھالى « مۇھەببەت » دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ھەزرىتى ئەلى، « سۆيگۈ ئەقلىنىڭ يېرىمى » دېگەن. دېمەككى، ئاشىقنىڭ ئىنسان ئەقلىنى كور قىلىدىغان بىر تەرىپى بولغاندەك، ئەقىل پەيدا قىلىدىغان يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. تۇنجى قۇرئان نەسلى ئىچىدە، ئاللاھ قا بولغان ئىشقىدىن ئەقلىدىن ئېزىپ، تاغ - باياۋانلاردا يۈرگەنلەرنى كۆرمىدۇق.

ياخشىغا بولغان ئاشىق، ئاشىقنى ياخشى نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ياخشىدا پايدا ۋە مەنپەئەت بار. ئاشىق ياخشى بىلەن بىرلەشكەندە، خەيىر ۋە پايدىنىڭ يېنىغا خوشنۇدلىقمۇ كېلىدۇ. ئىنسان، ئىشقى بىلەن باغلانغان ياخشى نەرسىدىن ھوزۇر ئېلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ياخشى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت « كۈلپەت » بولماستىن، « ئۈلپەت »كە ئايلىنىدۇ.

ئەي ئاشىق! ئەگەر ھەقكە ۋە ھەقىقەتكە ئاشىق بولساڭ، بىلگىنكى ھەق ۋە ھەقىقەتمۇ ساڭا ئاشىنا بولىدۇ. ئاشىقىڭ ھەق، جانابى ھەق ئاشىقىڭ بولىدۇ. يەر ۋە ئاسمان ئەھلىمۇ ساڭا « ئاشىق بولسۇن » دەيدۇ.

## ئاشىقنىڭ پاسسىپ ۋە ئاكتىپ ۋاقىتلىرى بولىدۇ

ياخشى پاسسىپ ۋە ئاكتىپ ياخشى دەپ ئايرىلغاندەك، ياخشى ئاشىقمۇ پاسسىپ ئاشىق ۋە ئاكتىپ ئاشىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

پاسسىپ ئاشىق، سۆيگىنىگە يۈگىمەچتەك يېپىشقان ئاشىق بولۇپ، پەقەت سۆيگۈچى پاسسىپ بولسا ئۇ ئايرىم بىر مەسىلە... پاسسىپ ئاشىق، سۆيگىنىنىمۇ پاسسىپ ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر يېپىشىدۇكى، سۆيگىنىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەت قابىلىيىتىنى يوق قىلىپ، پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. خۇددى يىلان ئوۋنى بوغقاندەك، ئۇمۇ سۆيگۈنىنى بوغۇپ، نەپەس ئالالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ سۆيگۇ بارا - بارا ئىككى كىشىلىك يالغۇزلۇققا ئايلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا، بۇ سۆيگۇ پىخسىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

« پەقەت مېنى ياخشى كۆر » دېگەن ۋە ياخشى كۆرگىنىنى ئەڭ بىغۇبار مۇھەببەتلەردىنمۇ قىزغىنىدىغان بىر ئاشىق، سۆيگۈنىگە قارىغۇلارچە ئاشىق بولغان بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئاللاھ مۇ ئىنسانغا « پەقەت مېنىلا ياخشى كۆرۈڭلار » دېمەيدۇ، بەلكى « ھەممىدىن بەك مېنى ياخشى كۆرۈڭلار » دەيدۇ ( 2:165 ). بۇنداق شەخسىيەتچى سۆيگۇ، ئەڭ ئاخىرىدا سۆيگىنىگە يۈك بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنداق بىر ئاشققا نىسبەتەن، مەشۇقتا پەيتىنى تاپسىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ.

پاسسىپ ئاشىق، « ياخشى ئاشىق » بولۇش خاراكتېرىغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، « ياخشىلىغان، ئىسلاھ قىلغان » بىر ئاشىق بولمايدۇ. پەقەت ياخشى بولغان، لېكىن ئىسلاھ قىلمىغان بىر ئاشىق خۇددى پاكىز بولغان، لېكىن، پاكلىيالمىغان سۇغا ئوخشايدۇ. كۆلى سۈيى پاكىز. لېكىن، ئۇنى پاكىزلاش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيسىز. بۇ سەۋەپتىن، بۇنداق بىر ئاشقنى ياخشىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

ئاشىق قەلبىنىڭ ئەمەلى بولۇپ، باشقا ئورگانلىرىمىزنىڭ ئەمەلى بولغاندەك، قەلبىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەمەلى بولىدۇ. ئورگانلارنىڭ ئەمەلى ھەسانات ۋە سالىھات دەپ ئىككىگە ئايرىلغاندەك، قەلبىنىڭ ئەمەلىمۇ ھەسانات ۋە سالىھات دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ھەسانات بولغان ئاشىق، سۆيگۈچى ئۆزى ھوزۇر ۋە زوق ئالغان ئاشقتۇر. بۇنداق بىر ئاشقتا، ئاشىق سۆيگىنىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

سالىھات بولغان سۆيگۈ، ئىسلاھ قىلغۇچى سۆيگۈ بولۇپ، سالىھاتبولغان ئاشىق، سالىھ ئەمەلگە ئوخشاش سۈلىھ، تىنچلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سالىھ بولغان ئاشىق، باشقىلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سالىھ بولغان ئاشىق، ھەم سۆيگۈچىنى ھەم سۆيۈلگۈچىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئىسلاھ قىلغۇچى ئاشىقنىڭ مەنبەسى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر.

## سۆيگىڭىزنىڭ قىممىتىنى سۆيگىنىڭىز بەلگىلەيدۇ

سۆيگۈ مەۋجۇدىيەت دەرىخىنىڭ ھەم ئۇرۇقى ھەم مېۋىسى. سۆيگۈ قەلبنىڭ ئىرادىسى، ئىرادە ئەقلىنىڭ مۇھەببىتى. سۆيگۈ ئىنساننىڭ ئىنسانغا بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئۆلۈمسىز ھەدىيەسى. ئىبادەت دۇنيادا داۋام قىلىدۇ، مۇھەببەت ئاخىرەتتىمۇ داۋاملىشىدۇ.

ئىنسان سۆيگۈسى دۇنيالىق سۆيگۈگە قارىغاندا، ئاللاھ سۆيگۈسىگە تېخىمۇ يېقىن. مەجنۇننىڭ تىللارغا داستان بولغان ھېكايىسى، ئەسلىدە لەيدىن مەۋلا ( ئاللاھ ) غا تۇتاشقان ئاشىق ھېكايىسى بولۇپ، ئەگەر لەيلىنى ياخشى كۆرۈش، مەۋلانى ياخشى كۆرۈشنىڭ بالدىقى بولىدىغان بولسا، بۇ سۆيگۈ ھىدايەتكە ئېرىشكەن سۆيگۈ بولىدۇ. ئىنساننى ياخشى كۆرۈش بىر قەلىپ تېرمىنى بولۇپ، بىر كۆڭۈل مۇقامى. ئاشىقنىڭ شاگىرتلىق مەزگىلىنى لەيلى /مەجنۇنداكۆرسىتىپ،كامالىتىنىمەۋلاغاساقلىغانلارغاسالامبولسۇن.

## ئىنسانغا ئاشىق بولۇش ۋە ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرا ئىچىدە بولۇش...

بۇ، ئىشقتىن ئىشق ئارقىلىق ھالقىش بولۇپ، ئاشقىنى زىنا بىلەن كىرلەتمىگەن ئاشىقلارنىڭ، ئىشقىدىن سادىر بولغان خاتا ۋە قۇسۇر ئىككى ناماز ئارىسىدا ئەپۇ قىلىنىدىغان تۇر ئىچىدە كۆرسىتىلگەن.

ئىشىنىمەنكى، ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالار ئىچىدە بولغان ئىشقىنىڭ شاھىدى ئاللاھ بولىدۇ. ئۇ ئاشىقلارنىڭ مۇھەببىتى خۇددى ئۇ ياش ساھىبىغا ئوخشاش، ئاخىرەتتە ئاللاھىدە بىر مۇكاپاتقا لايىق بولىدۇ. بەيھەقىدىكى، ھەسەن ئەل - بەسرىدىن نەقىل قىلىنغان نەقىلدە: ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بىر قىزغا كۆيۈپ قالغان بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ يىگىت كۆيگەن قىز بىلەن بىرگە يالغۇز جەم بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، ئاللاھ سۆيگۈسى ئېغىر توختىغانلىقتىن، يىگىت قىزدىن قولىنى تارتىپ، بىر ۋاقىراش بىلەن تەڭ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، بېشى تەرەپتە تۇرغان تاغىسىغا: « خەلىپە ئۆمەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالىمنى بايان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدىن، رەببىدىن قورقۇپ گۇناھتىن ئۆزىنى تارتقان ماڭا نېمە بار؟ » دەيدۇ. بۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئىشق ئوتى باغرىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلغان يىگىت يەنە بىر ۋاقىراپ روھىنى تەسلىم قىلغان. بۇ ئەھۋال خەلىپىگە يەتكۈزۈلگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر، « رەببىدىن قورققان كىشىلەرگە جەننەت بار » ( 55:46 ) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە « ئىككى جەننەت سېنىڭكى! ئىككى جەننەت سېنىڭكى!» دېگەن.

ئاللاھ سۆيگۈسىگە ئەڭ يىراق سۆيگۈ، مال - دۇنياغا ئوخشاش دۇنيالىق نەرسىلەرنىڭ سۆيگۈسى بولۇپ، ئاللاھ مەۋجۇدىيەتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى تەمسىل قىلىدۇ. دۇنيالىق نەرسىلەر مەۋجۇدىيەتىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىنى تەمسىل قىلىدۇ. ئىنسان، ئاللاھ بىلەن مال - دۇنياغا ئوخشاش ئىككى مەۋجۇدىيەتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرماقتا. قەلب يۈزىنى دۇنياغا ئۆرىگەن ۋاقىتتا، ئۇ قەلبىنىڭ دۇمبىسى خالاپ - خالىمىسۇن ئاللاھ قا بۇرۇلىدۇ. شۇڭا، دۇنيالىقلارغا يېقىنلاشقان قەلب، ئاللاھ تىن يىراقلاشماقتا. لېكىن، ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى، ئىنساننى ئاللاھ تىن يىراقلاشتۇرمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئىنسان ئارقىغا ئەمەس، بەلكى پاراللىل بولغان بىر مەيداندا ھەرىكەت قىلماقتا. بۇ سەۋەپتىن، ئىنساننىڭ مال - دۇنيا سۆيگۈسىدىن ئاللاھ سۆيگۈسىگە يۈزلىنىشى قېيىن. شۇڭا، ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتتىن ئاللاھ قا بولغان مۇھەببەتكە قايتىشى ئوڭاي بولىدۇ.

# ھۇببۇللاھ - ئاللاھ سۆيگۈسى

ئەڭ بۈيۈك ئاشق، تەك بۈيۈك بولغاننىڭ ئىشقى بولۇپ، ئاللاھ تەك بۈيۈكتۇر. ئاللاھ مۇ ئىنساندىن پەقەت ئۆزىنىلا ياخشى كۆرۈشنى ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن بەك ئۆزىنى ياخشى كۆرىشنى تەلەپ قىلىدۇ: « مۇئمىنلەر ئاللاھ نى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ » ( 2:165 ).

بىز مەۋجۇت بولغاننى ياخشى كۆرىمىز. ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش سۆيگۈنى ئەبەدىيلەشتۈرگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، مۇھەببەتنىڭ ئۆمرى سۆيۈلگەننىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ بولىدۇ. ئۆلۈمسىز بىر سۆيگۇ ئاررزۇ قىلغۇچى، ئۆلۈمسىز بولغۇچىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق بىر سۆيگۈنى ئاررزۇ قىلغانلار، باقىي بولغۇچىغا مۇھەببەت باغلايدۇ. مەنبەسىدە ئاللاھ بولمىغان سۆيگۈ، ئۆتكۈنچى ۋە بىردەملىك بولىدۇ.

ھۇببۇللاھ... بۇ قۇرئانى ئاتالغۇ ھەم « ئاللاھ نىڭ ياخشى كۆرىشى » ھەم « ئاللاھ نى ياخشى كۆرۈش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى خۇددى ئاللاھ نىڭ ۋەدۇد ئىسمىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ نىڭ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن ئەسمائى ھۇسناسىدىن بىرى بولغان بۇ مۇبارەك ئىسمىمۇ، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان - ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈلىدىغان شەكلىدە قوش مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ مەۋجۇدىيەتكە يەرلەشتۈرگەن جەلپكارلىق بولۇپ، بۇنىڭ مەنبەسى ئەل- ۋەدۇد ئىسمىدۇر ( 85:14 ). ئاللاھ نىڭ ئەل - ۋەدۇد ئىسمى، ئەبەدىي ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرۈلۈشنى خالىغان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەل - ۋەدۇد بولغان ئاللاھ تىن چۈشكەن سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋۇدد، بۇنىڭغا قارىتا ئاللاھ قا يۈزلەنگەن سۆيگۈ ھۇبب بولىدۇ. ۋۇدد ئەل - ۋۇدۇددىن چۈشكەن رەھمەت يامغۇرى، ھۇبب بولسا بۇ يامغۇرنىڭ قەلبتە ياشناتقان ئۈرقى.

ھەر ئاشق بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. بۈيۈك ئاشق، بۈيۈك بەدەل تەلەپ

قىلىدۇ. ئاللاھ مۇھەببىتى ئەڭ بۈيۈك ئاشقتۇر. ئۇ ھالدا بەدەللەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى، ئاشقلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئىشقىڭنى ئىسپاتلا دەيدۇ شۇ ئايەت :ئېيتقىنكى، « ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار ( ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار )، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرۈدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تىن، ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ( يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار )، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھ نىڭ ئەمر ( يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى ) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ( يەنى ئاللاھ نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى ) ھىدايەت قىلمايدۇ » ( 9:24 ).

سۆيگۈ شۇنداق بىر قەدرىيەتكى، دەۋتى ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ھەق تەلەپ قىلماسلىق ھەققىدە ئاللاھ قا ۋەدە بەرگەن پەيغەمبەرگىمۇ، ئىنسانلاردىن مېھرى - مۇھەببەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇلغان ( 42:23 ).

ئەسلەپ باقايلى: سالىھات ئاكتىپ ياخشىلىق، ھەسانات پاسسىپ ياخشىلىق ئىدى. سالىھات ياخشىلىقنى كۆپەيتكەن ئىجتىمائىي خاراكتېرلىق ياخشىلىق ھەرىكىتى بولۇپ، ھەسانات شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن چەكلەنگەن بىر كىشىلىك ياخشىلىقتىن ئىبارەت. سالىھاتنىڭ نەتىجىسى ئۈچىنچى شەخسلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا، نىجادلىقىغا ( سالاھ ) ۋە تىنچلىق ( سۇلھ ) ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشىلىقتۇر.

ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ نىڭ كىتابىدا سالىھات ئۈچۈن « مېھرى - مۇھەببەت پەيدا قىلىش » ۋەدە قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ مانا بۇ خوشخەۋەر: « ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ( سالىھ ) ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن، مېھرى - مۇھەببىتى چەكسىز بولغان ئاللاھ ( ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ) بىر مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ »( 19:96 ).

بەزىلەرنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى سالىھ ئەمەللەرنى، سالىھ ئەمەللەرى مېھرى – مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ. مانا بۇ ئايەت مۇشۇنداق

كىشىلەر ھەققىدە توختالماقتا. چۈنكى، ئاكتىپ ياخشىلىق مېھرى - مۇھەببەتسىز بولمايدۇ. ئاللاھ داۋاسى مۇھەببەتسىز بولمايدۇ.

## قەلبىنىڭ سالىھ ئەمەلى - داۋا ئىشقى

داۋاسى بولمىغان كىشىنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. داۋا، ئارزۇ ۋە دۇئا ئوخشاش بىر سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن سۆزلەر بولۇپ، داۋاسى يوقنىڭ ئارزۇسىمۇ يوق دېگەنلىكتۇر. ئارزۇسى بولمىغان كىشىنىڭ دۇئاسىمۇ بولمايدۇ. دۇئاسى يوق كىشىگە ئىلاھىي كالام مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىڭلار سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ » ( 25:77 ).

داۋا ئىگىسى بولۇش، بىر ئازۇغا ئىگە بولغانلىق بولۇپ، ئۇلۇغ ئارزۇغا ئىگە بولغانلار ھەقىقەتنىڭ ۋە مەنانىڭ پېشىدىن ماڭىدۇ. ئىنكارچىلىق بىر مەنىۋىي رادىئاسىيۇنغا ئوخشاش يۈرەكلەرگە سىڭىپ كىرىپ، ئىمانلارنى پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان بىر دۇنيادا، كېلەچەكنى داۋا روھىغا ئىگە كىشىلەر قۇرۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، داۋاسى بولغانلار خىيال قىلىدۇ، چۈش كۆرىدۇ.

ئافرىقىدىكى يېتىملارغا ئىگە - چاقا بولۇش ئۈچۈن ئافرىقىغا تۇنجى قېتىم بارغاندا، مېنى قورقۇتقان بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم. ئافرىقا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە پۇل ياكى تېخنىكا ۋەياكى ئاشلىق ئەمەس، بەلكى « چۈش »كە ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ ھالىنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدىن « بۇ كىشىلەر چۈشنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ » دېگەن جۈملە ئۆتتى. بەلكىم بۇ جۈملىنىڭ توغرىسى مۇنداق بولسا كېرەك: « بىرسى ئۇلارغا چۈشنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. ئۇلار خىيال قىلىشنى، ئارزۇ تىكلەشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ». بارلىق مەسىلەرنىڭ ئاستىدا ياتقان سەۋەپ بۇ ئىدى. ئەگەر بىر كۈنى چۈش كۆرۈشكە باشلىسا؛ بىر كۈنى ئوغۇرلانغان خىياللىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ پېيىغا چۈشسە؛ ئىشىنىمەنكى، ئافرىقىنىڭ قارا بەختى

ئاقىرىشقا باشلايدۇ ۋە ھېچكىم ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ.

داۋا ساھىبى بولۇشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشق بولمايتۇرۇپ داۋا ئادىمى بولغىلى بولمايدۇ. بۇنى ئۆمرۇم بويىچە بىر قانچە قېتىم تەجرىبە قىلدىم. ئىنسان يېتىشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بېغىشلايسىز. ئۆمرىڭىزنى سەرىپ قىلىسىز، ئەڭ چىچەن كىشىلەرنى تاللايسىز، بارلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ئاتايسىز. ۋاقتىڭىزنى، ھەتتا نەچچە ئون يىلىڭىزنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئوقۇتىسىز، بىلىم بىلەن قوراللاندۇرىسىز. بېغىشلايسىز، لېكىن بىلىم ھەرىكەتكە ئۆتىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولمايدۇ. ئەگەر ئىزچىل شاھىتلىق ھالىتىگە ئايلانغان ئىشقى - مۇھەببەت بولمىسا، بىلىمى كۆپەيگەنسىرى مەسئۇلىيىتى ئازىيىدۇ. ئەگەر كىشىدە مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئايلانغان ئىشقى - مۇھەببەت بولمىسا، بىلىمى كۆپەيگەنسىرى ھارغىنلىقى ئېشىپ باردۇ. ئەگەر كىشىدە خاشيەت ( ئايرىلىپ قېلىش قورقۇسى ) غا ئايلانغان بىر ئاشق بولمىسا، بىلىمى ئاشقانسىرى، سالىھ ئەمەللىرى ئازىيىدۇ. مانا بۇ ۋاقتتا، ئىزچىل شاھىتلىق بولغان ئىشقىنىڭ، بىلىمنى ئاڭغا ئايلاندۇرىدىغان بىر ئېكسىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسىز.

بىرەر كىشىنىڭ يارامىلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا يار - يۆلەكتە بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىسىز. ئۆزىڭىزگە تەۋە بولغان نەرسىلەردىن تارتىپ ۋاقىت، ئەجىر سەرىپ قىلىسىز. شەپقىتىڭىزنى بېغىشلايسىز. ئۆيىڭىزگە، ئۆمۈرلىك جۈپتىڭىزغا، يۈرەك پارىڭىزى بولغان پەرزەنتلىرىڭىزگە ئايرىيدىغان ۋاقتىڭىزنىمۇ ئۇنىڭغا ئاتايسىز. مۇشۇنداق قىلىپ بىر يەرگە كېلىسىز، لېكىن نەتىجىدە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز. نېمە سەۋەپتىن بۇنداق بولغانلىقىنى بىلگىڭىز كېلىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدا ئاچچىق ھەقىقەت بىلەن يۈزلىشىسىز: قارشى تەرەپتە ئىشتىياق يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىسىز.

چۈنكى، ئىشتىياق بەرگىلى بولىدىغان، ئۆگەتكىلى بولىدىغان بىر نەرسە ئەمەس ئىكەن. ھەر نەرسىنى ئۆگىتەلەيدىكەنسىز، لېكىن ئىشتىياققا كەلگەندە چارىسىز قالىدىكەنسىز. ئەگەر ئىشتىياق بولمىسا،

ئىچىدىن كەلمىگەن ئۇ ئىشتىياقنى باشقا يەردىن ئېلىپ يۈرەككە سالالمايسىز.

ئاكتىپ ياخشىلىق ئىشتىياقسىز بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى كەرە ئىككى تۆت بولغاندەك روشەن بىر ھەقىقەت... ئىنساننى ھەرىكەتكە ئۈتكۈزىدىغان سىرلىق كۈچ ئىشتىياقتۇر. ئىشتىياق بولمىسا، ھەممە نەرسە تەل بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرىدۇ. ھەتتا، ئىشتىياقى بولمىغان بىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ بەرگەنلىكىڭىز، ئۇنىڭ كالامپايلىقىنى ئاشۇرغانلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ، خالاس. شەرت - شارائىت موتۇرغا ئوخشايدۇ، لېكىن موتۇرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يېقىلغۇ يوق. بۇنداق ئەھۋالدا، موتۇرنىڭ چوڭلۇقى ۋە كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇسەۋەپتىن، ئىشتىياقسىز ئىمكان، يېقىلغۇسى يوق موتۇرغا ئوخشايدۇ. قابىلىيەت بىر ئۇستىلىق بولۇپ، ئۇ چوقۇم داۋاسىغا ئۆزىنى ئاتايدىغان بىر ئىشتىياق بىلەن كۈچلەندۈرۈلىشى كېرەك، مانا شۇ چاغدا ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك بولىدۇ.

« ئوقۇ » ئەمرىنىڭ يەنە بىر مەنىسى، پاسسىپ ئەقىلنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈش بولۇپ، « ئاللاھ نامىدىن، ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن » ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇ ئەقىلدىن ھېچ چىقماسلىقى كېرەك بولغان بىرسى بار - ئاللاھ. ئەسىادى ئاللاھ بولغۇچىنىڭ داۋاسى ئاللاھ بولىدۇ. داۋاسى ئاللاھ بولغۇچى، ئاللاھ نىڭ داۋاسىغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن يېپىشىدۇ. ئاللاھ داۋاسىغا مۇھەببەت بىلەن يېپىشقۇچىنى، ئۇ ئىشتىياق شۇنداق بىر ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇكى، تىللارغا داستان بولىدۇ.

## داۋا ئىشقى، بارلىق ئىشقى - مۇھەببەتكە باش بولغان ۋاقىتتا...

داۋا ئىشقى بارلىق ئىشقى - مۇھەببەتكە باش بولغاندا قانداق بولىدۇ؟

ئۆز ھالى بىلەن يۈرگەن بىرسىنى، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلغۇچى بىرەر كۈچ مەركىزىگە ئايلاندۇردۇ. ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشنى بىلىدىغانلار بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. « بۇ كىشى، بىزنىڭ پالانچىمۇ؟ » دېگۈزىدۇ. باشقىلار ئۇنى تونۇيالماي قالىدىغان، ھەتتە ئۇنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈشىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدا بولغان ئىشتىياقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ ئۆزىدە بولماسلىقى، خالاس.

داۋا ئىشقى قەلبىگە يەرلىشىشتىن بۇرۇن باشقا بىرىنىڭ جەلپكارلىقىغا مەستخۇش بولغان كىشىنىڭ، ئەگەر قەلبىدە داۋا ئىشتىياقى پەيدا بولسا، ئۇ جەلپ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. ئەتراپىدىكى ھەممە كىشىنى ۋە ھەر نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئىشق قولى تەگكەن ھەممە نەرسە ھەرىكەتلىنىشكە، مېڭىشقا، يۈگرەشكە باشلايدۇ. ئەسۋاپلارمۇ ئۇنىڭ قولىدا باشقىچە بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. جانسىزلاردا جان، روھسىزلاردا روھ پەيدا بولىدۇ. ئىمكانسىزلىقلار ئۇنىڭ قولىدا ئىمكانغا، ئۈمىتسىزلىكلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىتكە، دەرتلەر ئۇنىڭ تىلىدا دەرمانغا ئايلىنىدۇ.

ھۇۋەيلىدىنىڭ قىزى خەدىچەنى « بۈيۈك خەدىچە ( خەدىچەتۇل - كۇبرا ) » قىلغان دەل مانا بۇ ئىشق ئىدى. ئۇ ئۆز ھال - ئەھۋالى بىلەن ئاۋارە، رەسۇلۇللاھ بىلەن تونۇشىدىن بۇرۇن، ئىككى قېتىم تۇل قالغان بىر مەزلۇم بولۇپ، يېتىم قالغان باللىرىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغانىدى. ئالدىغا ئەخلاقىغا ھەۋەسى كېلىدىغان ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدتىن ئىبارەت بىر قىسمەت چىقىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىدى. ئۇنىڭ ۋەلىسى بولغان چوڭلار بۇ نىكاھقا قارشى چىققان بولسىمۇ، خەدىچە تەشنا بولغان نەرسىنى ئۇنىڭدىن تاپتى ۋە ھاياتىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتۈردى. چۈنكى، خەدىچە ئۇنىڭ ئىنسانلىقىغا ۋە شەخسىيىتىگە مەپتۇن بولغانىدى.

پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئايالى ۋە باللىرىنىڭ ئانىسى بولۇشتىن باشقا بىر داۋاسى بولمىغان خەدىچەنىڭ باغرىغا، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار بولغان بىر ئىشق ئوتى چۈشكەنىدى. چۈنكى،

خەدىچە مۇھەببەتنىڭ باغرىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ ئىشقى مۇھەببەت ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: « ئەي خەدىچە، سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭ پەقەت سەن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقانلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس. سەن پەقەت بالىلىرىڭنىڭلا ئەمەس، مۇئمىنلەرنىڭمۇ ئانىسى! شۇڭا، پەقەت تۇغقان بالىلىرىڭغىلا ئەمەس، سەن تۇغمىغان پەرزەنتلەرگىمۇ ئانا بولىسەن! ».

ئۇ، ئانىلىق باغرىنى پەقەت ئىمان ئېيتقان تۇنجى نەسلگە ئاچمىدى. ئۇ ۋەھيي بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان تىگىرقاشنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان ئاللاھ رەسۇلىغا ۋە ۋەھيىگە ئانىلىق باغرىنى ئاچتى. ئاللاھ رەسۇلى ھىرا غارىدا ۋەھيىنى ئېلىپ قورققان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ھەزرىتى خەدىچە ئۇنىڭغا مۇنداق تەسەللى بەرگەنىدى: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىزمۇ يەرگە قاراتمايدۇ! چۈنكى، سەن سۆزىگە سادىق بىر كىشى، ئەقرىبالىق باغلىرىغا ئەھمىيەت بېرىسەن، ئىگە - چاقىسىزلارغا باش - پاناھ بولىسەن، مېھماندوست، ھەقنىڭ ئىگىسىنى تېپىشىغا ياردەم قىلىسەن ».

داۋا ئىشتىياقى ئۇنى، مەككىدىكى يېڭى يېتىلىۋاتقان ئىمان جامائىتىنىڭ ئانىسىغا ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ، ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا بولغان، ماكان كورلۇققا گىرىپتار بولغان دەۋر بولۇپ، ھەزرىتى خەدىچە مەككىنىڭ ئەڭ باي ئاياللىرىدىن بىرى ئىدى. شىرىك تىجارەت يولى بىلەن مال - دۇنياسىنى كۆپەيتكەن بولۇپ، خەدىچە ئانىنىڭ بارلىق مال - دۇنياسى، پەيغەمبەرلىكتىن كېيىنكى توققۇز يىل ئىچىدە داۋا يولىدا سەرپ قىلىنىپ تۈگىدى. ئىمان جامائىتى، ئۆزلىرىگە قارىتىلغان قاتتىق ئېمبارگودىن ساق - سالامەت چىققان بولسا، بۇ ئازراق بولسىمۇ ئۇنىڭ داۋا ئىشتىياقى سايىسىدە بولغانىدى. « بۈيۈك » خەدىچە، ھاياتىنى ئاشقىغا، ئىشقىنى ئىمانىغا شاھىت قىلغان ھالدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇنىڭ ئىسمى بارلىقىنى ئىشتىياق بىلەن ئاتىلانغان ئاللاھ يولىدىكى داۋاغا سەرپ قىلغانلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا يېزىلدى.

ھەزرىتى ئەلىنى شىرغا ئايلاندۇرغان ئاشق ئىدى. ئۇنىڭ 57 يىللىق

ئۆمرى، بىر ئىشققا / داۋاغا بېغىشلانغانىدى. ھەزرىتى پاتىمە ھاياتىنىڭ ۋاقتىدىكى بەيئەت قىلمىغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرگە، كېيىن نېمە ئۈچۈن قارارىنى ئۆزگەرتىپ بەيئەت قىلغانلىقىنى سورىغانلارغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن داۋا ئاشىقى ئىدى ئۇ: «كىشىلەرنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زەرەر كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكتىن قارارىمنى ئۆزگەرتىپ بەيئەت قىلدىم ».

ئۆزىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزىمۇ ياخشى كۆرىدىغان سەھل ب. ھۇنەيف ۋاپات بولغاندا، ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېگەنىدى: « ئەگەر مېنى بىر تاغ ياخشى كۆرگەن بولسا، كۇكۇم - تالقان بولاتتى ». سەھل ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ھاياتى بىلەن ئىسپاتلىغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەزرىتى ئەلى سۈيقەستكە ئۇچراشتىن بۇرۇن قاتىلىنى تونۇيدۇ. ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىلغانلارغا، « ئۇ تېخى مېنى ئۆلتۈرمىدى » دەيدۇ. بۇ مۇئامىلىسىنى ئەقىل بىلەن ئەمەس، پەقەت مۇھەببەت بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. قاتىلىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلىشىمۇ، بۇ ئۇلۇغۋار داۋاغا بولغان ئىشتىياقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىشىدىن زىيادە، كىم ئۈچۈن ياشاپ، كىمنىڭ يولىدا ئۆلىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنىدى. لەۋ كۇشفە لىيەل غېتا ما ئەزدەدتۇياقېنەن ( پەردە كۆتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ تەقدىرىم ئۆزگەرمەيتتى ) دېگۈدەك دەرىجىدە ئاشىق ئىدى. ئالللاھ قا بولغان مۇھەببىتى بىر قېتىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگۈزگەنىدى: « ئىلاھىم، سەييىدىم، مەۋلام، رەببىم! سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئازابىڭغا سەبىر قىلىمەن، ئەمما سەندىن ئايرىلىپ قېلىشقا قانداقمۇ چىدايمەن؟ ئى رەببىم، ماڭا ياردەم قىلغىن! ئوتۇڭغا چىدايمەن، لېكىن سېنىڭ كەرەملىك بېقىشىڭغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەي؟ ».

شاھادىتىگە سەۋەپ بولغان سۈيقەستكە ئۇچراپ بىرىنچى خەنجەر ۋۇجۇدىغا ئۇرۇلغاندا بەرگەن جاۋابى مۇنداق ئىدى: « كەبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مانا ئەمدى قۇتۇلدۇم ». بۇنى ئادەتتىكى بىر

چۈشەنچە بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. بۇنى پەقەت رەببىگە بولغان ئىشقى ـ مۇھەببەت بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

مانا بۇ ئىشقى ـ مۇھەببەتنى بىز، مەئۇنە قۇدۇقى ئەتراپىدىكى بۆكتۈرمىدە شەھىد قىلىنغان 70 مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىسى ئامىر ب. فۇھەيرەدە كۆرىمىز. قاتىلى جاببار، خەنجەرنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرغان ۋاقتىتا، ئامىر ب. فۇھەيرەنىڭ ئاخىرقى سۆزى: « مانا ئەمدى غەلىبە قىلدىم » بولغانىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنى « سىددىق » قىلغانمۇ داۋاغا بولغان ئىشقى ـ مۇھەببىتى ئىدى. خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كۈنى، « ئىچىڭلاردا ئەڭ ياخشى كىشى بولمىغان بولساممۇ، سىلەرنىڭ يېتەكچىڭلار بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم » دېگەن ۋە ساھابىلەردىن خاتالىشىپ قالسا تۈزىتىپ قويىشى ھەققىدە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن « ئەگەر سەن خاتا يولغا ماڭساڭ، بىز سېنى قىلىچىمىز بىلەن توغرا يولغا باشلايمىز » دېگەن جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قا ھەمد ئېيتمەن دېگەنىدى. بۇنىڭ رىئال سىياسەت، رىئال سىياسىي مۇئامىلە بىلەن ھېچقانداق بىر ئالاقىسى يوق. بۇنى پەقەت ئاللاھ قا بېغىشلانغان مۇھەببەت بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. ئۇ ئىككى يىل بويىنچە باشقا ئىش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن غەزىنىدىن خەلىپىلىك مائاشى ئالغان، لېكىن ۋاپاتىغا يېقىن ئالغان مائاش مىقدارىنىڭ ھەممىسىنى غەزىنىگە قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. بۇنى ئادەتتىكى بىر چۈشەنچە بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق قىلىشى، دىنىنىڭ تەلىماتى بىلەنمۇ بولمىغانىدى. بۇنى پەقەت ئاللاھ قا بېغىشلانغان مۇھەببەت بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەرنى « فارۇق » قىلغانمۇ داۋاغا بولغان ئىشقى ـ مۇھەببىتى ئىدى. يولدا كېتىۋاتقاندا، « ئاللاھ تىن قورق ئى ئۆمەر! » دېگەن بىرىگە، « ئۆمەر كىمكى، ئاللاھ تىن قورقمىغىدەك! » دەپ جاۋاپ بەرگەن ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر ھازا بۇقۇلداپ يىغلىغانىدى.

سۈيىقەست سەۋەبىدىن ئېغىر يارىلانغانىدى ھەزرىتى ئۆمەر.

ئۇ قاتلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكىمۇ قىزىقمىغان بولۇپ. ئۇنىڭ بىردىنبىر قىزىقىشى: ئاللاھ نىڭ ئۆزىنى مەغپىرەت قىلىپ - قىلماسلىقى ئىدى. مانا بۇ سەۋەپتىن، يارىسىدىن قان ئېقىپ تۇرسىمۇ، مۇنداق دەيتتى: « ئاللاھ سېنى مەغپىرەت قىلمىسا، ئاناڭ ساڭا يىغلىسۇن ئەي ئۆمەر! ». ئاللاھ قا بولغان مۇھەببەتنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا، بۇ مۇئامىلىنى ئىزاھلىيالمايسىز.

## داۋاسىغا ئاشىق بولغۇچىنى كۆرمەكچى بولغانلار رەسۇلۇللاھقا قارىسۇن

« مۇشرىكلار «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرىگە نازىل قىلىنمىدى؟ دېيىشكەنىدى ( 43:31 ). ئىككى شەھەر دەپ مەككە ۋە تائىفنى، بۇ شەھىرلەرنىڭ كاتتىلىرى دەپ مەككىلىك ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ۋەلىد ب. مۇغىرە ۋە تائىفلىق شائىر ئۇمەييە ب. ئەبىس سالتنى نەزەردە تۇتۇشقانىدى. بۇ ئىككى كىشىنىڭ داڭقى، مال - مۈلكى، بىلىمى ۋە تەجرىبىسى بار ئىدى.

ئۇلار ئىمانغىمۇ يىراق ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم، ۋەلىد قۇرئاننىڭ مىسلىسىز جەلپكارلىقىغا مەپتۇن بولغان بولۇپ، بۇ ئۇنى ئىمان ئېيتىش باسقۇچىغىمۇ ئېلىپ بارغانىدى. لېكىن، بىر دوستىنىڭ « سېنىڭ ۋاباللىڭنىڭ ھەممىسى ماڭا بولسۇن » دېيىشى بىلەن، ئىمان ئېيتىشتىن يېنىۋالغان ۋە يۈزلەنگەن ئىماندىن يۈز ئۆرىگەنىدى.

تەپسىرلەردە نەقىل قىلىنىشىچە « ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۇستىگە ئالالمايدۇ » ( 53:38 ) ئايىتى بۇ ۋەقە سەۋەپلىك نازىل بولغان.

بۇ، داڭلىق شائىر ئۇممەييە ئۇچۇنمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ ئىمان ئېيتىش ئۇچۇن شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يولدا تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ بەدىردە ئاللاھ رەسۇلىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلىك

خەۋرىنى ئالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتىش قارارىدىن يېنىپ، بەدىردە ئۆلگەن مۇشرىكلار ئۈچۈن هازا تۇتۇشقا باشلىغانىدى.

بۇ ئىككى ۋەقەدىن، بۇ كىشىلەرنىڭ مەيلى ئىماندا بولسۇن ياكى كۇپرىدا بولسۇن، هېچبىرىدە سادىق ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. يەنى ئۇلار هەققە ۋە هەقىقەتكە ئاشىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىردەم ئىمان ئېيتىش نىيىتىگە كەلگەن، بىر ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن قارارىدىن يالتىيىۋالغان. هالبۇكى، هەققە مەپتۇن بولغان كىشى، ئۆلسىمۇ ئىماندىن يانمايدۇ.

« بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەهەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرىگە نازىل قىلىنمىدى؟ » دېيىشكەنلەر، بەلكىم بۇ ۋاداغا بۇلغان ئىشتىياقنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى. بىز ئۇ ئاشقنى، ئالللاھ رەسۇلىدا كۆرىمىز. مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىگە هۆكۈمران بولۇش، يېتىپ — ئاشقىدەك مال - دۇنيا بېرىش، خالىغان ئايالنى ئەمرىگە ئېلىش... قاتارلىق تەكلىپلەرنى سۇنغانىدى. ئۇ بۇ تەكلىپلەرنىڭ هەممىسىنى رەت قىلىپ، پەقەت هەقىقىي داۋا ئىشتىياقىغا ئىگە كىشىلا قىلالايدىغان شۇ تارىخىي سۆزنى قىلغانىدى: « ئى تاغ، ئالللاھ بىلەن قەسەمكى! ئوڭ قولۇمغا كۈننى، سول قولۇمغا ئاينى بېرىپ، " بۇ داۋادىن ۋاز كەچ " دېسە، ئالللاھ تىن بىر ئەمىر كەلمىگىچە بۇ داۋادىن يانمايمەن! ». ئۇ، بۇ پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ جەلپكارانە تەكلىپىنى رەت قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ هاياتىنىمۇ خەتەرگە ئاتقانىدى.

تەرك قىلىش / كېچىش، ئاشقلارنىڭ تەبىئىيتى ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ كەچكەنىدى. چۈنكى، ئۇ جاندىن كەچمەي تۇرۇپ جانانغا يەتكىلى بولمايدىغانلىقنى بىلەتتى. ئۇ خەلقنىڭ قىزىقىشنى تەرك ئەتتى، هەقنىڭ نەزىرىگە ئېرىشتى. ئۇ، مۇقەددەس سەۋداسىغا مايىل بولدى. رەببى ئۇنى، « ئۇلارغا بەرگەن ئۆتكۈنچى دۇنيا نېمەتلىرىگە كۆز سالمىغىن » ( 15:88 ) دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئەڭ يېقىنلىرىنىڭ نەقىل قىلىشچە، ئۇ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن تارتىپ ئات، قىزىل تۆگىگە ئوخشاش بۇرۇندىن تارتىپ ياقتۇرىدىغان دۇنيالىقلارغا بىرەر قېتىم قانغىدەك قاراپ

باقمىدى. ئالىمھادىس قاراپ قالغان بولسا، خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك كۆزىنى باشقا ياققا بۇراپ، يەرگە قارىغاندى.

رەسۇلۇللاھ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ساداقىتىنى سۆيگۈ تارازىسى بىلەن ئۆلچىگەندى. ئۇ ئۈممىتىگە مۇنداق دېگەندى: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر، ئىمان ئېيتمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر ». ئۇ، خاتالىق سادىر قىلغانلارنىڭ خاتالىرىنى، مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تارتتى. بىر سودىيەگە ئوخشاش ئەمەس، بەلكى بىر ئاشىق كۆزى بىلەن ئۇلارغا قارىدى. مەسىلەن، ئۇرۇش مەزگىلىدە « ۋەتەن خائىنلىقى جىنايىتى » قاتارىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىر خاتالىق سادىر قىلغان خاتىب ب. ئەبى بەلتەئەگە قىلغان مۇئامىلىسى بۇنىڭ تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئاللاھ رەسۇلى جىھادقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، باشقىلارمۇ تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، لېكىن ھېچكىم قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەتتا بۇنى ئەڭ يېقىنلىرىمۇ بىلمەيتتى. بۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ مەككىگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان خاتىب ب. ئەبى بەلتەئە، بۇ ئەھۋالنى بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن يېزىپ مەككىلىكلەرگە مەخپىي ھالدا ئەۋەتتى. بۇ بىچارە ساھابىنىڭ يېقىنلىرى مەككىدە تۇرىۋاتقان ئەسىرلەرگە ئوخشايتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا بىرە خەتەر يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمەن دەپ ئويلىغانىدى. خەت قولغا چۈشۈرۈلدى، خاتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. ھەزرىتى ئۆمەر، خاتىبنىڭ بۇ ئىشىنى خىيانەت دەپ قاراپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرگەندە، « ماڭا ئىجازەت بەرگىن، بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي، ئى رەسۇلۇللاھ! » دېدى. مانا بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلكىدە دۆلەت ۋە زولۇق / دېكتاتۇر تارازىسىنىڭ ئورنىغا، مۇھەببەت ۋە شەپقەت تارازىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز:

- ئۇنى قويۇپ بەر ئى ئۆمەر! ئۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ، - دېگەندى.

ئاللاھ رەسۇلى زامانىدا ئابدۇللاھ ئىسىملىك « ئېشەك » دەپ

لەقمى بار بىر كىشى بار ئىدى. قىلىقلىرى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنى كۈلدۈرەتتى. ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۇنى جازالىغانىدى. يەنە بىر قېتىم ھاراق ئىچىپ تۇتۇلۇپ قالغان ۋە جازا بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىم جازالانغانلىقىنى كۆرگەن بىر كىشى: « ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! نېمىشقا ھاراقنى تاشلىمايسەن »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: « ئۇنداق دېمە، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇما! ئۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنى بىلمەمسەن؟ » دېگەنىدى.

ئۇنىڭ مېھرى ـ شەپقەت تارازىسىنى ئىشلەتكەن ۋەقەلەر ئارىسىدا، ئۆزلىكىدىن ئېتىراپ قىلغان ۋە چىڭ تۇرىشى بىلەن، ئۆتكۈزگەن زىنا سەۋەپلىك ئىبرەتلىك جازا بېرىلگەن گامىد قەبىلىسىگە مەنسۇپ بىر ئايالمۇ بار ئىدى. بۇ ئايالغا شەرىئەت ھۆكمى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىدە كەلسە ـ كەلمەس گەپ ـ سۆز قىلغانلارغا، ئۇنىڭ « مۇھەببىتىنى » دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەمدى ئۇنىڭ ھەققىدە ئارتۇق قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

## ئىچىگە ئاشىق كىرگەندە، ئىبادەت « كۆز نۇرى »غا ئايلىنىدۇ

« ماڭا بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە ياخشى كۆرسىتىلدى، ئايال ۋە خۇشبۇي ئەتىر، ناماز كۆزۈمنىڭ نۇرى قىلىندى » دېگەنىدى رەسۇلۇللاھ.

نامازنى چۈشەندۇق، خۇشبۇي ئەتىرنىمۇ چۈشەندۇق دەيلى، « ئايال »نى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئىنسان ئايالنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ، ياخشى كۆرىشى كېرەك. ئاللاھ رەسۇلىمۇ « ئايال » زاتىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ھېچ يوشۇرماي، ئېنىق قىلىپ دەۋاتىدۇ. بۇ مۇئامىلىنىڭ تەگدىشى يوق. كۈنىمىزدىكى مۆتىۋەر زاتلارغا، ھۆرمەتلىك شەيخلەرگە، ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان ئۇستازلارغا، ئاياللارغا غەلىتە مۇئامىلە قىلغانلارغا بۇنداق بىر سۆزنى ئېيتقۇزالامسىز؟ ھەرگىز

مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق دىسە، ئىپتىۋارى، ئابروينىڭ تۆكۈلدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئەمما، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ مەسلىدە ئۆزگە ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

نەقلىدە، ناماز بىلەن ئايال كىشى ئوخشاش بىر جۇملىدە تىلغا ئىلىنىدۇ. ئىشنىڭ سىرى مانا بۇ يەردە. ئايال كىشى ھىسسىي ۋە ماددىي بىر نېئمەت بولۇپ، ناماز ئىبادى ۋە مەنىۋي بىر نېئمەت. بۇ ئىككىسى قانداق بولۇپ ئوخشاش بىر جۇملىدە يانمۇ - يان تىلغا ئىلىنىدۇ؟

ئەگەر ئىبادەتلىرىڭىزنىڭ ئىچىگە مۇھەببىتىڭىزنى سىڭدۈرسىڭىز، نامىزىڭىز « كۆزىڭىزنىڭ نۇرى »غا ئايلىنىدۇ. سۆيگۈنىڭىزگە ئىشقىڭىزنى ئىزھار قىلغاندەك، نامازغىمۇ مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلالىسىڭىز، « سىنى ياخشى كۆرىمەن ناماز »، « كۆزۈمنىڭ نۇرى، كۆڭلۈمنىڭ قوياشىسەن ئەي ناماز! » دەيسىز. ئاللاھ رەسۇلى دەل بۇنى قىلغاندى.

ئەگەر ناماز دۇنيادا سىزنىڭ ئاشىقىڭىز بولسا، نامازنى ئاخىرەتكە ئىلىپ بارىسىز. چۈنكى، ناماز دۇنيادا بار، جەننەتتە يوق. ئىبادەت بۇ دۇنيادا بولۇپ ئۇ دۇنيادا يوق. ئاخىرەتتە ئىبادەت يوق، پەقەت مۇھەببەت بار. جەننەتتە ئىبادەت تۈگەيدۇ، مۇھەببەت داۋام قىلىدۇ. ئۇنداقتا، نامازنى دۇنيادا ئوقۇيسىز، ئوقۇغان نامىزىڭىزنىڭ ئىشقى ئاخىرەتتە سىزنى ئەبەدىي شادلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ناماز ئاشىقىڭىز بولسا قانداق بولىدۇ؟ ناماز ئۆزى تەبلىغچى، دەۋەتچى بولىدۇ. خۇددى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ نامىزىغا ئوخشاش... ھەمزىنىڭ جاسارىتىدىن، ئۆمەرنىڭ شجائىتىدىن قورقمىغانلار، ئەبۇ بەكرىنىڭ نامىزىدىن نىمە ئۈچۈن قورققانىدى؟

ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئىگىز تاملار بىلەن ئورالغان ئۆيىدە ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. لىكىن، ئۇنىڭ نامىزىدا بىر پەرق، يەنى، مۇھەببەت بار ئىدى. ئۇ نامازنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى. ناماز ئوقۇغاندا كۆز يىشى تۆكەتتى، قۇرئان ئوقۇيتتى. بۇ ئۇنى ئاڭلىغانلارغا قاتتىق تەسىر قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئەھۋالدىن بىئارام بولغان مەككىنىڭ مۇشرىك

كاتتىلىرى، ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقان ئىبنى دۇغۇننەگە شىكايەت قىلدى. پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئوقۇلغان نامازنىڭ باشقىچە تەسىرى بولىدىغانلىقى ئېنىق.

بۇ يەردە نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك بولغان نۇقتا شۇ: بەشەر ( ئىنسان )ى سۆيگۈ بىلەن ئىزهار قىلغان ئىشقى مۇھەببىتىگىز ئىنسانىنىڭ فىترىتى ۋە ئەخلاق پاكلىقى بىلەن بىردەك بولىشى كېرەك. لېكىن، بەشەرنىڭ بۇ ھالىنى ئۆلچەيدىغان تارازىسىنىڭ يوقلىقى مەلۇم. نامازغا بولغان مۇھەببەت، ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىلەن بىرگەۋدە بولۇش مەسىلىسىدە، رەببىمىزنىڭ تەلىپىگە جاۋاپ قايتۇرىشىمىز بولۇپ، بۇنى ئۆلچىگۈچى رەببىمىزدۇر.

ئەسلىدە قۇرئاندا بايان قىلىنغان ۋە ھەر مۇئمىنىنىڭ قەسەمنامىسى بولىشى كېرەك بولغان شۇ ئايەت، بىر ئاشىق تەلىمى سۈپىتىدە ئالدىمىزدا تۇرماقتا: «ئېيتقىنكى، "مېنىڭ بارلىق ئارزۇ—تىلەكلىرىم، پۈتۈن ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر! " » ( 6:162).

## ئاشىق پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ

ئاشىق پىدا قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىنى باشقىلارمۇ كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانىدى. بۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا مۇپتىلا بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەتمىگەن بولسا، زەيد ب. ئامر ئۆلدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر سۈرگۈن بىلەن چۆلگە قاچاتتىمۇ؟ ۋەرەقە، ئوسمان ب. ھۇۋەيرىس، ئۇبەيدۇللاھ ب. جاھش بۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن كىشىلەر ئىدى. بۇلار قۇرەيشنىڭ ھەق يول ئىزدىگۈچىلىرى ئىدى. بۇلاردىن باشقا ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە مەنسۇپ بولغانلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى كىشىلەر ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئاكتىپ ئەمەس، پاسسىپ ياخشىلار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنى بۇلاردىن ئايرىپ تۇرغان بىر نۇقتا بار ئىدى. يەنى ئۇ ھەممە نەرسىنى تەرك قىلىپ، ئۆزىنى ھىراغا بەنت قىلغانىدى. تىجارىتىنى، ئىشىنى، ئۆيىنى، ئايالىنى، باللىرىنى، قېرىنداشلىرىنى، دوستلىرىنى، قەبىلىسىنى، قەۋمىنى ۋە شەھرىنى ... تەرك قىلغانىدى. بۇ بىر پىداكارلىق.

داۋا ئادىمى، ۋاز كېچىش ۋە پىداكارلىق ئابدىسى بولالمىسا، ھېچبىر نەرسىنىڭ ئادىمى بولالمايدۇ. ھەر يىڭى پىكرى يىڭى ئاڭلىغان خەۋەر بولغان، قەيەردىن گەپ بولسا شۇ يەردىن قوشۇق سالىدىغان، ئەمەلىيەتتە ھېچبىر ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئۇقۇمۇشلۇقلار، شارائىتى بولمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى پىداكارلىق قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

ئاشق پىداكارلىق كۆرستىش بولۇپ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلار ھەر دائىم ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم يوقلىقى دەۋرى، باشتا پىداكارلىقتىن تارتىپ ئاشقىنىڭ ئۈچ رۇكنىسىغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ يوقلىقى ئىدى. بۇنى بىر قېتىم بۇ ھەقتە ھەسرەت بىلەن ئېيتقان شۇ سۆزىدىن بىلىۋالايمىز: « ئىنسانلار تۆگىگە ئوخشايدۇ، بەزىدە يۈز تۆگىنى بىر يەردە تاپالايسەن، ئەمما ئىچىدىن مېنگۈدەك بىرسى چىقمايدۇ ».

ئىبن ساد نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، بىر قېتىم ئۇ سورۇنىدا ئولتۇرغانلاردىن مۇنداق سورىغانىدى: « ئاللاھ تىن پەقەت بىر نەرسىنىلا تىلەيدىغان بولساڭلار، نېمىنى تىلەيتىڭلار؟ ». سورۇندىكىلەردىن بەزىلىرى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆيگە لىق كەلگۈدەك ئالتۇن - كۆمۈش، بەزىسى جەننەت دېدى. نۆۋەت ھەزرىتى ئۆمەرگە كەلگەندە، مۇنداق جاۋاپ بەردى: « ئاللاھ تىن بىر ئۆي توشقىدەك سالىم، مۇئاز، ئەبۇ ئۇبەيدەگە ئوخشايدىغان كىشىلەرنىڭ بولىشىنى تىلەيتتىم ».

« ئانام - دادام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! »، تۇنجى قۇرئان نەسلىدىن پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بۇ سۆز، يەر يۈزىدە كۆرگىلى

بولىدىغان پىداكارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. بۇنى ئېيتىش ئاسان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش قېيىن ئىدى. تۇنجى قۇرئان نەسلى ئىچىدە شۇنداق كىشىلەر بار ئىدىكى، جەڭ مەيدانىدا كاپىر دادىسى بىلەن ئېلىششقا مەجبۇر بولغان ۋە دادىسىنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ب. جەرراھ ۋە مۇئاز ب. ئامر ب. جەمۇھ بۇلاردىن ئىدى.

بۇ ئاقىۋەت، خۇدىنى يوقۇتۇپ قويغانلىق ئەمەس، بەلكى بۈيۈك بىر پىداكارلىق ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە قولىدىن كېلىشىچە ئۆزىنى دادىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن تارتقان بولسىمۇ، دادىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن، ئۇ مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسىلەرگە ئېغىر ھاقارەت قىلىپ، ئۇنى مەجبۇر قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەبۇ ئۇبەيدە دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قالغانلىقىنى، ھېچقاچان پەخىرلىنىپ ئېيتىپ باقمىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشق بولغان ئىمان يولىدا بېرىشى كېرەك بولغان پىداكارلىق ئىدى.

ئاشقلار ئارقىسىغا قارىمايدۇ. ئارقىسىغا قارىغانلار ئاشق بولغۇچىلار ئەمەس، ئاشقتەك كۆرۈنگەنلەردۇر. ھەزرىتى لۇت بىلەن ئايالىنى ئايرىغان مانا بۇ ئىدى. لۇتنىڭ كۆزى ئارقىدا قالمىدى، لېكىن ئايالىنىڭ كۆزى ئارقىدا قالغانىدى. كۆزى ئارقىدا قالغانلارنىڭ، ئەمەلىيەتتە كۆڭلى ئارقىدا قالدى دېگەن گەپ. ئاللاھ مۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى كۆڭلى قالغان يەردە قالدۇرۇپ قويىدى.

قۇرئاندا ئىبرەت خاتىرىسى سۈپىتىدە ياد قىلىنغان پىرئەۋنىنىڭ ئايالى ئاسىيە بىر ئاشق ئىدى. ئۇ مۇئمىن سۆرىسىگە ئىسمى بېرىلگەن مۇئمىن كىشىگە ئوخشاش ئىمانىنى ساقلىيالايتتى ياكى ھەزرىتى مۇساغا ئوخشاش يۇرتىنى تاشلاپ كېتەلەيتتى. لېكىن، بۇلارنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئېرى پىرئەۋنىنىڭ قېيىن - قىستاققا ئېلىشىغا دۇچار بولدى. بۇ شۇنداق ئېغىر قېيىن — قىستاق بولۇپ، ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاسىيەگە كۈيۈرنى تاڭغان ئېرىغا دېگەن شۇ تىللارغا داستان سۆزلىرىنى، ۋەھيي ئىنسانلىق تارىخىنىڭ مېڭىسىگە يازدى: « ئى رەببىم! دەرگاھىڭدىن ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي

بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن! » ( 66:11 ).

پىرئەۋىننىڭ مۇئمىن ئايالى ئاسىيەنىڭچە بولغاندا، « قۇتۇلۇش » ئىمانسىز ياشاش ئەمەس، ئەكسىچە ئىمان بىلەن ئۆلۈش ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلدى ۋە ئاشىقلارغا كارۋانىغا قوشۇلدى.

ھەزرىتى نۇھ بىر ئاشىق ئىدى. قۇرۇقلۇقتا كېمە ياساشنى ئادەتتىكى چۈشەنچە بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايتتى. قۇرۇقلۇقتا كېمە ياسىغانلار ۋە قۇرۇقلۇقتا كېمە ياسىغانلارغا ئەگەشكەنلەر، ھەممىسى داۋاسىغا ئاشىق بولغانلار ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوتقا سەكرىشىنى، ئىچىدە ئاشىق بولغان بىر ئىماندىن باشقا نېمە بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن؟ ئوتنىڭ ئۇنى كۆيدۈرمەسلىكى ئارقىلىق بېرىلگەن دەرس مۇنداق ئىدى: « ھەر قانداق بىر نەمرۇتنىڭ ئوتى، ئىمان ۋە ئاشىقنى كۆيدۈرەلمەيدۇ ».

بۇلارنىڭ ھەممىسنى ئاشىقنىڭ پىداكارلىق تەرىپىگە يېزىلىش كېرەك. ئاللاھ مۇ شۇنداق قىلدى.

ئەگەر سىز تۇپراق بولسىڭىز، تىكەنگە ئەمەس گۈلگە تۇپراق بولۇڭ.

ئەگەر سىز سۇ بولسىڭىز، قاچا – قۇچا يۇيىدىغان سۇ ئەمەس، بەلكى زەمزەم بولۇڭ.

ئەگەر سىز تاش بولسىڭىز، ساراڭنىڭ قولىدىكى تاش ئەمەس، ھاجەرۇل - ئەسۋەت بولۇڭ.

ئەگەر سىز پالتا ياكى پىچاق بولسىڭىز، ئىبراھىمنىڭ قولىدىكى پالتا ياكى پىچاق بولۇڭ.

ئەگەر سىز تاغ بولسىڭىز، ئۇھۇد تېغى بولۇڭ.

ئەگەر ئىنسان بولسىڭىز، پاسسىپ ياخشى ئەمەس، ئاكتىپ ياخشى بولۇڭ.

## قولۇمدا بار ئاشق

يۈرىكىڭنى قالقان قىل! خاتىرجەملىك ئىچىدە بولسەن.

« ھاردىم » دېمە ھەرگىز. كۆكسىگە يۈرىكىدىن باشقا تۇمار ئاسقانلار ھېرىپ قالىدۇ.

كۆكرەك قەپىزىڭ ئازاپتىن بىر تۈگمەن تېشىدەك يۈرىكىڭنى ئەزگەندە، ئاشق بارمۇ — يوق، ئۇنىڭغا قارىغىن. ئەگەر بولسا، تاغلار كەلسىمۇ پەرۋا قىلما. چۈنكى، ئاشق، ئازاپنى ھاياتقا ئايلاندۇرىدىغان بىر ئېكسىر.

دەرتكە ئاشق بولغانلارنىڭ:

ئەي تېۋىپ، قولۇڭدىن كەلسە يارامغا قولۇڭنى سۇرمە،

يار قولىدىن كەلگەندۇر بۇ يارا، مەلھەم سۇرمە.

دېيىشىنىڭ سىرى مانا بۇ يەردە ئىدى. بۇ سىرنى تاپقانلاردىن بىرسى، سەۋدانىڭ باش ئۇستازى مۇنداق دېمىگەنمىدى: « مەن دەرتلەرنىڭ پەيغەمبىرى ».

ئاشق بولسا ئەگەر، ساڭا ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېففىن ئۇرۇشى ھارپىسىدا ئوغلى مۇھەممەدكە دېگەن سۆزىنى دەيمەن: « تەزۇلۇل جىبالۇە لا تەزۇل ( تاغ سىلكىنىسىمۇ سەن سىلكىنمە )!».

دەرتنى ئىشتىياق بىلەن ھەسەلگە ئايلاندۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدە ۋە يۈرەك يارىلىرىڭغا، خىيالىڭنىڭ ۋە ئۈمىدىڭنىڭ ئۈزۈلگەن يەرلىرىگە، مازارلىقتا ئايلانغان جايلىرىغا سۇر مەلھەم دەپ.

پەرۋا قىلما خائىنلارغا، خىيانەتلەرگە. ئۇلار، دەرتنى ئاشققا ئايلاندۇرالمىغان بىچارىلەر. ئۇلار دەرتلەردىن ئۆتكۈنچى خوشاللىقنى ئارتۇق كۆرگەن ئاشق دۈشمەنلىرىدۇر.

ئۇنۇتما، مىڭ خوشاللىق بەرمىگەننى بىر دەرد بېرەلەيدۇ. دەردنى

ئاشقنىڭ تۈگمەس ئېنېرگيىسگە ئايلاندۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدە. يۈرەكنىڭ يادرو ئېنېرگيە كۈچ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئەسلە. سۆيگەن ۋە ئىشەنگەن بىر يۈرەك، ھەر قانداق يادرو ئېنېرگيە كۈچ مەركىزدىنمۇ ئېشىپ چۈشدۇ.

بىلگىنكى، ئۈمىد ھەققىدە سۆز قىلغان ھەر ۋاقىتڭدا ئاشقتىن سۆز قىلىۋاتقان بولىسەن. چۈنكى، ئۈمىد ئاشقنىڭ پەرزەنتى. ئاشقسىز ئۈمىد، قونچاقلارغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنى ئويناپ كونىرتىپ تاشلىۋېتىسەن. « ئۈمىدىم ئۈزۈلدى » دېمە، توغرىسىنى، ئىشقىڭنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيت.

ھە راست، ئاشق تۈگەپ قالامدۇ؟ شۇنداق، ئەگەر پانىيدىن، ئۆلۈملىك بولغانغا ۋە ئۆلۈملۈك بولغۇچىغا باغلانغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ئۇ، ئەسلىدە ئاشق كۆرنۈشتىكى ھەۋەس بولۇپ، ھەۋەس ئۆزىگە قۇل قىلىدۇ، ئاشق ئازاد قىلىدۇ.

بىر ھېس - تۇيغۇنىڭ ئاشق ياكى ئۆتكۈنچى ھەۋەس ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، رەڭگىگە قارىغىن، قارا سەۋدامۇ ياكى ئاق سەۋدامۇ؟ سەۋدانىڭ قارىسى قۇلغا ئايلاندۇرىدۇ، ئېقى ھۆر قىلىدۇ. ھۆر قىلغان ئاشق، مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەببەت، يۈرەككە چۈشكەن بىر ئۇرۇق، « ھەر باشاقتا يۈز تانە ھوسۇل بېرىدىغان يەتتە باشاق »قا ئوخشاش، يەتتە ( تۈگمەس ) بەرگۈچىدۇر ئۇ. ھەر نەرسە ئىشلەتكەنسىرى تۈگەيدۇ، مۇھەببەت ھەرگىز تۈگمەيدۇ. چۈنكى، مۇھەببەت ئەبەديي بولىدۇ.

ساڭا يوپيۇرلۇپ كەلگەن زۇلمەتنىڭ قارا يۈزلۈك، قارا ۋىجدانلىق، قارا كۈچلىرىنى، مۇھەببەت قالقىنى بىلەن چېكىندۈرەلەيسەن. ئۇلار مەغلۇپ بولدى، ئۇلار نەپرەتنىڭ قولى قان بىلەن بويالغان ۋەكىللىرى... سەن غەلبە قىلدىڭ. چۈنكى، سەن ئاشق فرونتىدا، ئاشقنىڭ سېپىدا يەر ئالدىڭ.

بىر ئىشنى قىلغاندا / پىلانلىغاندا تارىخنى ئۇنۇتما، ياشاۋاتقان جۇغراپىيەنى ئۇنۇتما! ئازاپنى، دەردنى ئۇنۇتما! ۋادى ئەلكەبىر، ساكارىيا،

نىل، سەيھۇن، جەيھۇن، سىر دەريا، ئامۇ دەريا، تۇنا، فىرات، دىجلە... بۇ دەريالاردا سۇ ئەمەس ئاشق ئاقتى، بۇنى ئۇنۇتما! مەككە، مەدىنە، ئىستانبۇل، قاھىرە، قۇرتۇبا، گىرناتا، باغدات، شام، بۇخارا، سەمەرقەنت... بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاشققا بېغىشلانغانلىقنى ئۇنۇتما! سىنىڭ قارا، سېرىق، ئاق تەنلىك قېرىنداشلىرىڭنىڭ بارلىقنى، يۈرىكىڭنىڭ ئاسيا، ئافرىقا، ياۋروپا، ئامېرىكا تەرەپلىرىنىڭ بارلىقنى ئۇنۇتما!

بىر ئىشنى قىلغاندا / پىلانلىغاندا، چوقۇم مۇنداق باشلىشىڭ كېرەك: « قولۇمدا ئاشق بار! ».

# 2. بېغىشلاش
# ئاكتىپ ياخشىلار ئۆزىنى بېغىشلايدۇ

ئاكتىپ ياخشى بولۇش ئۈچۈن 3 ئا فورمىلاسىنىڭ ئىككىنجىسى « بېغىشلاش...»

بېغىشلاش، ئاكتىپ ياخشى بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر. چۈنكى، بىر داۋانى ئېلىپ ماڭغانلار، پەقەت ئۇ داۋاغا ئۆزىنى ئاتىغانلار بولۇپ، ئىنسانلار بۇ جەھەتتىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

1. ئاتانغانلار ( بېغىشلانغانلار )
2. ئالدانغانلار

ئەي تالىپ! سەن ئالدانغانلاردىن بولۇپ قېلىشنى خالىمساڭ، ئۆزىنى ئاتىغانلاردىن بول! چۈنكى، ئۆزىنى ئاتىغانلار مەنپەئەتى بولغانلار ئەمەس، نىيىتى خالىس بولغانلاردۇر. مەنپەئەتى بولغانلار پايدا - زىيان ھېسابىنى قىلىدۇ. ئاشقلار پايدا - مەنپەئەت ئويلاشمايدۇ. پايدا - مەنپەئەت ئويلاشقانلار، مۇھەببەت ئەھلى ئەمەس، تىجارەت ئەھلى بولىدۇ. تىجارەت ئېلىم - سېتىمنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەننى ئېلىپ - ساتامدۇ؟ شۇڭا، ئۆزىنى ئاتىغانلار پايدا

مەنپەئەتنى ئويلاشمايدۇ، ئۇلار خالىس نىيەتلىكلەر بولۇپ، خالىس نىيەت ئىختىيارلىقتۇر.

ئىختىيارلىقنىڭ ئۇلدا ئىشتىياق بولىدۇ. بىر داۋاغا كۆڭۈل بەرگەنلەر، ئۇ داۋانىڭ خالىس پىدائىيلىرى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى خالىس كىشىلەر ئىدى. پەيغەمبەرلىك بىرىنچى شەرتى، ئىلاھىي داۋاغا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر ھەق تەلەپ قىلماسلىق، بەرگەننىمۇ ئالماسلىق. نەبىيلەرنىڭ ھەممىسى « مەن ھەقنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن بىر ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھ بېرىدۇ » دېگۈزىدۇ. بۇ، ئۇ ئۇلۇغ كارۋانغا ئەگەشكەنلەر ئۈچۈنمۇ بىر تەۋسىيەدۇر.

ئۆزىنى ئاتاش ئاكتىپ ياخشىلىقنىڭ كامىل ھالىتى بولۇپ، ئاكتىپ ياخشىلىق ياخشىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. دېمەك، ئۆزىنى ئاتاش بىلەن كامالەتكە يەتكەن سەپەر بىر جەريان بولۇپ، بۇ جەريان ئۈچ باسقۇچتىن تەشكىل تاپىدۇ:

1. ياخشىنىڭ ئاكتىپ ياخشى بولىشى
2. ئاكتىپ ياخشىنىڭ داۋا ئىشتىياقىغا ئىگە بولىشى
3. داۋا ئاشقى بولغانلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى

ئۆزىنى ئاتاش باسقۇچىغا قەدەم قويغان بىر ئاكتىپ ياخشى، ئالدىدىكى ھەر ئۆتەكدە بىر ئۈتۈق قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ باسقۇچنىڭ مەقسىتى ئاكتىپ ياخشى بولۇش، نەتىجىسى ئۆزىنى ئاتاش بولۇپ، ياخشىلىققا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئاكتىپ ياخشىلار، ياخشىلىق باغۋنى بولىدۇ. قەدەم باسقان جايلىرىغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، كۆڭۈللەرنى ياخشىلىق ئۇرقى بىلەن تولدۇرىدۇ. بىر كۆڭۈلنى تاپقاندا، دىلىدىكى ياخشىلىق ئۇرقىنى ئۇ كۆڭۈل تۇپرىقىغا تېرىيدۇ. تېرىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئۇ ئۇرۇق ئۈچۈن قوياش، سۇ، ئوغۇت بولىدۇ.

ئۆزىنى ئاتىغان ئاكتىپ ياخشىلار بىر خىل بەيتۇل مالغا ئوخشايدۇ. بەيتۇللاھ بولغان كەبىمۇ بىر خىل بەيتۇل مالدۇر. ئاللاھ

ئىچىدە ئۇلتۇرغانلىقى ئۈچۈن « ئاللاھ نىڭ ئۆيى » دەپ ئاتالمىغان. ئىنسانىيەت زېمىندا بىنا قىلغان تۇنجى ئۆيىنى ئاللاھ ھىمايىسىگە ئالغان، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاتا يۇرتى سۈپىتىدە مۇھاپىزەت قىلغان. يەنى، « مۇقەددەس جاي » سۈپىتىدە ئېلان قىلغان. « ھەرەم » سۆزى مۇقەددەس جاي مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسان زېمىنىنىڭ خەلپىسى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى زېمىننى گۈللەندۈرۈش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا، كەبىنىڭ زېمىندىكى تۇنجى ئىمان پائالىيىتىنىڭ زىيارەتگاھى بولۇشى نورمال بىر ئەھۋال. ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولغان ھەر مۇئمىنگە پەرز بولغان ھەج ئىبادىتى، بۇ زىيارەتنىڭ دەل ئۆزى.

سالىھ نەبىنىڭ تۆگىسىنىمۇ قۇرئان نەقەتۇللاھ ( ئاللاھ تۆگىسى ) ئىسمىنى بېرىدۇ. ھەتتا، شۇ ئايەتتە ئارزۇللاھ ( ئاللاھ نىڭ ئارزۇسى ) ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىدۇ. « ئاللاھ نىڭ ئارزى » ۋە « ئاللاھ نىڭ تۆگىسى »ئىپادىلىرى، بۇلارنىڭ بەيتۇل مال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۆگىنىڭ يەم ـ خەشىكى خەلققە ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم بېرىلگەن. ئازغۇن قەۋم ئالدى بىلەن تۆگىنى ئاللاھ قا بېغىشلىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر يۇتۇم سۇ بەرمەي « ئاللاھ نىڭ تۆگىسىگە ئاللاھ سۇ بەرسۇن » دەيدىغان ھالغا كەلگەن. خۇددى سۇمۇ ئاللاھ نىڭ ئەمەستەك سۆز قىلىشقان. بۇ ئەدەبسىزلىكىگە، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىلەن جازا بەرگەندى.

ئۆزىنى بېغىشلىغانلارغا قۇرئان رەببانىيۇن دەيدۇ. يەنى، بۇ « رەببىگە ئۆزىنى ئاتىغان كىشىلەر » دېگەنلىك بولىدۇ. رەببىگە ئۆزىنى ئاتىغانلار، ئاكتىپ يامانلىققا قارشى جەڭ قىلغان ئاكتىپ جەڭچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ داۋاسىنى ئۆزىگە دەرد قىلغان ». ئەگەر سىز ئاللاھ نىڭ دىنىنى ئۆزىگە دەرد قىلسىڭىز، ئاللاھ مۇ سىزنىڭ دەرتلىرىڭىزنى سېتىۋالىدۇ » خوش بىشارىتىگە نائىل بولغانىدى.

شۇڭا ئاللاھ قا ئۆزىنى ئاتىغان رەب كىشىلىرىگە قىلىنغان ھۇجۇمنى، ئاللاھ ئۆزىگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قارىغان. ئاللاھ نىڭ « مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە ۋاجىپ بولدى » دېيىشىنىڭ سەۋەبى بۇ ئىدى.

بەلكىم بىرى چىقىپ: « زەكەرىيا ۋە يەھيا پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەر تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ھەرىدەپ ۋە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم قىلمىدىغۇ؟ » دەپ سورىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بېرىلىدۇ: دۇنيادا ياشاشنى ئاللاھ نىڭ ياردىمى، ئۆلۈشنى ئاللاھ نىڭ ياردەم قىلمىغانلىقى دەپ چۈشەندۈرگەن كىم؟ سىز ئۆلۈپ باقتىڭىزمىكىن ئۆلۈمگە بۇنداق يامان كۆز بىلەن قارايسىز؟ ئۇ بۈيۈك شېھىتلەردىن: « دۇنيادا ياشىغان ياخشىمۇ ياكى ئاخىرەتتە ياشىغان ياخشىمۇ؟ » دەپ سوراپ باقسىڭىز، نېمە دەپ جاۋاپ بېرىدۇ سىزگە؟ ئۇنداقتا، پەقەت بىر دۇنيالىق كىشىلەردەك چۈشۈنۈشنى تاشلاپ، ئىككى دۇنيالىق بىر مۇئمىنگە ئوخشاش چۈشۈنۈشكە باشلاڭ! ھەزرىتى ئەلى ۋە ئامىر ب. فۇھەيرەنىڭ ئارقىدىن خەنجەرلەرنىگەن ۋاقتىدا، ئاخىرقى سۆزلىرىنىڭ « مانا ئەمدى مەن غەلىبە قىلدىم » دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ بېقىڭ.

## ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ئىككى تۈرى

قۇرئان ئىككى تۈرلۈك ئۆزىنى بېغىشلاش ھەققىدە توختىلىدۇ:

1. نەزرىگە ئاتاش - رەسمىي ئورگان / جەمئىيەت خاراكتېرلىق بېغىشلاش

2. تەبتىل ئاتاش - شەخسنىڭ ئۆزىنى بېغىشلىشى

نەزر ئاتاشقا ھەزرىتى مەريەم ئۆرنەك بولالايدۇ ( 3:33،57 ). بۇ بېغىشلاش، كېلەچەك نەسلىنىڭ ھەممىسگە ئۆرنەك قىلىپ كۆرستىلگەن. ئالئىمران سۈرىسىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان بۇ ۋەقەنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

ھەزرىتى ھارۇننىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىمران، بارلىقىنى ئاللاھ قا ئاتىغان بىر رەب ئادىمى ئىدى. ئايالى ھاننە ( ھانناھ / ئاننا ) بىلەن

بەختلىك بىر ئائىلە قۇرغان بولۇپ، ئاردىن ئۇزۇن يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، پەرزەنتلىك بولالمىغانىدى. ھاننە بىر كۈنى بىر باغچىدا چۈجىلىرىنى بېقىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلەنگەن ھاننە چىن دىلىدىن ئاللاھ قا بىر دۇئا قىلغان بولۇپ، دۇئاسى رەببى دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ.

پەرزەنت ھەسرىتى بىلەن ئۆتكەن ئۇزۇن يىلدىن كېيىن ئېغىر ئاياق بولغان ھاننە، ئاللاھ نىڭ بۇ ئالاھىدە ھەدىيەسىگە رەھمەت ئېيتماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاللاھ قا ئاتىغىدەك ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. تۇيۇقسىز قورسىقىدىكى پەرزەنتىنى ئېسىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ قا ئاتاش پىكرى كۆڭلىدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق دەيدۇ: « رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ساڭا ئاتىدىم. بۇ ( نەزرەم )نى مەندىن قوبۇل قىلغىن! » ( 3:35).

ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ بېغىشلىشى بىلەن تىلغا ئېلىنغان نەزر، « رەسمىي ئاتاش / بېغىشلاش »قا بېرىلگەن ئىسىم. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر ۋەزىپىسىمۇ نەزىر بولۇش بولۇپ، نەزىر، « ئۆزىنى باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئاتىغان كىشى » دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنزار، ئۆزىنى باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئاتىغان كىشىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدا مۇشۇنداق بىر دىنى ئەنئەنە بار ئىدى. ئىنسانلار ئوغۇل پەرزەنتلىرىنى مەبەدكە ئاتايتتى. ئاتىۋېتىلگەن باللار، مەبەد ئالىملىرى تەرىپىدىن « ھەق ۋەقپى » سۈپىتىدە تەربىيلىنىپ چوڭ قىلىناتتى. بۇ باللار چوڭ بولغاندا بىر «رەب ئادىمى ( راببانى )» بولاتتى.

ئىمران ئائىلىسىمۇ، بۇ ئىبرانى ئەنئەنىنىڭ ئىچىدە يەر ئالغان بىر ئائىلە ئىدى. ھاننە، تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىنى ئاتىۋەتكەندە، ئۇنى ئوغۇل دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇ قىز يەڭگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ۋەدىسىدىن يانماي، ئاتىقى بەلگىلىك ياشقا كەلگەندە قولىدىن تۇتۇپ، قۇددۇستىكى مەبەدكە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ھاننە ئاتىغان ئۇ نەزىر،

كېلەچەكتە ھەزرىتى ئىساغا ئانا بولىدىغان مەريەم ئىدى.

ھاننەنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىنى ئاتاق قىلىشى بىلەن بىر باسقۇچ باشلانغانىدى. مەريەم ۋە ئىسا بۇ باسقۇچنىڭ مەھسۇلى. ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى قىلغان ئىش مۇنداق ئىدى: مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ بىباھاسى بولغان ئاللاھ قا، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىنى، ئۇ نەرسىگە ئەڭ مۇھتاج بولغان ۋاقتتا ئاتاق قىلىش... ھەزرىتى ئىسا بۇ ئاتاقنىڭ مېۋىسى ئىدى. بۇ، ئۈچ ئەۋلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسلىسىز بىر « ئاتاق / بېغىشلاش جەريانى » ئىدى.

بۇ جەريانغا، ھاننەنىڭ ھەمشىرىسى ئەلىشا (ئېلزابىت )، ئۇنىڭ ئېرى زەكەرىييا، زەكەرىييانىڭ ئوغلى يەھيامۇ قېتىلغانىدى. ھەزرىتى زەكەرىييا ۋە يەھيانىڭ قىسسىسىمۇ، ھەزرىتى مەريەم ۋە ئىساغا پاراللېل ۋە زامانىۋى بىر ئاتاق ھېكايىسى ئىدى. ھەزرىتى زەكەرىييا بىر ياغچىتەك ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ تىلىۋېتىلگەن، ھەزرىتى يەھيا قوچقاردەك بوغۇزلاپ تاشلانغانىدى. بۇ ئىككى قۇربان پەيغەمبەر، ئىنسانىيەتكە ئاتاقلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەدەللەر ئۆتىگەنلىكىنىڭ ئەڭ جانلىق بىر ئۆرنىكى ئىدى.

ئاتاق مەريەمنى ئاللاھ « گۈزەل بىر قوبۇل بىلەن قوبۇل قىلغان » ۋە « ئۇنىڭ بىر گۈلدەك پەرۋىش قىلغانىدى » ( 3:37 ). ھەزرىتى زەكەرىييانىمۇ ئۇ مۇستەسنا گۈلگە باغۋەن قىلغان بولۇپ، بۇ ئاللاھ نىڭ ئاتاقلارغا قىلغان ئالاھىدە مۇئامىلىسىدۇر. مەريەمگە قاراشنى زەكەرىيادىن ئىبارەت بىر پەيغەمبەرگە تاپشۇرغانلىقى، بېغىشلانغانلارغا ئاللاھ نىڭ بەرگەن ئېتىبارىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى ئىدى. ئۈچ ئەۋلادنىڭ بېغىشلىنىش جەريانىنى تەپسىلى ھالدا بېغىشلاش رىسالىسى نامىلىق ئەسىرىمىزدە بايان قىلغانىدۇق.

قۇرئان نەزەر دىگەن بۇ « رەسمىي كىشى » ئۆرنىكى، مۇسا ئۈممەتىگە خاس بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا مىراس قالغانىدى. ئۈممەتى مۇھەممەدتە بۇنىڭ ئورنىنى تەبتىل ئاتىقى ئالدى.

ئەي تالىپ! بۇ نۇقتىدا ساڭا دەيدىغان تەكلىپىمىز شۇ:
يا ئاتاق قىلغۇچى بول، ھانىنەگە ئوخشاش.
ياكى ئاتاق بول، مەريەم كەبى.
ياكى ئاتاقلارغا باغۋەن بول، زەكەرىييادەك.
لېكىن، ھەرگىزمۇ تۆتىنجىسى بولۇپ قالما، ھالاك بولىسەن!

## « بارلىقىڭنى ھەممىسىنى ئاللاھ قا ئاتا! »

تەبتىل ئاتىقى، ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش باسقۇچىنىڭ دەسلىپىدە، ئاللاھ رەسۇلىغا بېرىلگەن بىر ئەمر ئىدى. « بارلىقىڭنى ئاللاھ قا ئاتا / بېغىشلا! » (73:8 ) ئەمرى دەل بۇنى قەست قىلغانىدى.

قۇرئان، كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاللاھ داۋاسىغا ۋەقىپ قىلىشىنى، تەبتىل دەپ ئاتايدۇ. ئەل – بەتل « باشقا نەرسىلەرنى تاشلاپ، دىققىتىنى پەقەت بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بىز « ئاتاش » دەپ ئاتىغان نەرسىنىڭ دەل ئۆزى. تەبتىل، كىشىنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ قا ئاتىشى بولۇپ، نەزىردىن پەرقى، رەسمىي ئورگان خاراكتېرلىق بولماستىن، شەخس خاراكتېرلىق بولىشىدۇر. نەزىر ئاتىقىدا بىر مەبەد ياكى ئۇ مەبەدكە مەسئۇل باشقۇرغۇچىلار بولىدۇ. تەبتىل ئاتىقىدا، بۇنداق بىر نەرسە يوق. شۇڭا بۇ، نەزىر ئاتىقىغا ئوخشاش تۇغۇلۇش بىلەنلا باشلانماستىن، ئىنسان يېتىلىپ ئەڭ قىران مەزگىلىگە كەلگەن ۋاقتىدا، ئۆزىنى ئاللاھ داۋاسىغا ئاتايدۇ.

دەسلەپتە ئىنسان بىر شەخسىيەتكە ئايلىنىشى كېرەك، شۇندىلا شەخسىيەتنىڭ بېغىشلىنىشى ھەققىدە سۆز قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر شەخسىيەت بولمىسا، تەبتىل مەنىسىدىكى كىشىمۇ بولمايدۇ.

ئاساسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاتاق قىلىش ۋە ئاتاق بولۇش،

نەزر ۋە تەبتىلدىنىلا ئىبارەت ئەمەس.

نەزر، بەدەننىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

تەبتىل، بارلىقنى ئاللاھقا بېغىشلاشتۇر.

ئىمان، قەلبنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

ئىسلام، ھاياتنى ئاللاھقا بېغىشلاشتۇر.

جىھاد، مۇجادىلە ( كۆرەش، تىرىشچانلىق )نىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

دۇئا، تەلەپنىڭ ئاللاھ قا بېغىشلىنىشىدۇر.

سالات، ۋاقتنىڭ ئاللاھ قا بېغىشلىنىشىدۇر.

زاكات، ئىنفاق، سەدىقە، مال – مۈلۈكنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

روزا، ئىستەك ۋە ئارزۇلارنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

ھەج، تىرىشچانلىق. ئەمگەكنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

ۋەقىپ، مالنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

قۇربان، قاننىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

شاھادەت، مۇئامىلىنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر، يەنى « ئۈرنەك شەخس بولۇش » رولىنى ئويناشتۇر.

تەبلىغ، سۆزنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

دەۋەت، چاقىرىقنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

ئەمر بىلمەئرۇف نەھي ئەنىلمۇنكەر، تەنقىدنىڭ ( يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ) ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

ئىسغفار، ئۆزنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاللاھقا بېغىشلىنىشىدۇر.

ئاللاھ رەسۇلى « بارلىقىڭنى ئاللاھقا بېغىشلا! » ئەمرىنى ئالغان ۋاقتتىن تارتىپ، ئۆزىنى ھەق ۋەقپى دەپ بىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغاندى. شۇ ۋاقتتىن باشلاپ ئىگە بولغان ھەممە نەرسىسىنى ئاللاھ

يولدا سەرپ قىلدى. ئىنسانىيەتكە ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆرسىتىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنى بېغىشلاش جەھەتتىنمۇ ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىلدى رەسۇلۇللاھ. ئۇ ياشىغان ھايات، « بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاللاھ يولىدىكى داۋاغا قانداق بېغىشلايدۇ؟ » سۇئالىنىڭ جاۋابى ئىدى. ئۇ پۈتۈن بىر ئۆمرى بىلەن شۇنى دېگەنىدى: « ھەر كىم ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان بىر داۋا بار، سەن ئاللاھ يولىدىكى داۋاغا ئۆزەڭنى ئاتىغىن! ».

چۈنكى، تارىخ ۋاگونىنى سۆرەپ ماڭغان پاراۋۇزلار ئۆزىنى بېغىشلىغانلار ئىچىدىن چىققاندى. ھەر كىم خالاپ - خالىماي ئۆزىنى بىر نەرسىگە بېغىشلايدۇ. ئىنسانلار مال، بايلىق، شۆھرەت، شەھۋەت، ئايال، ئەر، دۆلەت، كۈچ، ھوقۇق... بۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. لېكىن، ئۆزىنى ئاتىغان بۇ نەرسىلەر، ئىنسانغا بەرگەن قۇربانلىرىغا لايىق بىر بەدەلنى قايتۇرالمايدۇ.

نەتىجىدە ئىنسان بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن پارچە پۇلدەك خەجلىنىدۇ. ئىنسانغا بەرگەن قۇربانلىقىغا لايىق ھەقىقىي بەدەلنى پەقەت ۋە پەقەت بىر ئاللاھ لا بېرىدۇ. شۇڭا، ئىنسان بارلىقىنى ئاللاھ قا ئاتىشى كېرەك ئىدى.

ئىنساننىڭ قىممىتى، ئۆزىنى بېغىشلىغان نەرسە بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان نەرسىلەرگە ئاتىغان ۋاقىتتا، قىممىتىنى ئۆز قولى بىلەن چۈشۈرگەن بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە لايىق قىممەتنى، پەقەت ئاللاھ قا ئاتانغاندا تاپالايدۇ.

## ئۆزىنى ئاتاش، قوبۇل بولغان دۇئا بولۇشتۇر

ئۆزىنى ئاتاش، ئىككى پۈتى بىلەن تىك تۇرغان دۇئا بولۇش دېگەنلىكتۇر. يەنە كېلىپ، قوبۇل بولغان بىر دۇئا بولۇشتۇر. يەنى، خۇددى ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئائىلىسىگە ئوخشاش... رەببىمىز «

ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ ئىمران ئائىلىسىگە » ئوخشاش تاللانغانلىقىنى بايان قىلماقتا ( 3:33 ).

ئۆزىنى بېغىشلىغانلار تاللىنامدۇ ياكى تاللانغانلار ئۆزىنى بېغىشلامدۇ؟

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئاللاھ قا خەلىل ( دوست ) بولۇش جەريانى ھەققىدىكى قىسسەلەردىن، ئۆزىنى بېغىشلىغانلارنىڭ تاللىنىدىغانلىقى بىلىنمەكتە. چۈنكى، ئۆزىنى بېغىشلاش لايىق بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم « مەن رەببىمگە ھىجرەت قىلغان بىرىمەن » ( 29:26 ) دېگەن ۋاقتىدا، ئۆزىنى ئاتىغانىدى. « مەن رەببىم تەرەپكە ماڭغان بىرىمەن » ( 37:99 ) دەپ، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە قەبىلىسى، قەۋمى ۋە يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، ھىجرەتنىڭ چاڭ ـ توزانلىق يولىغا قەدەم باسقان ۋاقتىدا، ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ قا ئاتىشى ئوتقا تاشلىنىش بىلەن سىنالغان، نەتىجىدە، نەمرۇت ياققان ئوتنىڭ ئاشق ۋە ئىمانىنى كۆيدۈرەلمىگەنلىكى نامايەن بولغانىدى. نەمرۇت يامغۇردىن قېچىپ، پىرئەۋن مۆلدۈرگە تۇتۇلغانىدى ئىبراھىم. ئۇ يەنە پىرئەۋن بىلەن، ئاندىن ئايالى سارانىڭ كۈندەشلىكى بىلەن سىنالغانىدى. يەنە، دەسلەپ پەرزەنتى بولماسلىق، ئاندىن يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا دۇنياغا كەلگەن پەرزەنت بىلەن سىنالغانىدى. ئۇ بۇ ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتتى ۋە « ئاللاھ نىڭ دوستى ( خەلىيۇللاھ ) » سۈپىتىگە لايىق بولدى.

ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئىگە بولغان پەرزەنتى بىلەن ئايرىلىش ئارقىلىق سىنالغان بولۇپ، بىر تال ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەجەرنى، قاران تاغ تېزمىسىنىڭ قۇش ئۇچمايدىغان، كارۋان ئۆتمەيدىغان بىر جىلغىسى بولغان مەككە جىلغىسىغا ئاپىرىپ قويغانىدى. ئۇلارغا پەقەت بىر بوخچا نان، بىر قاچا سۇ، بارى – يوق مۇشۇ نەرسىنى قالدۇرۇپ ماڭغاندا... ھىجرەتنىڭ كېلىنى ھاجەر سورىغانىدى:

- بىزنى كىمگە قويۇپ ماڭدىڭ؟

- ئاللاھ قا.

- ئاللاھ قىمۇ؟ ئۇنداقتا، بىزگە ئاللاھ كۇپايە.

بۇ ئۆزىنى ئاتاش بولماي نېمە؟

ئىنسانىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلاشنى ئۆگەتكەن ھاجەر كىم ئىدى؟ بىر ئايال، بىر قارا تەنلىك دىدەك ئىدى. قىيامەتكىچە ھەج ئۈچۈن مەككىگە كېلىدىغان ھەر مۇئمىن، سىمۋول خاراكتېردە ھاجەرنىڭ قىلغىنىنى قىلىشى كېرەك. بۇ ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.

ھەزرىتى ئىبراھىم، كەبىنى بىنا قىلىش ۋە ئىنسانىيەتنى ئۇنىڭغا چاقىرىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنغانىدى. ئاللاھ « ئىنسانلارنى ھەجكە چاقىر! » دەپ ئەمىر قىلغانىدى ئۇنىڭغا. « چاقىرىشىنغۇ چاقىراي، لېكىن بۇ قۇش ئۇچمايدىغان، كارۋان ئۆتمەيدىغان جىلغىدا مېنىڭ ئاۋازىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟ » دېمىدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن چاقىردى. چاقىرىقنى ئاڭلىغۇچى يەنىلا، ئۇنىڭغا « سەن چاقىر! » دەپ ئەمىر قىلغان ئاللاھ ئىدى. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ۋاپاتىدىن مىڭلارچە يىلدىن كېيىن مىليۇنلىغان ئىنسان « لەببەيك » دەپ كۆز ياشلىرى ئىچىدە يۈگۈرگەن ھالدا كەلدى، كېلىۋاتىدۇ، كېلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ قا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىغا بېرىلگەن مۇكاپات ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئاتاق قىلغانىدى. كۆرگەن بىر چۈشى ۋەجىدىن ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولدى. ئۇ بۇ چۈشنى يۈسۈپكە ئوخشاش « تەبىر قىلىشى » كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ چۈشنى « تەستىق قىلىشقا ( قاد سادداقتەر رۇيا ) » ھەرىكەت قىلدى. مانا بۇ نۇقتىدا ئۇ توختىتىلدى.

ئاللاھ ئۇنىڭغا ھايۋانلارنىڭ بېغىشلىنىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بېغىشلىنىشى ئارىسىدىكى بۈيۈك پەرقنى ئۆگىتىشنى مۇرات قىلغانىدى. ھايۋانلار بوغۇزلىنىش ئارقىلىق، ئىنسانلار بەندىلىك ( ئىتائەت، ئىبادەت

) قىلىش ئارقىلىق بېغىشلىناتتى. ئىسمائىلنىڭ قۇربان بولىشى بىلەن، هايۋانلارنىڭ قۇربان بولىشى ئارىسىدىكى چوڭ پەرق بۇ ئىدى. ئۇ ساۋاقنى ئالغانىدۇ. ئۇ بىر تال ئوغلى ئىسمائىلنى رەببى بىلەن ئارىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغاندا، رەببى ئۇنى ئىككىنجى قېتىم مۇكاپاتلىدى. ئۇ مۇكاپاتىنىڭ ئىسمى « ئىسهاق » ئىدى. بۇ شەكىلدە ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئۆگىتىلگەنىدى: ئاللاھ نېمىنى ئالماقچى بولسا، ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئالمايدۇ، بەلكى بېرىش ئۈچۈن ئالىدۇ.

## رەسۇلۇللاهنىڭ ئاللاھ قا ئۆزىنى ئاتىشى

رەسۇلۇللاھ، بارلىقىنى ئاللاھ قا ئاتاش ئەمرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى شۇنداق بىر ئاتىدىكى، زېمىن گۇۋاھ بولغان ئەڭ چوڭ ئىمان هەرىكىتى، بۇ بېغىشلاش سايىسىدە ئەمەلگە ئاشتى.

ئۇ خۇددى بۇرۇن تىجارەت قىلغان بىر سودىگەر ئەمەستەك، شۇنىڭدىن باشلاپ تىجارەتكە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ خۇددى مەككىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولمىغاندەك، پۈتۈن ئەتراپىدىكىلەرنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى ۋە ئۆزىگە، ئاللاھ يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان مۇئمىنلەردىن تەشكىل تاپقان يېڭى بىر جامائەت شەكىللەندۈردى.

رەببى، كۆزىنى ئەھلى دۇنياغا بېرىلگەن ئۆتكۈنچى نېمەتلەرگە تىكمەسلىككە بۇيرىدى ( 15:88 ). شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ دۇنيالىقلارغا قاراپمۇ قويمىدى. دۇنيالىقلار بىلەن ئارىسىدىكى بۇ مۇساپە ۋاپاتىغىچە ساقلاندى. رەپىقىسى ئائىشەنىڭ شاهىتلىقىدىن مەلۇم بولىشىچە، بەزىدە ئۈچ ئايغىچە رەسۇلۇللاهنىڭ ئۆيىدە تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوت يېقىلمايتتى. ۋاپات بولغان كۈنى، ئائىشەگە بەرگەن پۇلنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەرگەن — بەرمىگەنلىكىنى سورىغانىدى. رەسۇلۇللاهنىڭ بىتاپلىقى سەۋەپلىك بېرەلمەي قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، « ئېلىپ كەلگىن » ئىشارىتى قىلىپ، ئۇنى هوزۇرىدىكى بىرسىگە يوقسۇللارغا تارقىتىپ

بېرىشى ئۈچۈن بەردى. رەسۇلۇللاھ بۇنى قىلىۋاتقاندا سەكراتتا بولۇپ، بىر قانچە سائەتتىن كېيىن روھىنى تەسلىم قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى شۇنداق ئاتىغان بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىماسلىقنى ئۆگەنگەنىدى. رەببى ئۇنىڭغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: « ئېيتقىنكى، سىلەردىن بۇ دەۋىتىم ئۈچۈن بىر ھەق تەلەپ قىلمايمەن » ( 42:23؛ 38:86 ). شۇنىڭدىن باشلاپ دائىم بەرگەن قول بولغان بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن بىر نەرسە تەلەپ قىلمىغانىدى. ھەتتا ئۆزى قاتتىق مۇھتاج بولغان ۋاقىتلاردىمۇ شۇنداق بولغانىدى.

## ئۆزىنى ئاتاشتا تەۋەككۇل

ئۆزىنى بېغىشلاش ئاللاھ رەسۇلىدا مىسلىسىز بىر تەۋەككۇلنى شەكىللەندۈرگەنىدى. تەۋەككۇلنىڭ ئۇنىڭ كىتابىدىكى مەنىسى « قاراملىق » ۋە « تەدبىرسىزلىك » ئەمەس، قولىدىن كېلىشىچە سەۋەبنى قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ قا يېلىنىش ۋە ھەرگىزمۇ ۋازكەچمەسلىك ئىدى.

ھىجرەت مىسالى بۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپات بولالايدۇ. ھىجرەتتىن بۇرۇن پۇختىلىق بىلەن پىلان تۈزۈلگەن ۋە تەييارلىق قىلىنغانىدى.

ئۆيدىن قايسى ۋاقىتتا، كىم بىلەن، قانداق چىقىش كېرەك؟

ئورنىغا كىمنى ياتقۇزۇش لازىم؟

قەيەردە، كىم بىلەن، قانداق ئۇچرىشىش كېرەك؟

قايسى تەرەپكە، قايسى ۋاقىتتا، قانچىلىك مېڭىش لازىم؟

قايسى غاردا يوشۇرۇنۇش كېرەك؟

سۇ ۋە تاماقنى كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟

دۈشمەن ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كىم يىغىدۇ؟

ئايغاقچىنىڭ ئىزىنى كىم يوقىتىدۇ؟

مەدىنە ساھىل يولىدا كىم يول باشلىغۇچى بولىدۇ؟

ھەر كېچە قانچىلىك مېڭىش لازىم؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەنىدى.

رەسۇلۇللاھ سەۋر تېغى ( مەككە ئەتراپىدا ) ئېتىكىگە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە كەلگەن ۋاقىتىدا، ئاللاھ نىڭ ياردىمىنى تاغ ئېتىكىدە تۇرۇپ كۈتمىگەنىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئاللاھ نىڭ قانۇنىنى: بەندىنىڭ كۈچ تۈگەپ، تاقىتى يەتمىگەن يەردە ئاللاھ نىڭ ياردىمى كېلىشكە باشلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. رەسۇلۇللاھ نىڭ كۈچى تۈگىمىگەن بولۇپ، ئالدىدا قىلىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، يەنى تاغ چوققىسىغا يامىشىش. ئۇ ۋە ھەمراھى ئەبۇ بەكرى تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى غارغا يوشۇرۇنۇپ، مەككىدىكى پات – پاراقنىڭ بېسىقىشىنى كۈتكەنىدى.

مەككىدىكى مۇشرىكلار سەپەرۋەر بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئىزدەۋاتقانىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگۈچىنى يۈز تۆگە بىلەن تارتۇقلايدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، لۈكچەك، ئالقاپ، ئوغرى – بۇلاڭچىلار يۈز تۆگە تارتۇققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. مۇشرىكلاردىن بىر قىسمى سەۋر تېغىغا چىقىدۇ، ھەتتا بىرسى ئۇلار يوشۇرۇنۇپ تۇرغان غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىچىك تەرەت قىلىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى تىترەشكە باشلايدۇ. ئۇ يەردە ۋە شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ شۇ تارىخى سۆزنى قىلىدۇ: « ئى ئەبۇ بەكرى قورقمىغىن! ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككىكىشىگە كىم زىيان يەتكۈزەلەيدۇ؟ ».

ئاللاھ قا بولغان بۇ ئىشەنچ، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن ئىزاھلىنىشى مۇمكىن.

ئۆزىنى بېغىشلىغانلارغا خاس ئىشەنچنى، رەسۇلۇللاھ تائىفتىن قايتىۋاتقان ۋاقىتىدىكى ھالىتىدىن يەنە كۆرەلەيمىز. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن

يۇرتىغا كىرگۈزەلمىگەن بىر پەيغەمبەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەندى ئۇ. لېكىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئالەملەر ئىچىدە بىر كۇۋادىرات مېتىر زېمىننىمۇ ئارتۇق كۆرىۋاتقان بولۇپ، بارغىدەك ھېچقانداق بىر يېرى يوق ئىدى. پاناگاھ بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان تائىفتىن، ئۈستى بېشى قان بولۇپ كەتكەن ھالدا، چالما – كېسەك قىلىنىپ قوغلانغانىدى. مەككىگە كىرەلمەيتتى. ئۇ ۋاقتتا كىشىنىڭ ئىچىنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە قىلغان بىر دۇئاسى بار ئىدى ئۇنىڭ. ئۇ دۇئادا « مېنى كىملەرنىڭ ئىلكىگە تاشلاپ قويدۇڭ! » دەپ قېيدىغانىدى رەببىگە. لېكىن، ئۇ سۆزنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال ھۇشىنى تاپقان ھالدا، رەببىدىن مەغپىرەت تىلەپ مۇنداق دېگەنىدى:

« ئەگەر ماڭا غەزەپ قىلمىغان بولساڭ، بۇ جاپالارنىڭ ھېچبىرىگە پىسەنت قىلمايمەن، مېنى كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقىچىلىك ئارىلىقتا بولسىمۇ نەپسىمنىڭ ئىلكىگە تاشلاپ قويمىغىن! ».

بۇ بېغىشلاش روھىنى بەدىردە يەنە بىر قېتىم كۆرىمىز. تەجرىبىسى يوق ئۈچ يۈز كىشى بىلەن مىڭ كىشىلىك بىر كۈچكە قارشى جەڭ قىلىشنى، پەقەت ئۆزىنى ئاتىغانلىق بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدىغان بىر ئەھۋال. بۇ جەڭدە كۈچلەر تەكپۈكلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇشتىن بۇرۇن، ئۇ بېشىنى سەجدىگە قويۇپ شۇنداق بىر دۇئا قىلغانىدى: « ئىلاھى يا رەب! ئەگەر شۇ بىر گورۇپ ئىنسانىنى ھالاك قىلساڭ، يەر يۈزىدە شېرىكتىن خالىي ھالدا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان بىرمۇ كىشى قالمايدۇ! ».

خۇددى جەڭدە غەلىبە قىلىشقا ئىنتىلگەندەك، ئاللاھ تىن تىلىگىنىگە ئېرىشىشتىمۇ ئاللاھ قا قاتتىق يالۋۇراتتى. رەسۇلۇللاھتا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنسانلاردىكى قەتئىيلىك بار ئىدى. تۇتقىنىنى ئالاتتى، تىلىگىنىگە ئېرىشەتتى. چۈنكى، ئۇ تۇتقىنىنى مەھكەم تۇتاتتى، ئاللاھ تىن بىر نەرسە تىلىگەندە چىن دىلىدىن تىلەيتتى. تۇتقان ۋاقتىدا پۈتۈن كۈچىنى قولىغا؛ دۇئا قىلغاندا، پۈتۈن كۈچىنى قەلبىگە يىغاتتى.

خەندەك ئۇرۇشىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدا ئايرىم بىر ئورنى بار. پەيلاسوپ

ساھابە سەلمان پارسىنىڭ تەكلپى بىلەن مەدىنە ئەتراپىغا خەندەك قېزىلغانىدى. ئارقا سەپنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسى، ئىتتىپاق كېلىشىمگە ئاساسەن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. غازاتقا چىققان مۇجاھىدلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئارقا سەپكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇ بارلىق مۇجاھىدلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئامانەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

خەندەك قېزىلىۋاتقاندا، بىر يەردىن قاتتىق بىر گرانىت تاش چىقتى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى پارچىلىيالمىغانىدى ساھابىلەر. ئاللاھ رەسۇلىغا خەۋەر قىلىندى، ئۇ كېلىپ قولىغا بازغاننى ئالدى ۋە گرانىت تاشقا ئۇرۇشقا باشلىدى… بازغان زەربىسىدىن چىققان ئۇچقۇنلارغا قاراپ مۇنداق دەيتتى رەسۇلۇللاھ: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇچقۇنلاردىن كىسرانىڭ، قەيسەرنىڭ، يەمەن سارايلىرىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆردۈم ». بۇ خوش بىشارەتلەرنىڭ بىر قىسمى شۇ ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا رىئاللىققا ئايلاندى، بىر قىسمى 700 يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. مانا بۇ ئۆزىنى بېغىشلاش ئىدى. ئۆزىنى بېغىشلىغانلار كەلگۈسى 700 يىل ئۈچۈنمۇ بىر نىشان بەلگىلەيدۇ.

ئۇ بۈنى دېگەندە، ئۇ يەردە بۇ ئەھۋالغا شاھىت بولغان، قەلبىدە كېسەل بار بىرسى: « بىز قورققىنىمىزدىن ھاجەتخانىغىمۇ بارالمايۋاتساق، بۇنىڭ دېگەن گېپىنى قارا! » دېگەندەك بولمىغۇر بىر سۆزنى قىلغانىدى. شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ ھاجەتخانىغا بارالمىغانىدى. ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە، ئارقا سەپتە تۇرغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان بولۇپ، بارلىق مۇجاھىدلارنىڭ بالا - چاقىسى ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسىرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مانا يەنە بىر « مېنىڭ تاقىتىم تۈگىدى » دېگەن ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

بىر كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ، مۇشرىك ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ يوغان قازانلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئۆرۈپ تاشلىغان ئىدى بۇ بوران … رەببىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان بوران، مۇئمىن قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمىغا يېتىشكەنىدى… ئەتىسى سەھەردە دۈشمەنلەر يوق – تاقلىرىنى

تاشلاپ كەتكەن ۋە « ئەمدى نۆۋەت سىلەردە » دېيىلگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى ئاتاش ئۆرنىكىنى مانا بۇ مەيداندا يەنە بىر قېتىم كۆرسەتكەنىدى.

## تۇنجى قۇرئان نەسلى - ئۆزىنى ئاتىغان نەسىل ئىدى

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ھەمراھلىرى ( ساھابىلەر )، ئۆزىنى بېغىشلىغانلار نەسلى ئىدى. بىز ئۇلارنى « تۇنجى قۇرئان نەسلى » ئىسمى بىلەن ياد ئېتىمىز.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ رەسۇلىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ « دوستى »، يەنى ساھابىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى « ساھابە » دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، كالامى بىر داۋا خالاس. ئىدىئولوگىيىلىك ۋە مەزھەبى بىر مۇلاھىزىلەر بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ساھابى بولۇش كۆزنىڭ ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ ئىشى. كۆزى كۆرۈپ، قەلبى كۆزى كۆرمىگەن كىشى ساھابە بولالمايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەسۇلۇللاھنى دۇنيا كۆزى بىلەن بىر قېتىم كۆرۈپ باقمىدى، ئەمما ھەقىقىي ساھابە ئىدى. فەتھىتىن كېيىن، « بېرىڭلار، سىلەرنى قويۇپ بەردىم، سىلەر ھازىردىن باشلاپ ھۆر » دېيىلگەن كىشىلەر ئىچىدە، ئۇنى ناھايىتى كۆپ كۆرگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل كۆزى كور بولغانلار ساھابە بولالمىغانلارمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر دەۋردە ياشاش بىلەن، ئۇنىڭ داۋاسىغا ھەمدەم بولۇش تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ساھابە، ئۇنىڭ بىلەن داۋاداش بولغان، يەنى « ھاياتى ئۇنىڭ ھاياتىغا ئوخشىغان»، « ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر داۋا يولىدا كۆرەش قىلغان، ئوخشاش بىر داۋاغا ئىگە » ئۈچ ئا ۋە ئۈچ ۋ روھىغا ئىگە ئاكتىپ ياخشىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، قۇرئان بىلەن تەربىيىلىنىپ چىققانلىقى ئىدى.

ساھابىلەر ئاللاھ رەسۇلىنىڭ تىلىدىكى بايان بىلەن، ئۆزىنى

بىغەشلىغانلار نەسلى ئىدى. ئۇلار، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شۇنچە جاپا - مۇشەققەت، ئازاپ - ئوقۇبەت ۋە قىيىن - قىستاق، شۇنچە ئۇرۇپ - سوقۇلۇشلارغا قارىماستىن، داۋاسى يولىدا جېنىنى پىدا قىلغۇدەك دەرىجىدە سادىق كىشىلەر ئىدى. بۇنى مۇمكىن قىلغان ئۇلاردىكى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئىدى. ئۇلار ئۆزىدە پولاتتەك بىر ئىرادە ۋە كۈچلۈك نەپسىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. يولدا كېتىۋاتقاندا، بىرسى يۈزۈمىزگە تۈكۈرسە، بىزمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرىمىز. ئۇنداق قىلالمىساق، ئالدىغا دەۋەيلەپ بارىمىز. ئۇنى قىلالمىساق، خاپا بولىمىز. ئۇنىمۇ قىلالمىساق، ئۇ يولدىن ئىككىنجى قېتىم ئۆتمەيمىز. روھىي كەيپىياتىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ، قولىمىز تۇتماس، پۇتىمىز باسماس بولۇپ قالىدۇ، ئىشتىهايىمىز قاچىدۇ. قىلىۋاتقان ئىشىمىز نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى بۇرۇنقىدەك بىر زوق ۋە ئىشتىياق بىلەن قىلالمايدىغان بولۇپ قالىمىز.

ئۇنداقتا، ساھابىلەر قانداق قىلغانىدى؟ ساھابىلار ئىچىدىكى فىقىھى ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ب. مەسئۇد، كەبىنىڭ ئالدىدا قۇرئاننى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ تاللانغان ساھابىلىرىغا ئۈچ قېتىم سۇنغان قۇرئاننى ئوچۇق - ئاشكارە ئوقۇش تەكلىپىنى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر پىدائى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئىبنى مەسئۇد جۇغى كىچىك، ۋۇجۇدى كىچىك بىر كىشى ئىدى. ئۇ ۋەدىسىگە رىئايە قىلىپ كەبە ئالدىدا قۇرئان ئوقۇشى بىلەن تەڭ، مۇشرىكلەر ئۇنىڭغا يوپۇرلۇپ كېلىپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ ئاغزى -بۇرنىنى قان قىلىۋەتكەنىدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى، ئۇ بايان قىلغان بىر ئېغىز سۆز ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى ئاتىغان كىشىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا: « ئۇلارنى ھېچقاچان ئۇ كۈندىكىدەك ئاجىز ھالدا كۆرمىگەنىدىم! ».

ئۆزىنى ئاتىغانلارنىڭ تىللارغا داستان ئۆرنىكىنى، زۇلۇم، قىيىن - قىستاق ئاستىدا پەرياد چەككەن ساھابىلەر تەشكىل قىلىدۇ. ياسىر ئائىلىسى بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا يەر ئالىدۇ. ئەسلى ئىسمى بامىھ (

پاختا ) بولغان سۇمەييە ( رەزىياللاھۇئەنھا )، يەمەنلىك ئېرى ياسىر ۋە ئوغلى ئاممار خوجايىنلىرىنىڭ قېيىن ـ قىستىقى ئاستىدا پەرياد چىكىشۋاتقاندى. ياسىر ۋە سۇمەييە « ئاللاھ بىر »دېگەنلىكى ئۈچۈن ھاياتقا كۆز يۇمغىچە مۇشرىكلار تەرىپىدىن قېينالدى. ئىمان داۋاسىغا ئۆزىنى ئاتاشقا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق قۇربانلىق بېرىلىدۇ دەيسىز؟

غۇزەييە بىنت دۇدان بىر ئايال كىشى بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقان بولۇپ، ئىگە ـ چاقىسى يوق ئىدى. مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ قېيىن ـ قىستىقىدىن قاچتى ۋە چۆلدىن ئۆتۈپ مەدىنىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئاللاھ نىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا بېغىشلىغان بۇ مەزلۇم ئاخىرى، « ئانام ـ دادام ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ » دېگەن رەسۇلۇللاھ نىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.

ئىسلام فەتىھلىرىنى، ساھابىلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا ئىزاھلىيالمايمىز. ئىسلام فەتىھلىرىنىڭ سەۋەبى قورالىق كۈچ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يۈز يىل ئىچىدە غەربتە پىرەنەلەردىن شەرقتە جوڭگوغىچە، شىمالدا كافكازلاردىن، جەنۇپتا سەيلان ئارىلىغىچە دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقالغان بىر دىن بار ئىدى. بۇنى ھەربى ۋە قورال كۈچى بىلەن ئىزاھلىغانلارغا، ئىنگلىز تارىخ پەلسەپىچىسى كارلىلە مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: « ئەگەر بۇ ئىشلار قورال كۈچى بىلەن بولىدىغان بولسا، سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلار ھەممىدىن ئىلغار ۋە كۈچلۈك، ئۇنداقتا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېقىڭلار ئەمسە! ».

ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيانىڭ نۇرغۇن يېرىدىكى ئاھالىلەر، ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بىر كىچىك ئەترەت بىلەنمۇ ئۇچراشماستىن، بىر تال ئوق ياكى قىلىچ كۆرمەستىن ئىسلامنى تاللىغانىدى. مالايسىيا، ھىندىنوزىيە، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسيانىڭ نۇرغۇن جايلىرى قورالىق كۈچتىن خالىي ھالدا ئىسلامنى قوبۇل قىلغانىدى. ئاناتولىيەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىمۇ « يۈرەك فەتھى » بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغانىدى.

ۋىدا ھەجدە رەسۇلۇللاھنى كۆرگەنلەرنىڭ سانى، بىز مۇۋاپىق دەپ قارىغان 70 ـ 80 مىڭ كىشى دېيىلگەن رەقەمنى قوبۇل قىلايلى. بۇلاردىن تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىنىڭ قەبرى مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا بولۇپ، قالغانلارنىڭ قەبرى قەيەردە؟

مانا بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى، ئۆزىنى ئاللاھ يولىدىكى داۋاغا ئاتىغانلار نەسلىنىڭ قانداق بىر نەسىل ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ساھابىلىرى ئۆزىنى ئىسلام داۋاسىغا ئاتىغاندى. بۇ سەۋەپتىن، ئىستانبۇل دېيىلگەندە، ئەبۇئەييۇب ئەل – ئەنسارى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. سامسات ( تۈركىيەدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى ) دېيىلگەندە، تۇنجى قۇرئان نەسلى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ساففان ب. مۇئاتتال ئەسسۇلەمى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) يادىمىزغا كېلىدۇ. ماراش ( تۈركىيەدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى ) دېيىلگەندە، ئۇقاشە ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )؛ دىيار بەكىر دېيىلگەندە، سۇلايمان ب. خالىد. ب. ۋەلىد ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. قىبرىس دېيىلگەندە، بىر ئايال ساھابە، ھازىرمۇ « ھالا ( ھامما ) سۇلتان » دەپ ياد قىلىنغان ئەنەس ب. مالىك ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) نىڭ ھاممىسى ۋە ئۇبادە ب. سامىت ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )نىڭ رەپىقىسى رۇمەيسا ئىسىملىك ئۇممۇ ھارام ( رەزىيەللاھۇئەنھا ) يادىمىزغا كېلىدۇ.

ئەبۇ ئەييۇب ئەل ـ ئەنسارى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) ھەققىدە بىر ئاز توختىلايلى. قاچان ۋە قانچە يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن، بارلىق رىۋايەتلەرگە قارىغان ۋاقتىمىز، 83 ـ 93 ياش ئارىسىدا ۋاپات بولغان. سىزچە 90 ياشقا كىرەي دەپ قالغان بىر كىشى جەڭ قىلالامدۇ؟ بىرلا جاۋاپ بار: ياق، قىلالمايدۇ. ئۇنداقتا، رەسۇلۇللاھنى مەدىنىدە تۇنجى قېتىم ئۆيىدە مېھمان قىلغان، قۇرئان بىلەن يېتىلىپ چىققان بىر ساھابە ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ سىففىندىكى ئۈچ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ئەييۇب ئەل ـ ئەنسارى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )نى، ئۇ دەۋرنىڭ شارائىتىدا ئۈچ مىڭ كىلومېتىر يولنى مېڭىشقا قايىل قىلغان نېمە ئىدى؟

ئەگەر بۇ سوئالغا « ئىمان » دەپ جاۋاپ بەرسەك، ئۇ ۋاقتتا ئۇنىڭدەك قىلمىغانلارغا تۆھمەت قىلغان بولۇپ قالىمىز، شۇڭا بۇ جاۋاپ توغرا ئەمەس. ئۇنداقتا بۇ سوئالنىڭ توغرا جاۋابى نېمە؟

ئاللاھ يولىغا ئۆزىنى ئاتاش ئىدى. شۇنداق، ئەبۇ ئەييۇب ئەل – ئەنسارى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )نى 90 ياشقا كىرەي دەپ قالغاندا، ئۈچ مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كاپىرلار دىيارىغا بېرىشقا ئۈندىگەن « جەڭ ئارزۇسى » ئەمەس، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئىدى. كۈنىمىزدىكى نۇرغۇن مۇسۇلماننىڭ، مەنتىقىسىغە زىت كەلگەن بىر ئەھۋال ئالدىمىزغا چىقماقتا. مەككە ۋە مەدىنە مۇبارەك ماكانلار. ئۆزگە ئەۋلىيا سۈپىتى بەرگەن كىشلەرنىڭ نۇرغۇنى، ئاللاھ رەسۇلىغا يېقىن بىر يەردە قەبرەم بولسۇن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇلنىڭ كۆزگە قارىمايدىغان نۇرغۇن كىشى بار. ئۇنداقتا، ئەبۇ ئەييۇب ئەل – ئەنسارى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) نېمە سەۋەپتىن ۋاپات بولغاندا، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە پەيغەمبەر مەپتۇن بولغان شەھەر مەدىنىدە يېتىشنىڭ ئورنىغا « ياقا يۇرت »نى تاللىغانىدى؟ ئۇنىڭ بىر قەبرىسىنىڭ بولۇپ – بولماسلىقى، قەيەردە ۋاپات بولىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى. لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىق ئىدى، ئۇ يەنە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ سەپەرگە چىقمىغانىدى. بۇ سوئاللارنىڭ بىرلا جاۋابى بار: ئاللاھ يولىدىكى داۋاغا ئۆزىنى ئاتاش...

ھەزرىتى ھۇسەيىن، ئۆزگە « ئىراققا بارماسلىق » ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ بىر مەكتۇپ يازغان ئىبنى ئۆمەرگە، « ياتىدىغان جايغا كېتىۋاتىمەن » دېگەنىدى. ئىمام شائىبى « بارمىغىن » دەپ يالۋۇرغانىدى ئۇنىڭغا. ئەبۇ سەئىد ئەل – خۇدرى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )، ھەزرىتى ھۇسەيىنگە دادىسى ھەزرىتى ئەلى ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) نىڭ، « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلاردىن بىر ياخشىلىق كۆرمىدىم » دەپ تەرىپلىگەن ئىراقلىقلارنىڭ ۋەدىسىگە ئالدانماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. ئاھنەف ب. شەرىق، ھۇسەيىننى رۇم سۈرىسىنىڭ 60 - ئايىتى بىلەن توختاتماقچى بولدى، لېكىن مۇۋەپپەق بولالمىدى. قېرىندىشى مۇھەممەد، ئۇنىڭ ئىراققا بېرىشىغا قەتئىي رازى ئەمەس

ئىدى. يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ھۆكۈرەپ يىغلىغانىدى. ئابدۇللاھ بىن جافەر ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) « ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەر يۈزىنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ. سەن مۇئمىنلەرنىڭ ئۈمىدى، ئۆتۈنۈپ قالاي بارما! » دەپ بىر مەكتۇپ يازغانىدى ۋە ئۆزى كېلىپ ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ، « چۈشۈمدە رەسۇلۇللاھنى كۆردۈم، ماڭا بىر ئىشنى بۇيرىدى، ئۇنى ئادا قىلىشىم لازىم » دېدى. چۈشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورالغان بولسىمۇ، ھېچكىمگە ئېيتمىغانلىقىنى، ئۆلگىچە ھېچكىمگە ئېيتمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. « ھايات ئىمان ۋە جىھادتىن ئىبارەتتۇر » دېدى ۋە ئۆلىشىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىراققا قاراپ يولغا چىقتى.

بۇنى ئادەتتىكى بىر چۈشەنچە بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر ئىزاھاتى، ئاللاھ يولىدىكى داۋاغا ئۆزىنى ئاتاش ئىدى.

## ئۆزىنى ئاتىغانلار ئۇنتۇلمايدۇ

سوقرات بىر ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى ئىدى.

دەرس بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئالمايتتى. ئەپلاتۇنمۇ ئۇستازىنى ئۆزىگە ئۈرنەك قىلدى. ئارىستوتىل دەرس بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلدى، ئۇستازى ئەپلاتون ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن رەنجىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمىدى. سوقرات، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ « ئۆلۈم تېخىمۇ بىر ياخشى ئەمەل ئۈچۈن ئاتلانغان سەپەر » دېگەنىدى. ئۇ، يۇنان تەڭرىلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە ياشلارنى ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى جىنايەت بىلەن ئەيىپلەنگەن بولۇپ، بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ « مەن ئۇخلاۋاتقان ئاتىنا ئېتىنى ئويغىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دۈمبىسىگە قونغان بىر چىۋىن » دەيتتى ئۆزىنى. ئۆز دەۋرىنىڭ سوتى ئۇنى، زەھەر سېلىنغان ئىچىملىكنى ئىچىپ ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلىنغانىدى. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا زىنداندىن قېچىپ كېتىش

تەكلىۋىنى بەردى، لېكىن ئۇ رەت قىلدى. ئۇ زەھەرنى ئىچىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىسى كرىتوغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قالدۇردى: « ئاسكلەپىئوسقا بىر خوراز قەرزىم بار، ئۇنى قايتۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىن! ».

ئاخىرقى سۆزى مۇنداق ئىدى: « تەڭرىنىڭ نەزىرىدە قىلغانلىرىم قوبۇل بولامدۇ - بولمامدۇ ئۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن چىن دىلىمدىن تىرىشتىم. بۇ تىرىشچانلىقىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئۈمىدىم بار ». زەھەرنى ئىچتى ۋە ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىچە ئەتراپىنى ئايلاندى، ئاخىرى روھىنى تەسلىم قىلدى. ئۇ جېنىنى سەممىيەتكە شاھىت قىلىش ئۈچۈن پىدا قىلغانىدى.

يۇقىرىدا ھاياتى قىسقىچە بايان قىلغان شەخس « ئۆزىنى بېغىشلىغان » دېيىشكە لايىق ئەمەسمۇ؟

ئىسكەندەرمۇ ئۆزىنى بېغىشلىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۇستازى ئارىستوتېلنىڭ، دەرس بەرگەن ماكانىنىڭ زېمىن قىسمىغا ياساتقان دۇنيا خەرىتىسىگە مەپتۇن بولۇپ قالغان ۋە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ جاھانگىر بولۇشقا ئۆزىنى ئاتىغانىدى. چاناق قەلئە ئەتراپىدا قۇرۇقلۇققا يېقىنلاشقان كېمىلەر ئىچىدە، ئەڭ باشتىكى كېمىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئۇ بار بولۇپ، يېنىدا ئېلىپ ماڭغان غەزىنە قوشۇنىنىڭ بىر ئايلىق ئېھتىياجىنى ئاران قامدىيالايتتى.

20 ياش ۋاقتىدا تەختكە چىقتى، 13 يىلغا يېقىن ھۆكۈمران بولدى. بۇ ۋاقىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھىندىستان سەپىرىدە ئۆتكەن بولۇپ، بېسىپ ئۆتكەن يول ئۈستىدە 70 تانە ئىسكەندىرىيە شەھىرى بىنا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مىسىر، بابىل، پارس ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئېمپېرىيىسىگە قوشتى. مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان پارس شاھى دارانىڭ قوشۇنى ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ 13 ھەسسىگە توغرا كېلەتتى. ھىندىستان سەپىرىدىن كېيىن، قوشۇندىكى بارلىق يۇنان ئەسكەرلەرنى ئائىلىسىگە قايتۇردى، ئاندىن بارلىق ماكەدۇن

ئەسكەرلىرىنىمۇ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ يۇنان ياكى ماكەدۇن سۇپىتىدە ئەمەس، بىر جاھانگىر سۇپىتىدە تارىختا ئىز قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئارزۇغا ئاتىدى ۋە نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر 32 يېشىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېيتىلغاندا، « ئۆلۈمنى فەتىھ قىلماقچى » ئىدى. بۇ بۈيۈك جاھانگىرنىڭ ئۆلۈمگە بەزگەك مىكروبى ئېلىپ يۈرگەن بىر پاشا سەۋەپ بولغانىدى.

ئەگەر ئۆزىنى ئاتاش روھى بولمىسا، 32 يىللىق بىر ئۆمۈرگە بۇنچە ئالەمشۇمۇل ئىشلارنىڭ قانداق سىغقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟

## فاتىھلەر ئۆزىنى بېغىشلىغانلار ئىچىدىن چىقىدۇ

ئەندۇلۇس ( بۈگۈنكى ئىسپانىيە ) فاتىھى تارىق ب. زىياد ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان بىر زات ئىدى. ئۇنىڭ يېتىم ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. 300 ئەرەپلەردىن قالغىنى ئەجەملەردىن تەشكىل قىلىنغان 7000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ، مىڭلارچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىبەرىك يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئەندۇلۇستا بىر ئىسلام دۆلىتى قۇردى. بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان زەپەرنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىزاھاتى يوق. بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر، ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى، تارىق ب. زىيادنىڭ قۇرۇقلۇققا قەدەم باسقاندىن كېيىن قىلغان شۇ نۇتقىنى ئوقۇغاندا، سىزمۇ قايىل بولىسىز. ئۇ: « ئى ئىسلامنىڭ ئېزىز ئەسكەرلىرى، ئارقاڭلاردا دېڭىز، ئالدىڭلاردا دۈشمەن بار. سىلەرنىڭ ئاللاھ تىن ۋە قىلىچىڭلاردىن باشقا دوستۇڭلار يوق. مەن سىلەرگە ئۆلۈمنى ئەمر قىلىمەن. سىلەرگە ئەمر قىلغان ئۆلۈمنى ئالدى بىلەن ئۆزەمگە ئەمر قىلىمەن. مەن سىلەرنى باشلىغان نەرسىدىن

ئۆزەمنى خالىي تۇتمايمەن. ئەڭ باشتا مەن بولىمەن. ئەگەر سىلەرگە ئەمىر قىلغان نەرسىنى مەن قىلالمىسام، سىلەرمۇ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار! » دېگەنىدى.

مانا بۇ ئۆزىنى ئاتاش دەپ ئاتىلىدۇ.

سالاھىددىن ئەييۇبمۇ ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۆزىنى قۇددۇسنىڭ پەتھى ئۈچۈن ئاتىغانىدى. بىر كىشى ئۆزىنى بۇ سەۋداغا بېغىشلىسا، چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ساناقسىز تەجەللىلىرىدىن بىرسى سالاھىددىن ئەييۇبى ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشچە، ھەلەپتىكى ئۇستا بىر ياغاچچى، ئەھلى سەلىپ ئىشغالى ئاستىدىكى قۇددۇسقا جايلاشقان ئەل - ئاقسا جامىسى ئۈچۈن، ناھايىتى چىرايلىق بىر مېھراپ ياساپتۇ. بۇ مېھراپ تىللارغا داستان بولۇپتۇ. كىشىلەر ياغاچچىدىن: « ناھايىتى چىرايلىق بولۇپتۇ. لېكىن، قۇددۇس ئىشغال ئاستىدا، بۇنى كىم ئۇ جامىغا ئاپىرىپ ئورنىغا قويىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ياغاچچى، « مېنىڭ قولۇمدىن بۇ ئىش كېلەتتى، مەن بۇنى قىلدىم. بەلكىم، بىر يىگىت چىقىپ، بۇ مېھراپنى قۇددۇستىكى ئورنىغا قويار » دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان سالاھىددىن، تىكرىت كوچىلىرىدا ئويناپ يۈرگەن 5 - 6 ياشلاردىكى بىر كىچىك بالا ئىدى.

سالاھىددىن تاغىسى شىرقۇھ بىلەن بىرگە، مىسىر پاتىمى دۆلىتى ۋەزىرىنىڭ چاقىرىقى بىلەن مىسىرغا كېلىدۇ. تاغىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مىسىرغا ۋەزىر بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئەييۇبىيلەر دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولىدۇ.

ئۇ، پارچىلىنىپ كەتكەن ئۈممەتنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق بىر يول تۇتقان بولۇپ، مۇسۇلمان يېتەكچىلەرگە سۇيىقەست قىلغان ھەسەن سابباھ يولىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى نىزارى ئىسمائىلىلەرنىمۇ قايىل قىلىپ، ئۆز داۋاسىغا خىزمەت قىلدۇرغانىدى. ئالامۇت ئىسمائىلىيلەر، بۇ

تارىختىن كېيىن، زەھەرلىك خەنجەرلىرىنى قۇددۇسنى ئىشغال قىلغان ئەھلى سەلىب ھۆكۈمدارلىرىنى ۋە قوماندانلىرىنى كۆزدىن يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلەتتى. 16 چوڭ سۈيىقەستنىڭ ئاخىرقى تۆتى، قۇددۇس پەتھى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى. نىزارىلەر بۇ تۆھپىلىرى بىلەن قۇددۇس پەتھىنىڭ يولىنى ئاچتى. سالاھىددىن ناھايىتى ئېغىر ۋە قېيىن شارائىتتا قۇددۇسنى پەتھ قىلىپ، 5 - 6 ياش ۋاقتىدا قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە مېھراپنى ئەل - ئاقسا جامىسىگە يەرلەشتۈردى.

بۇ بۈيۈك پەتھنى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

كوسوۋا فاتىھى غازى مۇرات خان ئۆزىنى ئاتىغانلاردىن بىرى ئىدى. 1389 - يىلى 8 - ئاۋغۇستا 60 مىڭ كىشىلىك ئوسمانلى قوشۇنى بىلەن، سىرپىلارنىڭ 150 مىڭ كىشىلىك ئەھلى سەلىپ قوشۇنى جەڭ مەيدانىدا بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزتقانىدى. ئۇ كۈنى شۇنداق قاتتىق بوران چىقىپ، كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. غازى مۇرات خان، رەببىگە يۈزلەندى ۋە كۆز ياشلىرى ئىچىدە مۇنداق دۇئا قىلدى:

« يا رەببى! قۇلۇڭ مۇراتنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بۇ بىگۇناھ ئىسلام ئەسكەرلىرىنى جازالىمىغىن! ».

« رەببىم! ئۇلار بۇ يەرگە پەقەت سېنىڭ ئىسمىنىڭ ئالىي قىلىش ئۈچۈن كەلدى. رەببىم! بۇ مۇئمىن قوشۇننىڭ ھالاكىتىگە مېنى سەۋەپ قىلمىغىن! ».

## « ئۇقۇمۇشلۇق زات » ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولغاندىلا « ئالىم » بولىدۇ

ئىبن تەيمىيە ئۆزىنى بېغىشلىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش نۇرغۇن ئالىم ياكى ساراي داستىخانلىرىنىڭ دائىملىق

مېهمىنى ياكى هېچقانداق ئىش بىلەن كارى يوق بىپەرۋالاردىن بولغان ئىدى. ئۇ، مەن ئالىم دەپ سارايلاردا يۈرمىدى. ئۈممەتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشتى. گاهىدا ئۈممەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان موڭغۇللارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ باردى، گاهىدا ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلدى. موڭغۇللارنى ئاين جالۇتتا تۇنجى قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان مەملۇكلارنى، موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشقا قايىل قىلغانلارنىڭ بىرسى ئۇ ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئىش قىلغان بولۇپ، بەزىدە خاتالىشىپمۇ قالغانىدى. پەقەت هېچ ئىش قىلماي ياتقانلارلا خاتالاشمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇ ئۇستا ناتىق بولۇپ، هېسسىياتقا باي ئىدى. دۈشمىنىگە ئۆلگىچە دۈشمەن بولدى، ياخشى كۆرگەنلىرىنى هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى كۆردى. داۋاسىنى ئاخىرقى نەپەسگىچە داۋاملاشتۇردى. بۇ يولدا قاهىرەدە ئىككى قېتىم ئىككى يېرىم يىل زىنداندا ياتتى. ئۇنىڭ ئىجتىهادىغا ئىجتىهاد بىلەن جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغان ساراي ئۆلىماسى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈچ ئىشلەتكەنىدى. تالاق هەققىدىكى قۇرئانغا مۇۋاپىق، لېكىن ئەنئەنىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىجتىهادى سەۋەپلىك شامدا زىندانغا تاشلاندى. قەبىر زىيارىتىگە قارشى چىقىش« جىنايىتى » سەۋەبىدىن، زىنداندىكى بىردىنبىر هەمراهى بولغان قەغەز ـ قەلەممۇ ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنغانىدى. « يازمىسام قەتئىي بولمايدۇ » دېگەنلىرىنى، بىر يەرلىرىنى قانىتىپ تۇرۇپ، قېنى بىلەن يازغانىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە قارىتىلغان رەزىل مۇئامىلە سەۋەبىدىن زىنداندا ۋاپات بولدى.

مانا بۇنىڭدەك بىر هاياتنى، ئۆزىنى ئاتاش روهىدىن باشقا نېمە بىلەن ئىزاهلىيالايمىز؟

جامالىددىن ئافغانى ئۆزىنى ئاتىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە، جافەرى مەزهىبىگە مەنسۇپ بىرئازەرى بولۇپ، ئائىلىسى ئىران ئەزەربەيجاندا ئىدى. مەزهىبىنى دىن قىلىۋالغانلارنىڭ شەررىدىن ۋە تىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن « ئافغانى » تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن

بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلارنىڭ تىلىدىن قۇتۇلالمىدى. ئافغانىستاندا ۋەزىر بولدى. ئۇنىڭ مەنسۇبىيىتى ئىسلام، قەۋمى ئۇممەت، مەزھەبى تەھقىق ( ئىزدىنىش )، مەشرەبى قىيام ئىدى.

« بارما، بۇ يەردە قالغىن » دېگەن دادىسىغا، ئۆزىنى ئۇچمىسا ئۆلىدىغان بىر بۈركۈتتەك ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، دادىسىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى. ئىنگلىزلارنىڭ ئادىمى شىر ئەلى خان تەختنى تارتىۋالغانىدىن كېيىن، ئافغانىستاندىن پالاندىن. ئۇ ئىنگلىزلارغا قارشى ھىندى مۇسۇلمانلارنى قوزغاش ئۈچۈن ھىندىستانغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە شاھ ۋەلىيىۇللاھ دەھلەۋىنىڭ ئىسلاھ ئېقىمىغا ئەگەشكەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىنىش سەۋەبى بىلەن نەجەف ۋە ھىجازغا بېرىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئىنگلىزلار ئۇنى ھىندىستاندىن پالىۋېتىدۇ. ئۇ ئەزھەرگە كېلىپ، ئەزھەر ئالىملىرىنى ئويغۇتۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا كېلىپ، بىر قېتىم لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى ئۈچۈن ئورەك قېزىۋاتقان ئەجنەبىلەرگە « و » ھەرپىدەك ئىگىلگەن ساراي ئۆلىماسى، ئافغانىغا قارشى « ا »تەك تىك تۇرىدۇ. « پەيغەمبەرلىك سەنئەتلەردىن بىر سەنئەت » دېدى دەپ، ئۇنى ئەجنەبىيلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىستانبۇلدىنمۇ قوغلايدۇ. ئۇ چارىسىز مىسىرغا قايتىپ كېلىدۇ.

سابىق باش مىنىستىر / ۋەزىر ئافغانى، قاھىرەدە بوسنا قەھۋەخانىسىنى ئۆزىگە ماكان قىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللاھتىن تارتىپ ئەتراپىغا جەم بولغان ئالىم، سىياسەتچى، ھەربىي، سودىگەر، مۇسۇلمان، غەيرى مۇسۇلمانلارغا شەرق ۋە غەربنى ياخشى چۈشۈنۈشكە، تەقلىدنى تاشلاپ ئىزدىنىشكە، تەپرىقىچىلىقنى تاشلاپ بىرلىششكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى سىڭدۈرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھەممە تەرىپى ئوچۇق ياكى يېپىق ھالدا غەرپ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. ئافغانىنىڭ پەقەت بىرلا دەردى بار بولۇپ، ئۇممەتنى بۇ ئىشغالدىن قۇتۇلدۇرۇپ بىرلەشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قولدىن كېلىشىچە تىرىشقان بولۇپ، ئالدى بىلەن شوتلاندىيە ماسون ( يەھۇدىي ) ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولىدۇ. كېيىن فىرانسىيە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىشى بىلەن، شوتلاندىيە ئۇيۇشمىسىنى تاشلاپ فىرانسىيە ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە مىسىر ئىنگلىزلارنىڭ ئىشغالىيەت خەۋپى ئاستىدا ئىدى. بۇ ئۇيۇشمىلار ئۆز ۋاقتىدا بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلارنىڭ ئۆز ئارا تەشكىللىنىش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى ئىدى. لېكىن، ئافغانى بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بەشىنچى تارماق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئورگان ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن ئۆتمەستىن ھېس قىلىدۇ. ئىنگلىز ۋەلىئەھدىنىڭ قاھىرەنى زىيارىتى بىر جۇمە كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ جۇمە خۇتبىسىدە بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ئەپتى بەشىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. كېيىن ئۇ مىسىر ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئۇيۇشما ئۈچ يۈز ئەزاسى بىلەن، مىسىردا ياۋروپا نوپۇزىغا قارشى بىر « شەرق مىللەتلىرى مەركىزى »گە ئايلىنىدۇ. ئىنگلىزلار ھىندىقۇگە بېسىم ئىشلىتىشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئافغانى بىر كۈنى يېرىم كېچىدە چامدىنىنىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ھالدا قاھىرەدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ يانچۇقىدىكى ئۈچ ئوسمانلى لىراسى ۋە ئۈچىسىدىكى كىيىمى بىلەن تالادا قالغان ئىدى. رېھتىمدا ئۆزىگە بىر لىتاپ ئىچىدە پۇل تەڭلىگەن ئەھمەد نەقاۋى ئەپەندىگە بەرگەن جاۋابى، ئۆزىنى بېغىشلىغانلارغا خاس سۆز ئىدى:

« پۇلۇڭنى يانچۇقۇڭغا سال. شۇنى ئوبدان بىلگىنكى، شىر قەيەرگە بارسا، ئولجىسىمۇ شۇيەرگە كېلىدۇ! ».

ئۇ ھىندىستانغا قايتىدۇ. مىسىردىكى ئۇرابى قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ئىنگلىزلار ئۇنى نەزەربەنت قىلىدۇ. سۇدان مەھدى ھەرىكىتىنىڭ پايدىسىغا ئىنگلىزلار بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. پارىژغا بارىدۇ ۋە ئۇرۋەتۇل — ۋۇسقا ژورنىلىنى نەشر قىلىدۇ. ئىنگلىزلار بۇ ژورنالنى سېتىۋالغۇچى ياكى ساقلىغۇچىلارنى ئىككى تۈرمىگە سولايدۇ ياكى جەرىمانە قويىدۇ. كېيىن، ئۇ ئىرانغا بېرىپ، ئىران شاھىنى ئىنگلىز ئىمپېرىيىسىگە تەسلىم بولماسلىق ئۈچۈن قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. كاپكازىيەدىكى

مۇسۇلمانلارنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردۇ. ئۇ يەردىن ئىنگلىز ئىمپېرىيىسىگە قارشى تۇرۇشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن موسكۋاغا باردۇ. سان پېتىرسبۇرگتا ئىسلام بىرلىكىنى تەرغىپ قىلغان گېزىت نەشىر قىلىدۇ. ئىران شاھىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن يەنە ئىرانغا باردۇ. ئىران شاھى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئابدۇلئەزىم ماقامىغا كىرىۋالىدۇ. ئاخىرى ئۇنى سۈرگۈن قىلىش ھەققىدە پەرمان چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 500 ئەسكەرنىڭ نازارىتىدە ماقامدىن چىقىرىلىپ، قەھرىتان قىش كۈنىدە مىڭ بىر زۇلۇم بىلەن ئوسمانلىنىڭ ئىراق چېگرىسىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. ئۇ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئىستانبۇلغا كېلىدۇ ۋە جاسۇسلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يوقسۇللۇق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن شۇبھىلىك بىر شەكىلدە ۋاپات بولىدۇ. ھاياتىدا ئۇنىڭ بالا ـ چاقىسى، بېشىنى تىققۇدەك بىر كەپىسمۇ بولمىغانىدى.

مانا بۇنداق بىر ھاياتنى، پەقەت ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

مۇسا جارۇللاھمۇ ئۆزىنى ئاتىغانلاردىن ئىدى. دەسلەپتە ئىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن روستوۋ، قازان، بۇخارا، ئىستانبۇل. مەككە، مەدىنە، دىيوبەند، شام، بەيرۇت قاتارلىق جايلارغا بارغان. كوممۇنىست ئىنقىلابىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ۋە بۇخارادا كوممۇنىستلارنىڭ مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقىغا شاھىت بولغانىدى. ئۇ لېنىنگراد جامەسىدە ئىماملىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنى قوغدىغانىدى. كېيىن كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ سۈرگۈن قىلىنىدى. 1926 ـ يىلى مەككىدە، 1927 ـ يىلى قۇددۇستا خىلاپەت قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. كېيىن مەملىكىتى قازانغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، موسكۋا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1930 ـ يىلى ئائىلىسى ۋە باللىرىنى تاشلاپ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئائىلىسى ۋە باللىرىنى قايتا كۆرەلمىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى قايتىدىن كۆزىتىش ئۈچۈن ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا باردى. مىسىردا تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. بېرلىنغا باردى ۋە ئۇ يەردە لاتىن يېزىقىغا قارشى ئەرەپ ئېلىپبەسىدىكى مەتبەخانا قۇردى ۋە بەزى ئەسەرلەرنى نەشر قىلدى. ئىران ۋە ئىراققا بېرىپ، شىئە ئۆلىما بىلەن ئۈممەتنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. قايتىدىن مىسىرغا ئاندىن ھىندىستان ۋە ئۇ يەردىن ياپونىيىگە باردى. ياپونىيىدە مەشھۇر ياپون ئالىمى توشىھىكو ئىزۇتسۇغا ئۇستاز بولدى. ھىندىستاندا ئىنگلىزلار ئۇنى ياپونى تەرەپتارى دەپ قولغا ئالدى ۋە بىر يېرىم يىل تۈرمىدە ياتتى. قاھىرەدە 19 يىلدىن بۇيان كۆرەلمىگەن ئايالى ۋە بالىلىرىغا بولغان ھىجران ئوتىدا ئالەمدىن ئۆتتى. روسلار ئۇنىڭ ئوغلىنى ھەربىي ئۇچقۇچى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. ئوغلى ئۇرۇش جەريانىدا ئايروپىلان بىلەن گېرمانىيىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ دادىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ يېتىپ كەلگەندە دادىسى ئاللىقاچان ۋاپات بولغانىدى.

قۇرئان شائىرى مەھمەت ئاكىف ئۆزىنى ئاتىغانلاردىن بىرى ئىدى. مەيلى ئوسمانلى دەۋرى بولسۇن ياكى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆكتىچى بولۇشىنىڭ ئارقىسىدا ھېچقانداق شەخسىي غەرەز يوق بولۇپ، پەقەت تىللارغا داستان بولغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بار ئىدى. ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن ئۇنى، ئىسلام بىرلىكى داۋاسى يولىدا، بېرلىندا ئەسىر مۇسۇلمانلارغا خىتاپ قىلغان ۋاقتىدا يەنە بىر قېتىم كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ داۋا يولىدا قۇشچى بېشى ئەشرەپ بىلەن نەجد چۆللىرىدە كېتىۋاتقاندا كۆرىمىز ئۇنى. بۇ سەپەر جەريانىدا ئەل - مۇزەممە ۋوگزالىدا ئۇنىڭغا بىر تېلېگىراف كېلىدۇ. تېلېگىرافتا دۈشمەنىنىڭ چاناق قەلئەدىن مەغلۇپ بولغان ھالدا چېكىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەر يېزىلغانىدى. ئاكىف كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ۋوگزالدىن چىقىپ، چۆل قۇملىقى ئىچىدە شۈكۈر سەجدىسى قىلىدۇ. قۇشچى بېشى، سەجدە ھالىتىدە تۇرىۋاتقان ئاكىفنىڭ يىغلىغان ئاۋازدىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئاكىف ئۆزىنى پىدا قىلغان قەدىرىيەتلەر، ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرىپىدىن خورلىنىدۇ. تىرىك ۋىجدان ئىگىسى بولغان ئاكىف بۇ ئەھۋالغا سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ. ھەر قانداق ئاكتىپ ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىدۇ. «ئەلۋەتتە، ئەي كىشى كارىڭ بولمىسۇن يولۇڭغا راۋان بول دېيەلمەيمەن، كۆڭۈل بۆلمەن؛ گاھ بولمەن پايخان ، گاھ قىلىمەن پايخان، ۋەلېكىن ھەقنى تۇتۇپ تۇرغۇزىمەن » دېگەن بىر كىشىدىن، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرىشنى كۈتمەيسىز، بەلكىم. بۇ قېتىم ھاكىمىيەتنىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىدۇ ۋە كۆزىدىن قان - ياش ئاققان ھالدا مىسىرغا كېتىدۇ. كېيىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ئادەمگە لايىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆلگىلىك شەكىلدە ئۆزىدىن كېيىنكى نەسىلگە مانا مۇشۇنداق جانلىق ھالدا ئۆگىتىدۇ.

سەييىد قۇتۇپ ئۆزىنى بېغىشلىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۆزىنى « مىسىرنىڭ ئاخىرقى پىرئەۋنى » دەپ تەرىپلىگەن ئەرەپ مىللەتچىلىكى ئىدىئولوگىيىسىگە مەنسۇپ بولغان جامال ئابدۇنناسىر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇ تەنزىمۇل - خاس ئىسىملىك دۆلەتكە قارشى مەخپىي تەشكىلات قۇرغانلىق جىنايىتى بىلەن دارغا ئېسىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە داۋاسىغا بولغان ساداقەت ئۇنى دار ئالدىغا ئېلىپ بارغانىدى. مىسىر دېكتاتورى ئالدىدا باش ئەگمىدى، ئېتىقاد قىلغان داۋاغا ئاخىرىغىچە سادىق بولدى. ئەپۇ سورىسا، كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغاندا، بىر مۇسۇلماننىڭ بىر مۇناپىقتىن ھەرگىزمۇ ئەپۇ سورىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ تەكلىپنى رەت قىلغانىدى ». ئەگەر ئاللاھ نىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىنغان بولسام، ھەقنىڭ ھۆكۈمىگە رازىمەن. ئەگەر باتىل قانۇنلار بىلەن جازاغا تارتىلغان بولسام، باتىلدىن ۋە مۇناپىقلاردىن شەپقەت تىلىمەيمەن. مەن ئاللاھ يولىدا قىلغان بىر ئىش ئۈچۈن ئەپۇ سورىمايمەن. نامازدا ئاللاھ نىڭ بىر ئىكەنلىكى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بارمىقىم، بىر تاغۇتنىڭ ھۆكمىنى تەستىق قىلىدىغان بىر ھەرىپنىمۇ ھەرگىز يازمايدۇ » دېگەن ئۇشبۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا ئائىت ئىدى.

سەئىد نۇرسىمۇ ئۆزىنى ئاتىغانلاردىن ئىدى. ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ يولدا، ئالدىغا چىققان ھەر قانداق بىر توسالغۇ ئۇنى بۇ داۋادىن ۋازكەچكۈزەلمىدى. ئۆزىنى بېغىشلىغان داۋا ئۈچۈن قاقمىغان ئىشىك، ئالمىغان رولى قالمىغانىدى. كۈنى كەلدى سەلانىك مەيدانلىرىدا ئىتتىھاتچى( ھەمكارلاشقۇچى - ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە قۇرۇلغان تەشكىلات )لار ئارىسىدا « ئەي جەمئىيەتى ئاھرار ( ھۆر كىشىلەر )! » دەپ نۇتۇق سۆزلىدى. كۈنى كەلدى ۋولقانىنىڭ بەتلىرىدە ئىتتىھاتچىلارنىڭ جىنايەتلىرىنى يۈزىگە ئۇردى. كۈنى كەلدى شەيتاندىن ۋە سىياسەتتىن ئاللاھ قا سىغىنىپ پاناھ تىلىدى. ۋاقتى كەلگەندە دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقانلار بىلەن كۆرۈشتى.

داۋاسىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئۇ داۋا ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بىلەن سوتلاندى. ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئالدىنقى سەپتە يەر ئالدى. تۈرمىدە يېتىشقا توغرا كەلگەندە تۈرمىدە ياتتى. سۈرگۈن قىلىنغاندا ھاياتى سۈرگۈندە ئۆتتى. سۈكۈت قىلىش زۆرۈر بولغاندا، سۈكۈت قىلىپ پىنھانغا ئۆزىنى بەنت قىلدى. ئۇنى خۇددى ھوۋلىشى بىلەن ئورماننى تىترەتكەن شىردەك پىنھان ماكاندىن مەيدانلارغا چىقارغان ئىنگلىز سىياسەتچى گلادستون:« بۇ قۇرئان، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا بولغان مۇددەتچە بىز ئۇلارنى بويسۇندۇرالمايمىز. نېمە قىلىپ بولمىسۇن، قۇرئاننى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىن چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك » دېگەنىدى. ۋان ۋالىيسى تاھىر پاشانىڭ سارىيىدا بىر گېزىتتىن بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ، « مەن قۇرئاننىڭ ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان بىر نۇر ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا كۆرسىتىمەن » دەپ رەببىگە ۋەدە بەرگەنىدى. ئۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى قۇرئان داۋاسىغا ئاتىدى.

ئۇ ۋاندا تەپەككۇر ئۈچۈن ئېتىكاپقا كىرىدىغان ۋان قەلئەسى ئىچىدىكى غارغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، پۈتى تېيىلىپ كېتىپ، نەچچە ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ياردىن چۈشۈپكەتكەنىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا پەقەت « ئاپلا، مېنىڭ داۋام!» دېگەنىكەن. « داۋاداشلىرىم » دەپ ئاتىغان ئافغانى ۋە

ئابدۇھقا ئوخشاش سەئىدى نۇرسىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىش قىلدى، شۇنىڭدەك سەھۋەنلىكتىنمۇ خالىي بولالمىدى. سەئىد نۇرسىمۇ ئەبەسە سۈرىسىدىكى « ھېچكىم ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئادا قىلالمىدى » ( 23 – ئايەت ) تىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. كۆڭۈل،ئۆزىنى ئىختىيارىي ھالدا ۋەھيىگە ئاتىغانلارنى كۆرۈشنى خالايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بىر داۋا شۇ داۋاغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلارنىڭ قولى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرلىدۇ. ئاللاھ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يازىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ نەزىر بولىشىنى كۈتكىلى بولمايدۇ، لېكىن ھەر قانداق كىشى ئۆزىنى بېغىشلىغانلارغا ياردەم قىلالايدۇ:

- سىلەرگە بىر نەزىر ( ئاگاھلاندۇرغۇچى ) كەلمىدىمۇ؟

- ئېيتتىكى، ئەلۋەتتە بىزگە بىر نەزىر كەلدى... » ( مۇلك، 8 – 9 ).

يا رەببى! بىزنى ئۇلار ( سېنىڭ يولۇڭغا ئۆزىنى ئاتىغانلار )نىڭ قاتارىدىن قىلغىن!

## يولنامە

دوستۇم،

قوياشقا، زېمىنغا، سۇغا، بۇلۇتقا قارا، لېكىن ئارقاڭغا قارىما. كىمنىڭ كەلگەنلىكى، كىمنىڭ كەلمىگەنلىكى مۇھىم ئەمەس...

ئۇنۇتما، يولۇچى ئالمىشىدۇ، يول ئالمىشىدۇ، ئەمما مەنزىل ئۆزگەرمەيدۇ.

يولۇچىغا قاراپ يولغا باھا بەرمە، يولغا قاراپ يولۇچىنى تونىغىن، يولۇچىنىڭ ھەققىدىكى قىممەتلىك باھايىڭنى ئۇنىڭغا قارىتا بەرگىن. قورقۇنچلۇق بولغان شۇكى، يولنىڭ يولۇچىسىز قېلىشى ئەمەس، ئەكسىچە يولۇچىنىڭ يولسىز قېلىشىدۇر. يولسىز، نىشانسىز، مەقسەتسىز،

تېگىرقىغان، قاياققا ئېقىشىنى بىلەلمەي قالغان سۇدەك بولۇپ قالما...

ئەڭ توغرا يول، تىكەنسىز يولدۇر دېگەنلەر سېنى ئالداۋاتىدۇ. ئۇلار قاراڭغۇ ئۆيدە يۇتتۇرۇپ قويغان نەرسىسىنى كوچا چىرىقىنىڭ نۇرىدا ئىزدەۋاتقان هاماقەتلەردۇر. پەرۋا قىلما! پۇتۇڭغا سانجىلغان تىكەنلەر، ئىزدىگەن گۈلىڭنىڭ خەۋەرچىسىدۇر.

تىكەندىن ۋايىسغانلار ئۆزىنى ئاشىقتەك كۆرسەتكەنلەردۇر، ئەگەر ھەقىقەتەن ئاشىق بولسا، تىكەننىمۇ سۆيىدۇ.

دوستۇم! يوللار مېڭىش ئۈچۈن بار. لېكىن، شۇ ھەقىقەتنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما: مېڭىش بىلەنلا مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ، ئەمما مەنزىلگە يېتىپ بارغانلار ماڭغانلاردۇر.

يول بويى سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭالماي قالغانلارنى؛ يولدا ئولتۇرۇپ، كېتىۋاتقانلارنىڭ پۇتىغا پۇتلاشقانلارنى؛ يولدا مىستىك كەيىپ قىلغۇچىلار بىلەن يان يېتىپ كەيىپ - ساپا قىلىۋاتقانلارنى؛ چىتلار بىلەن توسىغان يولنى ئۆزىگە زىندان قىلىپ، ئۇياقتىن – بۇياققا چېپىپ يۈرگەنلەرنى؛ ماراتونغا گويا 100 مېتىرغا يۈگۈرگەندەك كىرىپ 50 مېتىردا توختاپ قالغانلارنى؛ سەپەرنىڭ ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ سەپەردە ھوشۇق ئاتقانلارنى؛ مېڭىشنى تاشلاپ يول، يولۇچى ۋە مەنزىل ھەققىدە قەلەم يورغۇلاتقانلارنى؛ پۇتىغا سانجىلغان بىر تال تىكەننى سازايى قىلىپ، ئۆمرى بويىچە ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغانلارنى؛ ئاق ئاتلىق نىجادكارنى كۈتۈپ ئۇيۇقلارغا قاراپ ئولتۇرغانلارنى؛ خاتا يولباشچىدىن رەنجىپ يولنى ساتقانلارنى كۆرسەن.

پەرۋا قىلما، يولۇڭغا ماڭ!

كۆكسىڭگە يۈرىكىڭدىن باشقا تۇمار ئاسما!

ۋەھىي خەرىتەڭ، نەبى يولباشچىڭ ، ئەقلىڭ كومپاس، ئىمان دەسمايەڭ، ئەمەل ئوزۇقۇڭ، سۆيگۈ كۈچ - مادارىڭ، ئەخلاق خاراكتېرىڭ، ئەدەپ زىننىتىڭ، مېھرىبانلىق سۈپىتىڭ، شەرەپ ۋە ئىززەت ئىسمىڭ بولسۇن.

توغرا يول، ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى ماڭغان يولى ئەمەس، تەپەككۇر قىلغان ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ يولىدۇر.

يولدا ئالدىغان ھەر ئارامنى، ئۆزەڭنى تەكشۈرۈش ئۆتىڭدە ئالغىن. ئۇنۇتما، تەۋبە ئۆزىنى تەكشۈرۈشتۇر. ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىپ تۇرغانلار، باشقىلارنىڭ ھېساپ سورىشىدىن خالىي بولىدۇ.

ھەر ئارام ئالغاندا، توغرا يولدا بولۇپ - بولمىغانلىقىڭنى، مەنزىلگە قاراپ ماڭغان – ماڭمىغانلىقىڭنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشۇڭ، كېيىن پۇشايمانغا قالماسلىقىڭ ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. پات – پات يۆنىلىشىڭنى بەلگىلەپ تۇرۇش زۆرۈر بولىشى مۇمكىن. خەرىتىنى ئامانەت قىلالايدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك يەر قەلبىڭدۇر. يەنە بىر ئىش، كومپاسنى يالغان ماگنىتلىق جايلاردىن، خاتا سىگناللىق دولقۇنلاردىن يىراق تۇت. ئىستىرىلكىنى خاتا تەرەپكە قارىتىپ قويىسا بىلمەي قېلىشىڭ مۇمكىن.

يولدا بىخەتەر ئىلگىرلىشىڭ ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بېشىدا ئىدراك كېلىدۇ. ئىدراكىڭنى بۇزىدىغان ھەر قانداق ئەپيۇندىن يىراق تۇرغىن. ھەۋىسىڭ، ئەندىشەڭ ۋە قورقۇڭنىڭ ئىدراكىڭ ئۈستىدىكى ئاداشتۇرغۇچى تەسىرىنى ئوبدان بىلىشىڭ لازىم. ئاللاھ تىن باشقىسىدىن قورقساڭ، قورققان نەرسەڭنىڭ بېشىڭغا كېلىدىغانلىقىنى ئىنىق بىلگىن. يولدا چۈشىدىغان ئەڭ چوڭ قاپقان، ئورۇنسىز ئەندىشىلىرىڭنىڭ ساڭا قۇرغان توزىقىدۇر، يەنى نەپسىڭ ساڭا قۇرغان توزاقتۇر.

ئاق يول بولسۇن دوستۇم!

## 3. ئائىدىيەت ( تەئەللۇق بولۇش، مەنسۇپ بولۇش ) ئائىدىيتى بولغان ئۇرۇق مېۋىلىك دەرەخ بولىدۇ

ياخشى ياكى يامان بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن « مەۋجۇت بولۇش » لازىم. چۈنكى، ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىر سۈپەت بولۇپ، بىر نەرسە

مەۋجۇت بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭ سۈپىتى بولمايدۇ.

بىر « شەيئى » دەپ ئاتىلىشقا لايىق بولغان ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئورنى بولىدۇ. ياخشى بولۇش، ئورنى بولغانلىقتۇر. ئاكتىپ ياخشى بولۇش، ھەرگىزمۇ ئورنى يوق مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. كائىناتتا مۇتلەق پاسسىپ بولغان ھېچقانداق بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئاكتىپ بولغان ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ ئۆزىگە لايىق بىر ئورنى بولىدۇ.

كەۋن، « يارىتىلغان مەۋجۇدىيەت » ۋە « ۋۇجۇتقا كېلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. كائىنات، ئالەمنىڭ ھەممىسىگە بېرىلگەن بىر ئىسىم. ماكان، « مەۋجۇدىيەتنىڭ ئورنى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. كائىناتتا كەۋنگە مەنسۇپ بولغان ھەر شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ماكانى بار. ماكانى بولغان ھەر قانداق شەيئى ۋاقىتقا بېقىنىدۇ. ۋاقىتقا بېقىنىدىغان ھەر قانداق شەيئى ئىزچىل ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ. شەيئىلەر مەنسۇپ بولغان بۇ قانۇن شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئورنى بولۇش بىلەن، ھەرىكەت ھالىتىدە بولۇش بىر - بىرىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئەمەس، ئەكسىچە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئامىللاردۇر.

ھېكمەت ئىگىسى بولغان ياراتقۇچى بىمەنە ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولمايدۇ. يارىتىلغان ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىسى ۋە مەقسىتى بولىدۇ. مەنا ۋە مەقسەتكە ئىگە بولغان ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ بىر ئورنى، بىر ماقامى، بىر جايى بولىدۇ. ئەگەر يارىتىلغان بىر شەيئىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بىر مەقسىتى ۋە مەنىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئورنىمۇ بولمايدۇ. ھەر شەيئىگە يارىتىلىشتىنلا بىر ئورۇن تەقدىر قىلىنغان. بىر شەيئىنىڭ ئورنى بارلىقى ھەققىدە توختالغانلىق، ئۇ شەيئىنىڭ ئائىدىيەتى ھەققىدە توختانلىق بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر ئۇرۇق، بىر يەرگە ئائىت بولمىغاندا، پەقەت ئۇرۇق بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خالاس. بۇ بارلىق ئۇرۇقلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولۇپ، ئاقىۋەت بۇ ئۇرۇق چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن، بىر يەرگە ئائىت بولسا، ئۇ مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئالدى بىلەن يىلتىز تارتىدۇ، ئاندىن بىخ

چىقىرىدۇ. « چوڭىيىش » دېگەن ھادىسە، ئۆرۈقنىڭ بىر يەرگە ئائىدىيتى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. يەنى ئائىدىيەت ئۆرۈقنى ياشنىتىدۇ.

بىر بادام ئۆزى ئائىت بولغان يەرگە خاس بولمىغاندا، بادام ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كېتىش ياكى كىشمىش بولۇشتۇر. ئۇ يېرىگە بولغان ئائىدىيتىنى قوبۇل قىلماستىن، ھەرگىزمۇ « بادام دەرىخى » بولالمايدۇ.

بىر كۆچەت، ئۆزىگە خاس يەرگە نىسبەتەن ئائىدىيتىنى ساقلاپ قالغان مۇددەتچە « دەرەخ » دەپ ئاتاشقا لايىق بولىدۇ. بىر دەرەخنىڭ يىلتىزى تۇپراقتا يىلتىز تارتقان بولسا، ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق جايدا بولغان بولىدۇ. ئائىدىيتىدىن مەھرۇم بولغان بىر دەرەخ، « دەرەخ » بولۇش سالاھىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. ئۇ « دەرەخ » دېيىلىشنىڭ ئورنىغا « كۆتەك » ياكى « ئوتۇن » دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، يىلتىز بىلەن تۇپراق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەنلىكتىن، يىلتىزلىرىنىڭ تۇپراققا بولغان ئائىدىيتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

ئىسپىرما ھۆجەيرىسى ئۆزىگە لايىق ئورنىنى تاپالمىسا، ئۇ مەينەت سۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىگە خاس يېرىنى تاپالىسا، ئىلاھى شاھ ئەسەر بولغان ئىنساننىڭ تۆرەلمىسىگە ئايلىنىدۇ. ئىسپىرمىنىڭ ئورنى ئانا رەھمىدۇر. بۇ ئۆرۈقنىڭ ئانا رەھمىگە جايلىشىشى، ئائىت بولغان يەرگە ماكانلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئائىدىيتىنى رەت قىلغاندا « پاسكىنا » دەپ قارالغان بۇ ئۆرۈق، ئائىدىيتىنى قوبۇل قىلغاندا « ئىنسان » بولىدۇ.

ئىنساننى بەزىدە ئۆلۈم گىرداۋىغا ئېلىپ بارىدىغان راكلار، ئائىدىيەتسىزلىكنىڭ نەقەدەر چوڭ كېسەل ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ جانلىق ئۆرنىكىدۇر. راكقا گىرىپتار بولغان بىر ھۆجەيرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپ، ھۆجەيرىنىڭ ئائىدىيتىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقى بولۇپ، ئەگەر ھۆجەيرە ئائىدىيتىنى يوقۇتۇپ قويسا، قانۇن ۋە مىزانسىز ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. قانۇنىيەت ناھايىتى ئېنىق، يەنى تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش قانۇنىيىتىگە تەۋە بولۇش. ئۆمرى بولغان ھۆجەيرە ئۆلىدۇ، ئورنىغا يېڭى ھۆجەيرە پەيدا بولىدۇ. ھۆجەيرىلەر بىر - بىرى بىلەن ئالاقە ئىچىدە

بولۇپ، ئەگەر پەيدا بولىشى كېرەك بولغان ھۈجەيرە پەيدا بولۇپ، ئۆلىشى كېرەك بولغان ھۈجەيرە ئۆلمىسە، ئۆلىشى كېرەك بولغان ئۇ ھۈجەيرە راك ئامىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى راكنى پەيدا قىلغان ھۈجەيرە، ئائىدىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئائىدىيىتى بولغان ھۈجەيرە، ئورگانلارنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىلدۇر.

ئىنسانمۇ ھۈجەيرىگە ئوخشايدۇ. ئۆزىگە لايىق ئورنىنى يوقىتىپ قويغان ۋاقتتىن باشلاپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئۈچۈن بىر ۋاباغا ئايلىنىدۇ ۋە ئورنىنى، ئائىدىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە تەۋە بولغان بىر ئورۇنغا پايدىلىق بولغان ئامىل، ئائىت بولغان گەۋدىنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدىغان پارازىتقا ئايلىنىدۇ.

بىر تاش پەقەت تاشتۇر. ئۇنىڭ قىممىتىمۇ باشقا تاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. تاشلار چىرايلىق دۆۋلەنگەن تەقدىردىمۇ قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن، تاشلار تاشنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان بىر ئۇستا تەرىپىدىن ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇلغان ۋاقىتتا، سۇلايمانىيە جامەسىگە ئوخشاش شاھ ئەسەر مەيدانغا كېلىدۇ. سۇلايمانىيە جامەسىنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ گەۋدىسىدىكى تاشنىڭ سانىدىن قاتمۇ قات يۇقىرى. ئۇنى مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك قىلغان، تاشلارنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا جايلاشتۇرۇلىشىدۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، بىر گەۋدىنى، ئۇ گەۋدىنىڭ پارچىلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدىن تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلغان ئامىل روھتۇر. ئۇنداقتا، بۇ قانۇنىيەت ئاتسىز تاشقا ئوخشاش بىر مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولغان بولسا؛ ئىنساندىن ئىبارەت ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانغا ئىگە بولغان بىر مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولماسمۇ؟

## ئائىدىيەت ھۆرلۈككە توسالغۇمۇ؟

ئائىت بولۇش بىر ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتۇر. ئورنى يوقنىڭ ئائىت بولىشىدىن ئېغىز ئېچىش بىمەنىلىك بولىدۇ. بىر بادامنىڭ ئورنىنى

ئۇرۇقنىڭ ئۆزى تاللىمايدۇ. ئۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن تەقەززاسىغا ئاساسەن ئۆزگەرمەس تەقدىرگە ئىگە. ئۆزىگە لايىق جاينى تاپقاندا يىلتىز تارتىپ بىخلىنىدۇ، چوڭىيىپ بادام دەرىخىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، ئىنسان ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

ئىنسان ئىرادىلىك ۋە ئەقىللىق مەخلۇق بولغانلىقتىن ئۆزىگە لايىق ئورۇننى ئۆزى تاللايدۇ. ياراتقۇچىسى يارىتىشتا ئۇنىڭغا تەقدىر قىلغان ئورۇننى تاللىيالىغاندەك، ئۇ يەرنى تاللىيالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۆزىگە لايىق بولغان ئورۇننىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئورۇنغا جايلىشىشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ئۈچ قات زۇلۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ:

1. ئەسلىدە ئۆزى تەۋە بولغان ئورۇنغا قىلىنغان زۇلۇمدۇر. يەنى ئەسلىدە ئۇ ئۆزىگە لايىق بولغان يەرنى تەرك ئېتىشى بىلەن، ئۇ يەر ئىگىسىز قالدى ياكى ئۇ يەرگە ئائىت بولمىغان بىرسى كېلىپ، ئۇ بوش ئورۇننى تولدۇرىدۇ.

2. ئۇ ئىگىلىۋالغان ئورۇنغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كېلىپ ئىگىلىگەن ئورۇن ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئائىت ئەمەس، باشقا بىرسىگە ئائىت. ئۇ باشقا بىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

3. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، باشقىسىنىڭ ئورنىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆزى نەپسىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئۇ ياراتقۇچى ئۇنىڭغا تەيىن قىلغان يەرنى تەرك قىلغان.

ئىنسان بەزىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئىرادىسىز مەخلۇقلاردا بۇ سەھۋەنلىكنى سادىر قىلىش قابىلىيىتى بولمايدۇ. لېكىن، ئىرادىلىك مەخلۇق بولغان ئىنسانلا بۇ سەھۋەنلىكنى سادىر قىلالايدۇ. ھېچقانداق بىر ئورۇنغا تەللۇق بولمىغانلار، بەزىدە ئۆزىنى ھەر يەردە يېرى بار دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەر تەرەپكە مەنسۇپ بولغان ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار، ئائىدىيەتنى ھۆرلۈككە زىت دەپ چۈشىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنى خاتالاشتۇرغان ھۆرلۈك ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بولۇپ، ۋەھىي ئىنشا قىلغان ( بەرپا قىلغان ) بىر ئەقلىنىڭ ھۆرلۈك ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى ھاننەنىڭ ھۆرلۈك ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ھاننە « رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى، پۈتۈنلەي ھۆر ھالدا ( مۇھارراران ) سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، بۇ نەزرەمنى مەندىن قوبۇل قىلغىن » ( 3:35 ) دېگەنىدى. بۇ ئايەتكە ئاساسەن ھۆرلۈكنىڭ مەنىسى ناھايىتى روشەن، يەنى نەپس ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئازدۇرغۇچى بېسىملىرىغا قارشى توغرا بولغاننى ئادا قىلىش. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆرلۈك كۆڭلى خالىغاننى ئەمەس، توغرا بولغاننى قىلىشتۇر.

ۋەھىي ئىنشا قىلغان ھۆرلۈك چۈشەنچىسى ئەسلىدە ناھايىتى ئېنىق بىر بۇرلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ بۇرلۇش، ھۆرلۈك چۈشەنچىسىنى ئىلگىرىكى چۈشەنچىنىڭ قارمۇ - قارشى تەرىپىدە ئورۇن ئالغۇزدى. ئىسلام ئىنسانى، ھاۋايى — ھەۋىسى، كۆڭلى تارتقان ئىشنى قىلماسلىقنى ھۆرلۈك دەپ بىلىدۇ. لېكىن، زامانىۋى دەۋر ئىنسانى، ھۆرلۈكنى كۆڭلى تارتقاننى قىلىش دەپ چۈشىنىدۇ. بۇخاتا ھۆرلۈك چۈشەنچىسىگە نىسبەتەن، ئائىدىيەت ھۆرلۈككە زىت كېلىدۇ. كىشى نەقەدەر ئورۇنسىز ھالدا لەيلەپ يۈرسە، شۇنچە ھۆر دەپ قارىلىدۇ. قانچىلىك دەرىجىدە ئائىدىيەتسىز بولسا، شۇنچە ئەركىن دەپ قارىلىدۇ.

ئورۇن ۋە ئائىدىيەتنى بولماسلىق بىر يېتىملىك بولۇپ، بۇ مەزكۇر مەخلۇقتا كىملىكسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ بارلىق كىملىك بۆھرانلىرىنىڭ ئاستىدا ياتقان ھەقىقىي سەۋەپ. ۋەتىنىدىن ئايرىلغانلارنىڭ پاناھلانغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتى بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىنى ھېچقانداق بىر يەرگە تەۋە قىلمىغانلارنىڭ پاناھلانغۇچى سالاھىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمۇ بەسىي مۇشكۇل. ئاقىۋەتتە كىملىك بۆھرانى مەيدانغا كېلىدۇ.

مەنسۇبىيەتسىزلىك مەزكۇر شەخس ياكى شەيئىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھالغا كەلتۈرىدىغان بىر ھۆرلۈك ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنى چىرىتىپ يوقۇتىدىغان بىر ئائىدىيەتسىزلىكتۇر.

## ئائىدىيەتى بولغان كىشى شەخسىيەت بولىدۇ

مۇسۇلماننىڭ ئۈچ خىل ئائىدىيىتى بولىدۇ:

1. ھەزرىتى ئادەمگە تۇتاشقان باغ ۋەسىلىسى بىلەن قېرىنداشلىق. بۇ ئىنسانى قېرىنداشلىق بولۇپ، مۇئمىننى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلىق بېغى ئارقىلىق باغلاپ تۇرىدۇ.

2. ھەزرىتى ئىبراھىمغا يولداشلىق. بۇ مىللەت قېرىنداشلىقى بولۇپ، مۇئمىننى ئىبراھىم مىللىتىگە تەۋھىد بېغى بىلەن باغلايدۇ.

3. ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن دىنداشلىق. بۇ ئۇممەت قېرىنداشلىقى بولۇپ، مۇئمىننى مۇھەممەت ئۇممىتىگە دىن بېغى بىلەن باغلايدۇ.

ئائىدىيەتنى رەت قىلغۇچى يالغۇز كىشىگە ئايلىنىدۇ، شەخسىيەت بولالمايدۇ. ئىنساننى شەخسىيەت قىلغان نەرسە ئائىدىيەتتۇر. چۈنكى، شەخسىيەت، ئۆزىنى تەۋە بولغان تۇردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان قىممەتنى، بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ قىممىتىگە قىممەت قوشۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كىشىدۇر. مانا بۇنداق شەخسىيەتلەردىن تەشكىل قىلىنغان بىر جەمئىيەت جامائەت دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر كىشىلەر توپىنى تەشكىل قىلغان نەپەرلەر شەخسىيەت بولالمىغان بولسا، ئۇ توپنىڭ ئىسمى جامائەت ئەمەس جەمادات بولىدۇ. جەمادات، ئەقىللىرنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرگەن كىشىلەر توپىدۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە، ئاللاھ ياراتقان شىر سۈپەت مەخلۇقلارنىڭ چىشى ۋە تىرناقلىرى يۇلۇۋېتىلگەن بولۇپ، قويغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلىدۇ.

جامائەت، ئىسمىنى « جامائەت » دەپ قويۇش بىلەنلا جامائەت بولمايدۇ. شەخسىيەت ئەقلىيەت بولغاندەك، جامائەتمۇ ئەقلىلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. پادىلار ۋۇجۇد توپىدىن، جامائەت ئەقلىلەر جۇغلانمىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ خۇددى لازىر نۇرنىڭ ( نۇرلارنىڭ ) بىرلىكتە سەپ تۈتىشىدەك، جامائەتمۇ ئەقلىلەر، ئىرادىلەر ۋە ۋىجدانلارنىڭ سەپ تۈتقان ھالىدۇر. ھېس - تۇيغۇر ۋە تەپەككۇر بىرلىكى ئۈستىگە ئىنشا قىلىنغان بىر ھەرىكەت بىرلىكى، ئۇ ھەرىكەتنى « ھەرىكەت » ھالىدىن چىقىرىپ، « سالىھ ئەمەل »گە ئايلاندۇرىدۇ. ئىسلامىي ھەرىكەت، مانا بۇ سەۋەپتىن « سالىھ ئەمەل »نىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

ئەقلىدىن يوقسۇن جامائەت جەماداتقا ئايلانغاندەك، جامائەتسىز ئەقلمۇ شەخسىيەتچىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆز ئالدىغا يالغۇز تۇرىۋېلىش شەخسىيەتچىلىك ئىدىئولوگىيسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئائىدىيەتتىن قاچقانلارنىڭ پاناگاھىدۇر بۇ ئىدىئولوگىيە. بۇلارنىڭچە، ھۆرلۈك دەپ ئاتىغان نەرسە، كۆڭلى تارتقاننى قىلىش ۋە ئۆز مەيلى بويىچە ياشاشتۇر.

چەك - چېگرالارنى دەپسەندە قىلىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغانلار، چەك - چېگرالارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا قارشى چىقىدۇ. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆزى خالىغانچە ياشاشنى ئارزۇ قىلغانلارمۇ ئائىدىيەتكە قارشى چىقىدۇ.

مانا بۇ نۇقتىدا، ئائىدىيەتنىڭ بىر تەربىيە ئاملى بولىشى زۆرۈر بولىدۇ. شۇنداق، ئائىدىيەت بىر نەپىس تەربىيسى ۋە روھنى پاكلاش ھەرىكىتىدۇر. باشقىلار بىلەن بىرگە ياشاش بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ياشاش دېگەنلىك بولىدۇ. چەك - چېگرا « ھەد » دېگەنلىك بولىدۇ. چەك -چېگرىسى بولۇش، ھەددىنى بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ھەددىنى بىلمەيدىغانلار، چەك - چېگرىسى بولمىغانلاردۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، چەك - چېگرا بىلمەيدىغانلار ھەددىنى بىلمەيدىغانلار بولۇپ، بۇ تىپلەر ھەر خىل ئىنسانىسىزلارشتۇرۇشنىڭ تۈنجى خىرىدارلىرىدۇر.

ئىنسانى مۇناسىۋەتلەر سۇئىي مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالغان كۈنىمىزدە، ياشلارغا قارىساڭلار، نېمە دېگەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر.

شۇڭا، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مەككىدە تۇنجى بولۇپ قىلغان ئىشى، بىر دۆلەتنىڭ ئۇلىنى سېلىش ئەمەس، بىر جامائەتنىڭ ئۇلىنى سېلىش بولغانىدى. مەككىدىكى ئىسلام جامائىتىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان نەرسە، مەنپەئەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈشكىدەك بىر مەنپەئەت يوق ئىدى. لېكىن، تەڭ تارتىدىغان دەرت كۆپ ئىدى. ھەربىي ئىنتىزاممۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا مەككىدە بۇنداق بىر ئىنتىزامنى تەدبىقلايدىغان كىشىلەر ۋە جاي يوق ئىدى.

ئۇنداقتا، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىمان ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمانلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلغان نېمە ئىدى؟

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئائىدىيەت ئىدى.

ئوتتۇرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلە، پەقەت ياخشى ۋە يامانىنى بىلىش مەسىلىسى بولغان بولسا ئىدى، ئالدىنقى بۆلۈملەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇمەييە ب. ئەبىس سالتقا ئوخشايدىغان كىشىلەر بىلەن، تۇنجى قۇرئان نەسلى ئارىسىدىكى پەرقنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق. مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن شامدىن يولغا چىققان ئۇمەييەنى بۇ قارارىدىن ياندۇرغان نەرسە، تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىنلا ئىبارەت ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇ ئىماندىن يالتىيىش سەۋەبى بولغان بولسا، ئۆز ئاتىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئەبۇ ئۇبەيدە ب. جەرراھ ۋە مۇئاز ب. ئامر ب. جەمۇھقا ئوخشايدىغان كىشىلەر قىلغان پىداكارلىقنى قانداق ئىزاھلايمىز؟

ئەلۋەتتە، ئائىدىيەت بىلەن.

بۇ نۇقتىدا جاۋابى بېرىلىشى زۆرۈر بولغان ئەڭ مۇھىم سۇئال، نېمىگە ئائىت بولۇش؟

ئائىدىيەت كىشىلەرگە ئەمەس، قەدىرىيەت ۋە پرىنسىپلارغا بولىدۇ

تۇنجى قۇرئان نەسلى، ئائىدىيىتى بولغان نەسىل ئىدى. ئۇنداقتا تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئائىدىيەت ئادرىسى نېمە ئىدى؟

بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپلاردىن بىرىنىڭ « ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئىدى » بولىدىغانلىقىدا شۈبھە يوق.

بۇ ۋاقىتتا، ئەقلىمىزگە شۇ سوئال كېلىدۇ، ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىدىيىتى نېمە ئىدى؟ چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا ئۇنى « ئۆرنەك » قىلىپ كۆرسەتمەكتە. ھەممىگە مەلۇم، تۇنجى قۇرئان نەسلى قىلغان، ئەمما ئاللاھ رەسۇلى ھەممىدىن بۇرۇن قىلمىغان ھېچقانداق بىر ياخشى ئىش يوق. بۇ ئەھۋالدا، يۇقىرىدىكى سوئالغا رەسۇلۇللاھنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە جاۋاپ بېرىلىشى كېرەك.

بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان بىردىنبىر جاۋاپ مۇنداق بولىدۇ:

ئائىدىيەت - قۇرئان ئارقىلىق بەلگىلەنگەن قەدىرىيەتلەر ۋە پرىنسىپلاردىن ئىبارەت.

بۇ جاۋاپنى « قۇرئانغا بولغان ئائىدىيەت » شەكلىدە ئىخچاملىغىلى بولامدۇ؟ ۋاللاھۇئالەم ( توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ )، ياق، بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا تېخى « كىتاپ » دېيىلگۈدەك دەرىجىدە بىر ۋەھيي جۇغلانمىسى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، ئائىدىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئىسلام جامائىتى شەكىللەنگەنىدى.

بۇ نۇقتىدا تەكىتلەنمەكچى بولغان نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئائىدىيەتنىڭ كىشىلەرگە ئەمەس، پرىنسىپ ۋە قەدىرىيەتلەرگە بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئائىدىيەتنىڭ كىشىلەرگە بولىشى، خىرىستىيانلىقتىكىدەك كىشىگە تېۋىنىش ( چوقۇنۇش )نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قۇرئاننىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنچە تەكىتلىشىگە قارىماستىن، بۇ خىل تېۋىنىش شەكىللەندۈرۈش تەشەببۇسلىرى تارىخ بويىنچە كۆرۈلۈپ تۇردى. لېكىن، قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغان مۇددەتچە، بۇ خىل ئېزىپ كېتىشلەر ئىسلامنىڭ ئۆزىگە بىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئىسلام ئەمەس، مۇسۇلمانلار بولىدۇ.

ئائىدىيەت كىشىلەرگە بولغان بولسا ئىدى، بۇ ھېچقانداق مۇنازىرىسىز ھالدا رەسۇلۇللاھىغا بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ۋەھيي قايتا –قايتا « مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان » دېيىشنى تەكىتلىگەنىدى. « سەنمۇ ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ » دەيتتى ۋەھيي. « ئۇ ۋاپات تاپسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ » ( 3:144 ) دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ سورايتتى ۋەھيي. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا:

1. رەسۇل ۋاپات بولغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، سىلەر ماڭغان يولۇڭلاردىن يېنىۋالماسلىقىڭلار كېرەك.

2. سىلەرنى مايىل قىلغۇچى، سىلەرنى رەسۇلنىڭ ئۆلۈملۈك شەخسىيىتىگە مايىل قىلمىدى.

3. سىلەر يۈزلەنگەن تەرەپتە، رەسۇل ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر نەرسە بار.

ئۇ نەرسە، ۋەھيي بىلەن كەلگەن پرىنسىپ ۋە قەدرىيەتلەر بولۇپ، بۇ جاۋاپ ئەسلىدە « ھەزرىتى مۇھەممەد نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر؟ » دېگەن سۇئالنىڭ جاۋابى ئىدى. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئەقلى بالاغەتكە يەتكەن بىر مەزگىلدە كەلگەنىدى نەبى. ئۇنىڭدىن كېيىن يېتەكچىلىك كىشىلەردىن پرىنسىپلارغا ئالماشقانىدى.

تۆنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئائىدىيەت چۈشەنچىسىنى، تەۋبە سۈرىسىدە قىسسەلىرى بايان قىلىنغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىدە ئېنىق كۆرەلەيمىز. كاب ب. مالىك، ھىلال ب. ئۇمەييە ۋە مۇرارە ب. رەبى، تەبۇك غازىتى سەپىرىگە ئۆزرىسىز بولغان تۇرۇقلۇق قېتىلمىغانىدى. ئاللاھ رەسۇلى، ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ نىڭ ھۆكمى نازىل بولغىچە ئارىلىقتا، ئۇلارغا ئىسلام جامائىتىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش جازاسى بەرگەنىدى. ئايەت ئۇلارغا ئائىدىيەتنىڭ ئادرىسىنى كۆرسەتكەنىدى ( 9:118 ). كاب ب.مالىك، تەۋبىلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئائىدىيتى ئادرىسىنىڭ توغرا

بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلغانىدى:

« يا رەسۇلۇللاھ! ئەگەر باشقا بىرسىنىڭ ئالدىدا بولغان بولسام، بىر باھانە تاپاتتىم ۋە ئۇنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلاتتىم. مەن ناھايىتى گەپدان بىر كىشى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن: بۈگۈن سېنىڭ ئاچچىقىڭنى مەندىن ياندۇرىدىغان بىر سۆزنى قىلسام، ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئاللاھ غەزىپىڭنى ماڭا يۈزلەندۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست گەپ قىلسام، ماڭا خاپا بولىشىڭ مۇمكىن، لېكىن مەن ئاللاھ تىن ياخشى نەتىجە كۈتىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مېنىڭ ھېچقانداق بىر ئۆزرەم يوقتى ».

ئاللاھ رەسۇلى يالغان ئۆزرىلەر بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. لېكىن، ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن « مۇناپىق » مۆھۈرى بېسىلدى. كاب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پرىنسىپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى ۋە نەتىجىدە ئۇلار غەلىبە قازاندى.

ئۇبەيرىك ئوغۇللىرىدىن ئەبۇ تىمە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلىدە بولدى. ئائىدىيىتىنىڭ ئادرىسىنى خاتا تاللىدى. ئۇ ئوغۇرلىغان بىر قالقاننى بىر يەھۇدىيغا گۆرەگە قويدى. بۇ ۋەقە پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، گۇناھنى يەھۇدىيغا ئارتىپ، ئۇنى ئەيىپلىدى. قالقان يەھۇدىينىڭ دۇككىنىدىن چىققاندىن كېيىن، يەھۇدىي گۇمان ئاستىدا قالدى. ئەبۇ تىمە ئوغۇرلىقىنىڭ مەنسۇبىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، « مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرگە ئۇ ئوغۇرلىدى دەۋاتىمەن. سىلەر ئۆزۈڭلاردىن بولغان ماڭا ئىشىنەمسىلەر ياكى يەھۇدىيغا ئىشىنەمسىلەر؟ » دېگەنىدى. ئۇنىڭ گەپدانلىقى كارغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھ دەل ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم بەرمەكچى بولغاندا، رەسۇلۇللاھنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان بۇ ئايەت نازىل بولدى: « ھەرگىزمۇ خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن! » ( 4:105 ). شۇنىڭ بىلەن، ئەپتى -بەشرىسى ئېچىلغان ئەبۇ تىمە، ئىماندىن يېنىپ مۇشرىك مەككىلىكلەرگە قوشۇلدى.

ئەگەر ئائىدىيەت ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئۆزىگە بولغان بولسا ئىدى، بۇنى

سۈيئىستىمال قىلغۇچىلار چوقۇم چىقاتتى. لېكىن، ئۇنداق بولمىسىمۇ يەنىلا چىققانىدى. ھەتتا، ئائىدىيەتنىڭ ئادرىسىنى خاتا بەلگىلىگەن بىرگۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاللاھ رەسۇلىغا ئىختىيارىي ھالدا بەرگەن زاكاتنى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرگە بەرمىگەنىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر بۇ ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ « دىنىدىن يانغانلىقى » دەپ چۈشەنگەن ۋە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغانىدى. ئاساسەن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن « رىددە » ۋەقەلىرىنىڭ بىرقىسمىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى، ئائىدىيەت ئادرىسىنى خاتا بەلگىلىۋالغانلىق ئىدى. چۈنكى، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئەھۋالنى باشقىچە چۈشەنگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى چۈشەنچىسىگە دائىم قوشۇلمىغانىدى. خەلىپە بولغاندىن كېيىن، « رىددە » تۆھمىتى بىلەن مەھكۇم قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىپ بەرگەنىدى.

بۇ مىساللار، ئائىدىيەتنىڭ كىشىلەرگە ئەمەس، پرىنسىپلارغا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك. بۇ ھەقىقەت، كۈنىمىزدە تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا. چۈنكى، ئادرىسى كىشىلەر بولغان ئائىدىيەتلەر، كىشىلەرنىڭ ئۆمرى بىلەن قائىم بولماقتا بولۇپ، ئۇلار كېتىشى بىلەن ئۇ ئائىدىيەتمۇ ئاخىرلاشماقتا. لېكىن، ئادرىسى پرىنسىپلار بولغان ئائىدىيەت، كىشىلەرنىڭ كېتىشى بىلەن ئاخىرلاشماي، ئۇ پرىنسىپلار كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرغان مۇددەتچە داۋاملاشماقتا.

## سەھىھ ( ئىشەنچلىك، توغرا )بولغان ئائىدىيەتتىن ساختا بولغان ئائىدىيەتكە

پرىنسىپلارغا ۋە قەدرىيەتلەرگە بولغان ئائىدىيەت، ئىنسانىي پرىنسىپسىز ۋە قىممەت قاراشسىز قېلىش ۋابασىدىن قوغدايدۇ. بۇ ئىككى ۋابا، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋاباسى بولۇپ، پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشسىزلىق نىگىلىزم ( ھەر نەرسىنى، ئىجتىمائىي ئۆرپ -

ئادەتلەرنى ئىنكار قىلىش )نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەقىقەت دۈشمىنى ۋە قىممەت قاراشسىزلىق ئىدىئولوگىيىسى بولغان نىگىلىزم، ئەڭ خەتەرلىك ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق نەرسىنىڭ مەنىسىز ۋە مەقسەتسىز ئىكەنلىكى چۈشەنچىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئەگەر مەۋجۇدىيەت مەنىسىز ۋە مەقسەتسىز بولغان بولسا، بىر ياراتقۇچىغا ھاجەت يوق دېگەنلىك بولىدۇ. بىر قانتى ماتېرىيالىزم يەنە بىر قانتى پانتېئىزم ( پان ئىلاھچىلىق )غا تۇتاشقان نىگىلىزمنىڭ دۇنياسى، كۆچ ئىلاھلاشتۇرۇلغان، ئەخلاقىي چەك - چېگراسى بولمىغان بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىق شۇئارى بولغان « ھېچ »نىڭ ھىندىزمدىن كۆچۈرۈلۈپ، ئىسلام ئېرپانىغا يامالغان تىلسىماتچىلىقىنىڭ، بۇ ئۈممەتنى يوشۇرۇن ھالدا زەھەرلىگەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئائىدىيەت مانا بۇ سەۋەپتىن تەقۋا بولىدۇ. پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشلارغا ئائىدىيىتى بولغۇچى، چەك - چېگراسى، مەيدانى بولغان كىشىدۇر. ھەددى بولمىغان كىشى، ھەددىنى بىلمەيدۇ. بەلگىلىك چەك - چېگراسى بولمىغان مەخلۇقنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق. قىممەت قاراشلارغا ئائىدىيەتى بولغان كىشى، ئائىت بولغان قىممەت قاراشلىرىنى دەپسەندە قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزىنى قوغدايدۇ. بۇ نۇقتىدا، ئائىدىيەت - كىشىنىڭ ئۆزىنى ئوت ( ئازاپ)تىن قوغدىغان بىر « تەقۋا » لىباسىغا ئايلىنىدۇ.

ئائىدىيەت ئۆزىنى قوغداشتۇر. ئىنسانى، پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشتىن مەھرۇم قىلىش، ھىمايىسىز قالدۇرغانلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىسلامدىكى قىممەت ۋە ئائىدىيەتتە ھېس قىلىپ يەتكەن ئەمنىلىك تۇيغۇسىنى، زامانىۋىي كىشىلەر بانكا ئىناۋەت كارتى ۋە ئىستىراخۇانىيىگە يۈزلەندۈردى ۋە يۈزلەندۈرىۋاتىدۇ. لېكىن، بانكا ئىناۋەت كارتى ۋە ئىستىراخۇانىيە ئىنسانغا تەمىنلىگەن خاتىرجەملىك تۇيغۇسى، ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. كاپالەت دەپ بىزگە سۇنغان بۇ نەرسىلەرنىڭ، بەزىدە ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك خەتەرلىك نەرسىگە ئايلانغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. « كاپالەت » دەپ

ئاتالغانلارنىڭ ئەسلىدە، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان بىرەر « تىروْيا ئېتى » ئىكەنلىكى ئۇزۇن ئۆتمەستىن مەلۇم بولدى، مەلۇم بولماقتا. بۈگۈن مەلۇم بولمىسا، كەلگۈسىدە مەلۇم بولىدۇ.

ئائىدىيەت ئىنساننى يالغۇزلىششتىن ساقلايدىغان بىر مەنىۋى ئاتموسفېرا بولۇپ، ئىنسانغا ئۆزىگە ئوخشاش ئائىدىيىتى بولغان كىشلەر توپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئاتموسفېراغا ئىگە بولۇش، هاياتقا ئىگە بولۇشتەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەر يۈزىدە هاياتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاۋاتقان ئامىل قوياش دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ئاتموسفېرا بولمىغان بولسا، قوياش هاياتنىڭ ئەمەس، ئۆلۈمنىڭ مەنبەسى بولاتتى. هاياتنىڭ مەنبەسى تۇپراق دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، تۇپراق باشقا پىلانىتلاردىمۇ بار، ئەمما هېچبىرىدە هاياتلىقنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ هاياتنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، مارس ۋە ۋېنىرادا ناهايىتى كۆپ مىقداردا سۇ بار، ئەمما هاياتلىق يوق. هايات ئۈچۈن ئاتموسفېرا قايىسى دەرىجىدە مۇھىم بولغان بولسا، ئىنسان ئۈچۈن جامائەتمۇ شۇ دەرىجىدە مۇھىم.

يالغۇزلىشىش، زامانىۋىي دەۋر ئىنساننى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەرلەردىن بىرسى. زامانىۋىي پەن - تېخنىكا ئىنسانغا ئېلىپ كەلگەن « نېمەتلەر » ئىنساننى بارغانسىرى يالغۇزلاشتۇرماقتا. مەسلەن: ئىنتېرنەت هاياتنى ئىنسانسىزلاشتۇرماقتا ۋە ئىنسان بارغانسىرى يالغۇزلاشماقتا. ئىنسان شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ ئورنىغا مەۋھۇم شەكلىنى تۇتۇشنى تاللىماقتا. ئىنساننى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇشنىڭ ئورنىغا، ئىنساننىڭ ئېكراندىكى كۆرۈنۈشنى تۇتۇشنى تاللىماقتا. يەنى، خىيال ھەقىقەتنىڭ، كۆلەڭگۈ ئەسلىنىڭ، چىلىقىش ئەمەلىي بولۇشنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋاتىدۇ. بۇ ناهايىتى خەتەرلىك بىر ئويۇن. ئائىدىيەتنى مۇداپىئە قىلىش، مانا بۇ قىلتاقنى بۇزۇپ تاشلاشتۇر. چۈنكى، بۈگۈن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن هالدا هاياتىمىزغا سىڭىپ كىرگەن ساداسىز هۇجۇملارغا ئۇچراۋاتىمىز. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. شەخسكە قارىتىلغان ھۇجۇم
2. ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قارىتىلغان ھۇجۇم
3. ئورگانلارغا قارىتىلغان ھۇجۇم

شەخسكە قارىتىلغان ھۇجۇمغا « شەخسىيەت » بىلەن قارشى تۇرغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قارىتىلغان ھۇجۇمغا جامائەت بىلەن، ئورگانغا قارىتىلغان ھۇجۇمغا ئورگان بىلەن قارشى تۇرغىلى بولىدۇ.

## جامائەت بىلەن جەماداتنىڭ پەرقى

مەيلى قوبۇل قىلسۇن ياكى قوبۇل قىلمىسۇن، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ھەر كىشىنىڭ بىر « جامائىتى » بار. « مېنىڭ جامائىتىم يوق » دېيىش بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ « جامائىتىم يوق » دېگەنلەر جامائىتىگە مەنسۇپ. ئەقىل ھەمكارلىقى بولمىغان جايدىكى شەخسلەر ئۇيۇشىنى « جامائەت» ئەمەس، « كوللېكتىپ » ياكى « ئادەملەر توپى » دەپ ئاتاش مۇمكىن. كوللېكتىپ كىسلاتادەك ئېرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئېرىپ كەتمەسلىكنىڭ چارىسى ئائىدىيەت ئىگىسى بولۇشتۇر.

جامائەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى جامائەتچىلىك بولۇپ، بۇ كۈنىمىزدىكى شەكلى ئۆزگەرگەن قەبىلەۋازلىقتۇر. جامائەتلىك بولۇش ئارتۇقچىلىق، جامائەتچى بولۇش ئەيىپتۇر. جامائەتچىلىك، جامائەتتىن ئىبارەت پايدىلىق بىر ئۇقۇمنى زەھەرلىگەن ساقايماس كېسەل بولۇپ، ھۆر شەخسلەرنىڭ زېھنىدە جامائەت سەلبىي تەسىر قالدۇرغان بولسا، بۇنىڭغا جامائەتچىلىك قىلمىشى سەۋەپچى بولغان. بىر ئىسلامىي ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ جامائەت ياكى جەمادات؛ بۇ قۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان بىرسىنىڭ جامائەتلىك ياكى جامائەتچى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئۆلچەمگە قاراپ ئايرىيالايمىز:

1. « مەن ھەق ( توغرا ) تالىپى » دېگەن ۋە چوڭ بىر ئائىلىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلەر جامائەت بولىدۇ. « ھەق مەندە » دېگەن جەمادات بولىدۇ. جامائەتنىڭ داۋاسى ھەقىقەتنىڭ ۋەكىللىكى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش. ھەقىقەتنىڭ ۋەكىللىك داۋاسى، ھەقىقەت ئۈستىدىن مونوپوللۇق شەكىللەندۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جامائەتنى « قارا گورۇھ »قا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

2. ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جامائەتنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلار جامائەت؛ گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلار جەمادات بولىدۇ.

3. قولغا كەلگەن ئىمكان / پۇرسەتنى ئىشلەتكەندە، لاياقەت ئەھلى بولۇشنىڭ ئورنىغا جامائەت ئەھلى بولۇشنى تاللىغانلار جامائەت؛ گورۇپپىسىغا مەنسۇبىيەتنى لاياقەت ۋە ئەھلى بولۇشنىڭ ئالدىغا قويغانلار جەمادات بولىدۇ.

4. مەنسۇپلىرىنىڭ قىممەت ۋە پرىنسىپلارغا بولغان ئائىدىيىتىنى سۇيئىستىمال قىلمىغانلار جامائەت؛ ئاللاھ نىڭ ئەل - قەييۇم ۋە ئەل - غەنى سۈپىتىدىن ئۆزىگە رول پىچىپ، ھەر ئىشنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزى - ئۆزىگە يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغۇچىلار جەمادات بولىدۇ.

5. مۇئمىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئىشەنچىنى، قىممەت ۋە پرىنسىپلارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئۈستقۇرۇلما جامائەت؛ ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە نوپۇزىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلانغان ئۈستقۇرۇلما جەمادات بولىدۇ.

## كىمە كەنئاننىڭ قەلبىدە بولمىسا، كەنئان كېمىنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ

ئائىدىيەت كىتاپتىن ئۆگەنگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى رىئال تۇرمۇشتىن ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئائىدىيەتنى ئۆگىنىدىغان

مەكتەپ، ئائىدىيىتى بولغان شەخسىيەتلەردۇر. چۈنكى، بىلىق كۆلدە يېتىلىدۇ. ئىنسان كۆلى شەكىللەندۈرمەي تۇرۇپ، ئىنسانىي ئىجتىمائىي كىرلەردىن پاكلاش قىيىن. ئائىدىيەتنى ئەركىنلىكنىڭ قارشى قۇتۇپىغا جايلاشتۇرغان بىر دۇنيانىڭ نەپەرلىرى، ئائىدىيەت مۇھىتىدىمۇ بۇنى ئۆگىنىشتە قىينالماقتا. بۇنىڭ بىر قاراشتا ئەقلىمىزدە پەيدا بولغان سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئورۇنسىز غەم – ئەندىشىگە بېرىلىپ كېتىش

2. تەربىيلىنىپ چىقىشتا ئىشەنچكە ئەمەس، ئىشەنمەسلىك تەسىرىگە كۆپ ئۇچراش

3. تەڭ بەھرىمان بولۇش ۋە مەزكۇر ئەخلاقتىن يوقسۇن ھالدا چوڭ بولۇش

4. مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە پەرۋاسىزلىق خاراكتېرىنى ئۆزگە يۇقتۇرۇۋېلىش

بۇ سەلبىي تەسىر ۋە خاراكتېرلار، بەزىدە سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرنى بىكارغا كەتكۈزىۋەتكەندىن تاشقىرى، ئەجىر سىڭدۈرگۈچىلەرنىمۇ ھارغۇزماقتا. ئەجىر قىلغۇچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن قىممەت ۋە پرىنسىپلار بولغاندەك، ئەجىر قىلىنغۇچىلارنىڭ قىممەت ۋە پرىنسىپلارغا ئائىت بولىشى بۇ ئىشنىڭ تەقەززاسى. لېكىن، بۇ ئىش ھەر دائىم بۇنداق بولمايدۇ، ھەتتا كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇنداق بولمايدۇ. ئائىدىيەتنى ئۈمىد قىلغانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدا دۇچار بولغان نۇقتىسى دەل مانا بۇ.

ئۆمرىڭىزنى بۇ ئىشقا بېغىشلايسىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر نەرسە تاما قىلمايسىز. ئۇخلاۋاتقان ئاڭنى ئويغۇتۇپ، پاسسىپ ھالدىكى ئەقلنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىسىز، پاسسىپ ئىرادىنى قانداق قىلغاندا ئاكتىپ ئىشلىتىش ھەققىدىكى ئۇسلۇبلارنى ئۆگىتىسىز. لېكىن، قان - تەرىڭىزنى تۆكۈپ ئەجىر قىلغان كىشى سىزنىڭ ئەجرىڭىزنى، ئەقىدە قىلىپ جېنىڭىزنى پىدا قىلغان قىممەت ۋە پرىنسىپلار ئۈچۈن قىممەت يارىتىشنىڭ ئورنىغا، شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن قىممەت يارىتىشقا ئىشلەتمەكچى بولىدۇ.

مېھنەتسىز تىرىشچانلىقلاردىن پايدىلانغان ئىنسانلار، پرىنسىپلار ئۈچۈن سىگىدۈرۈلگەن ئەجىر مەركەزلىرىنى نېمە سۈپىتىدە كۆرىۋاتقانلىقىنىڭ ھېسابىنى قىلىپ كۆرىشى كېرەك. مەسىلەن:

1. ئاش ئۆيى دەپ قارامدۇ؟ مۇشۇنداق چۈشۈنۈپ قالغانلار كېلىپ يەيدۇ ۋە كېتىدۇ. ئۆزىنى ھېچقانداق بىر نەرسىگە ھېچقانداق شەكىلدە قەرزدار دەپ ئويلىمايدۇ. ئۇلارچە، ئاش ئۆيى ئۇلارنىڭ ئېشىنى تەييارلاشقا مەجبۇر بولۇپ، قازاننىڭ نېمە بىلەن قايناۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ - چىقمايدۇ. مەيلى ئوچاقتا ئوتۇن تاشلاش بولسۇن ياكى قازاننى قوچۇش بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىش بىلەن كارى بولمايدۇ ۋە ياردەممۇ قىلمايدۇ. پەقەت كېلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ ۋە يەيدىغاننى يەپ كېتىدۇ.

2. ئاشپۇزۇل دەپ قارامدۇ؟ بۇ شەكىلدە چۈشۈنۈپ قالغانلار يەيدۇ ۋە ھەققىنى تۆلەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئائىدىيەت يارىتىدىغان ئەجىر مەركەزلىرى، بىر ئاشپۇزۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇلار « پۇلىنى بەرگەندىكىن خالىسام يەيمەن، خالىمىسام يېمەيمەن » چۈشەنچىسىدە بولۇپ، ئائىدىيەت مەركىزى ئەجىر قىلغۇچىلىرىنىڭ قىممىتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مائاشلىق ئاشپۇزۇل كۇتكۇچىسىنىڭ ئەمگىكى بىلەن تەڭ. ئەگەر تاماقنىڭ ئىچىدىن ئالىمھادىس بىرەر تال قىل تېپىۋالسا، قازاننى ئۈستىنىڭ بېشىغا كەيگۈزۈشتىن ئەيمەنمىگۈدەك دەرىجىدە تەلۋىگە ئايلىنالايدۇ.

3. ئۆي سۈپىتىدە كۆرەمدۇ؟ مۇشۇنداق چۈشىنىدىغانلار، ئۆزىنىمۇ شۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارايدۇ. ئۇلار يا ئۆينىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان دادا ياكى تاماق تەييار قىلىدىغان ئانا، ياكى دوستىخان سالىدىغان ھەدە ۋەياكى تاماقنى دوستىخانىغا ئېلىپ كەلگەن ئاكا رولىدىن بىرىنى تاللايدۇ. ھەرگىزمۇ شېرىك بولمايدۇ، تەڭ بەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يۈك بولۇشنىڭ ئورنىغا يۈك توشىغۇچى بولىدۇ. ئەجىر قىلىشنىڭ خەيرىنى، تاماق يېيىشنىڭ لەززىتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئانا قەلبىگە ئىگە بولغانلىقتىن يېگىنى ئۈچۈن ئەمەس، يېگۈزگەنلىك ئۈچۈن تويىدۇ ۋە خوشال بولىدۇ.

مانا بۇ ئىگە بولۇشتۇر. بۇ ئۇلارنى شەخسىيەتچىلىككە ئېلىپ بارمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى دېڭىزغا چۈشكەن بىر تامچە دەپ بىلىدۇ ۋە ئۆزىنى « مەن دېڭىز » دېيىش ھەققىگە لايىق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزىنى « مەن دېڭىز » دېيىشتىن ھايا قىلىدۇ.

ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوغلى كەنئان، دادىسىنىڭ « ئى ئوغلۇم، قايتىپ كەل، بىز بىلەن بىللە كېمە چىققىن! » دېگەن چاقىرىقىنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى كېمىگە ئائىت دەپ قارىمايتتى. يەنى كېمە كەنئاننىڭ قەلبىدە يوق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن كەنئان كېمىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالالمىدى. كېمىگە ئائىت بولۇش ئۈچۈن، كېمىگە ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ كېمىگە ئەجىر سىڭدۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كېمىگە چىقالمىدى.

## بىر ئائىدىيەت مەكتىپى – دارۇل - ئەرقەم

دارۇل – ئەرقەم دەپ ئاتالغان ئۆي، ئەرقەم ب. ئەبىل ئەرقەمنىڭ ئۆيى بولۇپ، بۇ يىگىت، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بولغان مەھزۇم ئوغۇللىرى جەمەتىدىن ئىدى. تۇنجى قۇرئان نەسلى بۇ ئۆيىنى دارۇل - ئىسلام ( ئىسلام ئۆيى ) دەپ ئاتىغان بولۇپ، تۇنجى قۇرئان نەسلى بۇ ئۆيدە يېتىشىپ چىققانىدى. پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەڭ چوڭ ئىمان ھەرىكىتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆشىنىسىگە ئالغانلار، يەنىلا بۇ ئۆيدە يېتىشىپ چىققانلار ئىچىدىن چىققانىدى.

بۇ ئۆيدە يېتىشىپ چىققانلارنى قۇرئان تەربىيىلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ۋەقە - ھادىسىلەرگە بولغان قارىشى، ئىنكاسلىرى، دىنىنى چۈشىنىشى ۋە ئەقىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى، باشقا ساھابىلارغا قارىغاندا ئۆزگىچە ئىدى. ئەگەر ئاللاھ رەسۇلىدىن كېيىنكى باسقۇچ پۈتۈنلەي دارۇل- ئەركامدىن يېتىشىپ چىققانلارنىڭ قولى بىلەن ئىدارە قىلىنىغان بولسا ئىدى،

ئىسلام تارىخىنىڭ يۆنىلىشى باشقىچە بولاتتى.

دارۋىل — ئەرقەم ئۈچۈن كۆچكە ئىگە بولغان نەرسە، مەدىنىيەتنىڭ دارۋىن - سۇففا ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىدى. مەدىنىيەتنىڭ دارۋىن - سۇففادا ئىش تەخسىماتى ۋە ھەمكارلىق ئۆگىتىلگەنىدى. ئۆزىنى ئاتىغانلار ئائىدىيەتلىرى تەقەززاسى بىلەن، ئورۇق بولۇشتىن ھالقىپ دەرەخكە ئايلىنىش، ھۆجەيرىلىكتىن ئىنسان بولۇش، نەپەر بولۇشتىن شەخسىيەت بولۇش باسقۇچىغا ئۆتەلەيدۇ.

ئائىدىيەتنىڭ ۋاجىپلىرى بار. بۇ ۋاجىپلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا قوشۇلۇش كەلمەكتە. قاتنىشىش، قوشۇلغۇچى بىلەن قېتىلغان تەرەپ ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ھەرىكىتى بولۇپ، قاتنىشىش ئەجىر - مېھنەتكە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتنىڭ تەقەززاسى. قوشۇلۇش يوك بولۇش ئەمەس، بەلكى ئۆشنىسگە يوك ئېلىشتۇر. قاتنىشىش، ئاۋاز قوشۇش جانلىق دۇئا بولۇشتۇر.

قاتناشقۇچى ئۆزىنى سىرتتا قالدۇرمايدۇ. ئەگەر كەنئان ئۇ ھالەتتە كېمىگە چىققان بولسا، بەلكىم ئۇ ھەر سۆزىنى « سىلەرنىڭ كېمەڭلار... » دەپ باشلايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى بۇ كېمىگە ئائىت دەپ قارىمايتتى، ھېس قىلمايتتى. كىشى ئائىدىيەت ھېس قىلمىغان نەرسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ياقتۇرمىغان نەرسىسگە قوشۇلمايدۇ.

ئائىدىيەتنىڭ ۋاجىپلىرىدىن يەنە بىرى، « مەن »لەرنىڭ « بىز »گە ئايلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن « بىزنى توپتوغرا يولغا باشلىغىن » مەنىسىدىكى ئېھدىناس - سىراتەلمۇستەقىيمدىكى « بىز » ( نا ) ئالمىشىغا ئىمان ئېيتىش شەرت. ئائىدىيەت شەرتلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەر قانداق ياخشى، ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولىشى كېرەك.

ئائىدىيەت كىشىنى بويسۇنغۇچىدىن بەلگىلىگۈچىگە، قىممەت ياراتقۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەگەر كىشى قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولسا، نەرسىلەرگە خوجايىن بولىدۇ. قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولمىسا، نەرسىلەرگە قۇل بولىدۇ.

ئەگەر كىشى قىممەت قاراشقا ئىئت بولسا، ۋاقىتنى باشقۇرغۇچى بولىدۇ. قىممەت قاراشقا ئىئت بولمىغانلار، ۋاقىتقا ئىئت بولىدۇ. ۋاقىتقا ئىئت بولغۇچىلار زاماننىڭ باشقۇرغۇچىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىقىنىدا ئاقىقان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

قىممەت قاراشقا ئىگە بولغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس مەيدانى، نىشانى، ئورنى، كىملىكى ۋە كىشىلىكى بولىدۇ.

قىممەت قاراشقا ئىئت بولغۇچىنى، ئىئت بولغان قىممەت قاراش ياتقان يېرىدە ياتقۇزمايدۇ. پاسسىپ ھالدىن ئاكتىپ ھالغا ئۆتىدۇ. باشقۇرۇلغۇچىدىن باشقۇرغۇچىغا، مەفئۇل ( تەييار ) ھالىتىدىن فائىل ( قىممەت ياراتقۇچى ) غا ئايلىنىدۇ.

# ئۈچىنچى باپ

## ئاكتىپ ياخشى بولۇش ئۈچۈن " 3 ۋ " فورمىلاسى

### 1. ئۈمىد

### ئۈمىد بىر مەۋجۇدى قىممەتتۇر

ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقى قەلبىدىكى ئۈمىدكە مۇناسىۋەتلىك. ھاياتتا ئۈمىدى بولمىغان بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاش سەۋەبى قالمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقۇتۇپ قويغان.

ئۈمىد ئاللاھ نىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدىكى « ھەر دائىم يارىتىدىغان » مەنىنى بىلدۈرىدىغان « خالىق » ئىسمىنىڭ نامايەندىسى. كېلەچەكنى يارىتقۇچى ئاللاھ، كېلەچەكنى ياراتقاندا بەندىنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئېتىبارغا ئالىدۇ. شۇڭا ئۈمىد، قەلبىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان دۇئاسى، ئۈمۈتسىزلىك دەل ئەكسىچە بەددۇئادۇر.

ئىنسانلار ئۈمىد نۇقتىسىدىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

1. ئۈمىد قىلغان ئىنسانلار

2. ئۈمىد بولغان ئىنسانلار

ئۈمىد قىلغۇچىلار، دۇئا قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا « ئاللاھ دۇئايىڭنى قوبۇل قىلسۇن! » دەيمىز. ئۈمىد بولغانلار دۇئا بولۇپ، بىز ئۇلارغا ئادەتتىكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سۆزنى قىلىمىز، يەنى « ئاللاھ سېنى قوبۇل قىلسۇن! » دەيمىز. چۈنكى، ئۇلار جانلىق دۇئا بولغاندى.

ئۈمىد قىلغان ئىنسان گويا بىر ئۇرۇق بولسا، ئۈمۈت بېغىشلىغۇچى ئىنسان بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى خۇددى

4000 يىللىق پۇرچاق ئۇرۇقىغا ئوخشاش، بەزىلەرنىڭ ئۈمىدىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ.

يېقىندا، تۈركىيەنىڭ كۈتاھيا شەھىرىگە قاراشلىق سېيىت ئۆمەر يېزىسىدىكى قەدىمى قەبرىستانلىق قېزىلغاندا، جەمئى 17 دانە پۇرچاق ئۇرۇقى تېپىلغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئىلىم - پەن دۇنياسىنى ھاياجانغا سالدى. تۆت ئالىي مەكتەپ بىرلىكتە نەچچە مىليون دوللار قىممىتىدىكى بىر تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى. بۇ پۇرچاق ئۇرۇقلىرى بىر ئۈمىد ئىدى. ئەگەر بۇلاردىن بىرەرىنى بىخلاندۇرالىسا، پۇرچاق گىنىنىڭ 4000 يىل ئاۋۋالقى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئارىسىدىكى ( ئەگەر ئۆزگىرىش بولغان بولسا ) پەرقىنى تېپىپ چىققىلى بولاتتى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلىم دۇنياسى پۇرچاقنىڭ « ئادەم ئاتا » سىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بۇ قەدىمىي ئۇرۇقلاردىن ئىككى دانىسى ئۈنۈپ چىقتى. بۇ يەردە بىخ تارتقان پۇرچاق ئەمەس ئۈمىد ئىدى.

دۇنيادا پۇرچاقتىن تولا يەنە نېمە بار؟ ئەگەر ماڭا پۇرچاق بولۇپ يارىتىلىدىغانلىقىم ئېيتىلىپ ۋە قانداق بىر پۇرچاق بولۇپ چىقىشنى خالايدىغانلىقىم سورالغان بولسا ئىدى، جەزمەن ئەنە شۇ ياشناپ بىخ تارتقان پۇرچاقلاردىن بىرى بولۇشنى خالايتتىم. چۈنكى، ئۇ پۇرچاق ئۈمىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىككى پۇرچاق « پۇرچاقلار شاھى » بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. بۇنچە كۆپ ئالىملارنىڭ بۇ پۇرچاق ئۇرۇقلىرىنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ئەتىۋارلىشىنى كىممۇ بىمەنىلىك دېيەلىسۇن؟!

قىسسەدىن ساۋاق: ئەگەر ئۈمىد بەرسىڭىز، دۇنيانىڭ نەزرى سىزدە بولىدۇ.

## ئۈمىد ھەقىقىي بىر قىممەتتۇر !

ئۈمىد ھەقىقىي بىر قىمممەتتۇر ، ئۈمىتنىڭ دىن تىلىدىكى ئىپادىسى ئىماننىڭ دەل ئۆزىدۇر. چۈنكى، ئىمان « ئاللاھ قا ئىشىنىش » دېگەنلىك

بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقىي چۈشەندۈرۈلىشى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئاللاھ قا ئىشىنىش، ئاللاھ تىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ. دىن ئالىملىرى ئاللاھ تىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشنى « چۈشكۈنلۈك ھالى » دەپ ئاتىغان ۋە « چۈشكۈنلۈك كۇپۇرلۇق » دېگەن ئىدى.

ئۈمىد بىر ئىبادەتتۇر. چۈنكى، دۇئامۇ ئىبادەت. پەيغەمبىرىمىز دۇئانى « ئىبادەتلەرنىڭ نىگىزى » دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۈمىتمۇ روھى ئەمەللەرنىڭ نېگىزى. پەيغەمبىرىمىزدىن « قايسى ئىبادەتنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى؟ » دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاپ بەرگەن « ئاللاھ تىن نىجادلىقتا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش ».

ئاللاھ تىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەپ تېپىلمىسا، پەقەت « خەللاق » دېگەن سۆپىتى يېتەرلىكتۇر. « خەللاق » نىڭ مەنىسى « داۋاملىق يېڭىدىن يارىتىش » دېگەنلىك بولىدۇ . « خەللاق » ئىسمىنىڭ ئىنساندا ئالاھىدە بىر تەجەللىسى بار. ئىنسان ئەقىل ۋە ئىرادە ساھىبى بولغان بىر مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ئىنساننىڭ تاللىشى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ ئىرادىگە ساھىپ بولمىغان مەۋجۇدىيەتتىن پەرقىمىز، ئەقىل ۋە ئىرادىگە ساھىپ بولغانلىقىمىز.

ئاللاھ نىڭ « خەللاق » سۈپىتىگە ئىمان ئېيتقان ئادەم زامانغا مەھكۇم بولماس. زامانغا مەھكۇم بولۇش دېگەنلىك، ھازىرقى ۋاقىتقا ۋە ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرگە مەھكۇم بولۇشتۇر. ھالبۇكى، ھازىر ۋە ھازىرقى پەيتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇد بولغان ھەممىشە بۇ يەردە مەۋجۇد بولمايدۇ. ئەمما، زامانغا مەھكۇم بولغانلار شۇ پەيتنى ۋە شۇ يەردە مەۋجۇد بولغانلارنى ھەر ۋاقىت ھەر يەردە بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ. بۇمۇ يەنە ئۇلارنى زامان ( پەيت )غا مەھكۇم قىلىدۇ.

زامانغا مەھكۇم بولغانلار مۇشۇنداق قېلىۋېرىدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ.

زامانغا مەھكۇم بولغانلار تەۋبە قىلمايدۇ، ئىستىغفار ئېيتمايدۇ.

زامانغا مەھكۇم بولغانلار تىرىشمايدۇ .

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام زامان ( پەيتكە )غا مەھكۇم

بولمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھىغا تەۋبە قىلدى ۋە ئادەم بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۈمىدىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئىبلىس زامانىغا مەھكۇم بولغاچقا تەۋبە قىلمىدى ۋە شەيتان بولدى. چۈنكى، ئىبلىس ئۈمىدىنى يوقاتقان ئىدى. ھەزرىتى نۇھ زامانىغا مەھكۇم بولغان بولسا ھەرگىزمۇ كېمە ياسىيالمايتتى. ئۈمىدىنى يوقاتقانلار كېمە ياسىيالمايدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم زامانىغا مەھكۇم بولغان بولسا ئىدى، ئوتنىڭ ئىچىدىن چىقالمايتتى. ئوتقا تاشلانغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زامانىغا مەھكۇم بولغانلىقىدىن ئوتتا كۆيگەن بولاتتى. ئۇ زامانىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە بۇ ئىشەنچ، بۇ ئۈمىد بىر دۇئا بولۇپ قوبۇل بولدى.

ھەزرىتى مۇسا زامانىغا مەھكۇم بولغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن قولىنى « يەدئى بەيزا » (ئاللاھ دىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەردىن بىرى ) قىلمىغان، مىسىردىن ئۆز قەۋمىنى قۇتقۇزۇپ چىقالمىغان، يېرىلغان دېڭىزدىن يول ئېلىپ ماڭالمىغان بولاتتى. ھەزرىتى ئاسىيە زامانىغا مەھكۇم بولغان بولسا ئىدى، « رەببىم ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن ۋە مېنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭدەك زالىملارنىڭ شەررىدىن قۇتقۇزغىن! » ( 66:11 ) دەپ ئاللاھ قا دۇئا قىلالمىغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھ زامانىغا مەھكۇم بولغان بولسا ئىدى، تائىفتە چالما - كېسەك قىلىنغاندىن كېيىن، « بۇ ئىشلار مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن » دېگەن بولاتتى؛ ھىجرەت يولىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك مەزگىللىرىدە « قورقما ئەبۇ بەكرى! ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى كىشىگە كىم نېمە قىلالايدۇ؟» دېيەلمىگەن بولاتتى.

ئۈمىد بىرخىل ئىجتىمائىي قىممەتتۇر. چۈنكى، قەلبىدە ئۈمىد بولغان بىر شەخسىيەت، ئۆزى تەۋە بولغان شۇ جامائەت ئۈچۈن كۈچ مەنبەسىدۇر. ھالبۇكى ئۈمىتسىز بىرى، ئۆزى تەۋە بولغان شۇ جامائەتنىڭ كۈچىنى خورىتىدىغان، كاشىلا پەيدا قىلغۇچى ئامىلغا ئوخشايدۇ.

# « ئىبلىس » دېمەك « ئۈمىدى ئۈزۈلگەن » دېگەنلىكتۇر

قۇرئاندا يامانلىق نۇقتىسىدىن سۆز قىلىنغاندا، ئىككى ئىسىم بىلەن : شەيتان ۋە ئىبلىس ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ يامانلىق. بۇ ئىككى ئىسىم ئادەتتە ئىجابىي مەنىدە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تىلغا ئېلىنغاندا « ئىبلىس » (2:34)، ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تىلغا ئېلىنغاندا « شەيتان »(2:36) دېگەن ئىسىم قوللىنىلغان.

ئىبلىس« ئۈمىد ئۈزگەن » دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن شەيتاننى « ئىبلىس » دەپ ئاتىغان. شەيتان ئۈمىدسىزلىكنىڭ پىرى. ئەگەر ئۈمىدسىزلىك بىر سەنئەت بولغان بولسا ئىدى، شەيتان بۇ سەنئەتنىڭ بىرىنچى باشلامچىسى بولاتتى. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى: ئۈمىدىنى يوقاتقانلار ئىبلىسلىشىپ كېتىدۇ. ئىبلىسنىڭ ئۈمىدسىزلىكتە قايسى دەرىجىگە كەلگەنلىكىنى سۈرە ئەئراف (1-34) ئايەتلىرىدە ۋە سۈرە زۇخرۇف (40-89) ئايەتلىرىدە قەيت قىلىنغان بايانلاردىن چۈشىنەلەيمىز. بۇ مەسىلىدىكى پۈتۈن قۇرئانى چۈشەندۈرۈشنىڭ خۇلاسىسى، ئىبلىسنى شەيتان قىلغان نەرسىنىڭ ئاللاھ قا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكىدۇر. ھالبۇكى، ئىنسانلارنىڭ سىمۋوللۇق ئاتىسى بولغان ھەزرىتى ئادەممۇ خاتالىشىپ ئاللاھ قا ئاسىي بولغان ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ نۇقتىدا بىر پەرق يوق. لېكىن، ھەزرىتى ئادەم بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق « ئۈمىد پەرقى» ئىدى.

قۇرئان نۇھ، ئاد، سەمۇد ۋە لۇت قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتى ھەققىدە توختالغان. بۇ قەۋملەرنىڭ ئورتاق بىر نۇقتىسى: ئۇلار ئىنسان پەيغەمبەرنى رەت قىلىپ، پەرىشتە پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇقىلغان ( فۇرقان، 1 – 31 ).

- بۇ هالاك بولغان قەۋملەرنىڭ ئورتاقلىقى نېمە ئۈچۈن ئىنسان پەيغەمبەرگە قارشى چىقىش بولىدۇ؟

- چۈنكى، بۇ قەۋملەر ئىنسانلاردىن ئۈمىدنى ئۈزگەن ئىدى. بۇنىڭدىن « ئىنساندىن پەيغەمبەر بولامدۇ؟ » دېگەن مەنا چىقىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدا « قۇسۇرسىزلىق چۈشەنچىسى » ياتماقتا. بۇنىڭ ئۇلىدا شەيئىلەرنى يارىتىلىش ھەقىقىتى بىلەن قوبۇل قىلماسلىق ياتىدۇ. شۇڭا، ئىنساننى يارىتىلىش ( خاتالىقتىن خالىي بولالماسلىق ) ھەقىقىتى بىلەن قوبۇل قىلمىغانلار، ئىنسان پەيغەمبەرنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى.

## ئۈمىد ئىماننىڭ پەرزەنتىدۇر

ئۈمىد ئىماننىڭ پەرزەنتىدۇر، ئەگەر ئۈمىد پەرزەنتى ئۆلسە، ئىمان ئانا يىغلايدۇ. چۈنكى، ئىمان « ئىشەنچ » دېگەنلىكتۇر. بىرسىگە ئىشىنىش تىلغا ئېلىنغان يەردە ئۈمىدتىن سۆز قىلىنىۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۈمىدنى يوقاتقان ئىشەنچىنى ئالدىبۇرۇن يوقىتىدۇ. ئۈمىدسىزلىك خۇددى ئاللاھ يوقتەك كاسىلداش بولۇپ، ئاللاھ نىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا گەپ قىلىش، چۈشۈنۈش، سۆز قىلىش گۇناھتۇر. ئاللاھ بولغاچقا ئۈمىد مەۋجۇت. ئىسلامى دىن تىلى ئىبارىسىدىن بىرى بولغان « ئىنشائاللاھ » - ئاللاھ قا بولغان ئۈمىدنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۈمىدسىزلىك پاسسىپلىق، ئۈمىدۋارلىق ئاكتىپلىقتۇر. ئۈمىد ھەر بىر ئاكتىپ ئىنساننى ھەرىكەتكە ئۈندىگەن ئاساستۇر. ئۈمىدسىزلىك پاسسىپ ئىنساننىڭ پاسسىپلىقىنىڭ يىلتىزىدۇر. قەيەردە بىر ئاكتىپ ئىنسان كۆرسەم، ئۇنى ناھايىتى ئۈمىدۋار كۆردۈم. قەيەردە بىر پاسسىپ ئىنسان كۆرسەم، ئۇنى ئۈمىدسىز ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە كۆردۈم. بەدەن ئۈچۈن ھاياتلىق ۋە جانلىق بولۇش قانچىلىك مۇھىم بولغان بولسا، ئۈمىتمۇ روھىمىز ئۈچۈن شۇنداق مۇھىمدۇر. ئۈمىدسىز بەدەن خۇددى روھى بولمىغان بىر جەسەتكە ئوخشايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولسڭىز، ئۇنىڭ روھنى ئۆلتۈرۈڭ. ئۈمدى ئۆلتۈرۈلگەن ئىنسان تىرك مۈردىغا ئايلىنىدۇ. ئەتراپىغا ئۈمدسىزلك تارقاتقانلار ئۈمد قاتىللىرىدۇر. بىز ئۈمدنى قەتلى قىلىشنىڭ تۈنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ھاياتىدىكى يۈز بەرگەن بىر ئۆرنىكنى بىلمز:

مۇناپىقلارنىڭ كاتىپىشى ئابدۇللا ب. ئۇبەي ب. سەلۇل، ئۆيلىرىدىن ساھابە سۈپىتىدە چىققان 300 كىشىنىڭ، مۇناپىقتا ئايلانغان ھالدا ئۆيگە قايتىشىغا سەۋەپ بولغان ئۈمد قاتىلى ئىدى. ئۇ ئۇھۇد غازىتى ھارپىسىدا كىشىلەرنىڭ ئۈمدىنى يوق قىلىشقا تىرىشىپ، ئىسلام جامائىتىنى بۆلۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ھەقىقي مەغلۇبىيەت، دۈشمەن تەرىپىدىن يېڭىلىپ قېلىش ئەمەس. بەزى بىر مەغلۇبىيەتلەر باركى غالىبىيەتتىن بەكرەك مۇھىم. ھەقىقي مەغلۇبىيەت ئۆز ئىچىدىن يېڭىلىشتۇر. ئۈمدسىزلىك مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئۈمدسىز ئىنسان ئالىبۇرۇن ئۆزى ئىچىدىن مەغلۇب بولغان بولىدۇ. تۆۋەندىكى دىۋە مەسەلى بۇنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بېرىدۇ:

دىۋىلەر مەملىكىتىنىڭ ئادىل بىر ھۆكۈمدارى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقى ناھايىتى شاد - خۇرام ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ دىۋىلەر دۆلىتىدە بىر قاراقچى دىۋە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ناھايىتى زالىم ۋە شەپقەتسىز ئىكەن. دىۋىلەر دۆلىتىنىڭ ئادىل پادىشاھى ئۆز دۆلىتىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغان بۇ قاراقچىنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ، ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ ۋە شىردەك نەرە تارتىپ ئۇ دىۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشانىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان قاراقچى دىۋە ئەقلى - ھۇشىنى يوقۇتۇپ قوياي دەپتۇ. بۇ چاغدا دىۋىنىڭ خوتۇنى بىر پەم ئويلاپ چىقىپتۇ ۋە دىۋىنى ياتقۇزۇپ، پەقەت پۇتىنىلا چىقىرىپ قويۇپ، يوغان بىر يوتقان بىلەن چۈمكەپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ ئۆيگە كىرىپ، « قېنى ئۇ قاراقچى؟ » دەپ ۋاقىراپتۇ. دىۋىنىڭ

خوتۇنى كارۋاتنى ئىشارەت قىلىپ « ئاۋاز چىقارما! بالا ئۇخلاۋاتىدۇ » دەپتۇ. پادىشاھ دېۋىنىڭ كۆڭلىدىن « بالىسى بۇنداق چوڭ بولسا، ئۆزى قانچىلىكتۇ؟ » دېگەن پىكىر ئۆتۈپتۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويغان پادىشاھ، دۈشمەنىنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقى پرىنسىپىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، يوتقاننى ئۆرۈپ قاراپ بېقىش ئۇنىڭ ئەقلىگە كەلمەپتۇ ۋە كېيىن ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسىمۇ بەك كېچىككەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئادىل دېۋە ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقىتىدىن باشلاپ، ھەممە نەرسىسىنى يوقاتقان ۋە ئۈمىدسىزلىكى ئۇنىڭ قىيامىتى بولغان ئىدى.

ئەگەر بىر تەنقىد بېرۋاتىڭ ئۈمىدىنى يوق قىلسا، ئۇ بۇزغۇنچى؛ ئۈمىدىنى يوق قىلماي خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئىلھام بەرگۈچى دەپ تەرىپلىنىدۇ. كۈنىمىزدە قىلىنىۋاتقان تەنقىدلەر پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىقتۇر. بۇ بۇزغۇنچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئۈمىدىنى قەتلى قىلغان ئىنسان خارابىلىقى بىلەن تولۇپ تاشقان. ياخشى نىيەتتە قىلىنغان تەنقىد، تەۋبە ئىستىغفار ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىكى ئۆلچەم شۇكى، تەنقىد قىلغۇچى ئوبيېكتى ئۈچۈن دۇئا قىلالىسا، ئۇنى تەنقىدلىسە بولىدۇ.

تەنقىد « تاسقاش، ئىلغاش » دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن سۆز بولۇپ، تاسقاش، ئىلغاش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەسۋاپ « ئەلگەك » دېيىلىدۇ. ئەلگەك، تۈشۈكچىلىرى بولغان بىر خىل ئەسۋاپتۇر. بۇ تۈشۈكچىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تاسقايدىغان نەرسىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق بىر ئەلگەكنى ئىشلەتمىگەن ۋاقىتتا، يا ھەممە نەرسە ئىلگەك تۆشىكىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بىر نەرسە تاسقىلىپ چىقمايدۇ ياكى بولمىسا ھەممە نەرسە ئىلگەكتە قالىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تاللاش دېگىنىمىز فارۇق بولغان، يەنى « تاللاپ ئايرىيدىغان بىر ئەقىل » بىلەن ئايرىشتۇر. ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان تەنقىد، ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلىۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

# ئۈمىد ھاسىل قىلىش ۋە كۈچەيتىش

ئىنسان ئاللاھ نىڭ ئۈمىدىدۇر، بۇنىڭ دەلىلى ئىنسانىنىڭ بۇ مەۋجۇدىيەت ئالىمىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ( ئەھسەنى تەقۋىم ) بىر ئەزاسى قىلىنىپ يارىتىلىشىدۇر. ئىنسان ئۈستىدە ئاللاھ نىڭ ئەجرى كۆپ بولۇپ، ئىنسان ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن مەۋجۇدىيەتتۇر.

رەببىمىز « ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ »، « ئىنسانلارنىڭ كۆپى شۈكۈر قىلمايدۇ »، « ئىنسانلارنىڭ كۆپى ئىمان ئېيتمايدۇ » دەپ ئىنسانىنىڭ سەلبىي تەرىپىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، « بىز ئىنسان نەسلىنى ئېزىز قىلدۇق » دەپ ئۇلار ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلىدىغان دەرىجىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئۈمىد « ئىمان ئېيتىشقىلار ئۈچۈن... »، « شۈكۈر قىلىشقىلار ئۈچۈن... »، « ئەقىل ئىشلىتىشقىلار ئۈچۈن... » دېگەندەك ئايەتلەردە تاما / ئىستەك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىپادىلەر بىلەن بايان قىلىنغان.

ئىنسان ئاللاھ نىڭ ئۈمىدى ئىكەنلىكى ھەقىقىتىنى ئۇنۇتماسلىق بىلەن بىرگە، ئۆزىنى ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان دەپ ئويلىماسلىقى كېرەك. ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مەخلۇق ئەمەس، لېكىن ئاللاھ ئىنسان ئۈچۈن ۋاز كېچىلمەستۇر. ئەگەر ئىنسان ئاللاھ نىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويسا، ئاللاھ ئىنسانىنىڭ ئورنىغا « باشقا بىر مەۋجۇدىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ » ( 35:16 ). ئىنسانىنىڭ ئاللاھ نىڭ ئۈمىدى بولغانلىقىنىڭ دەلىللىرىدىن يەنە بىرى، ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارغا ۋەھيىلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا ئىلتىپات قىلغانلىقىدۇر.

قۇرئان نازىل قىلىنغان زامانىنى جاھىلىيەت دەۋرى دەپ سۈپەتلەيدۇ.

نادانلىق بىلمەسلىك ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزىنى بىلمەسلىكتۇر. بىلمىسىز بولسا بىلىم ئېلىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى بىلمەسلىك، بىلىم ئۆگىنىش بىلەن ھەل قىلغىلى

بولىدىغان بىر نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىچىدە يورۇقلۇق بولمىغان بىر زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتۇر. زۇلمەت بىلەن كېچە ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. كېچىنى ئۆز ئىچىدىن يورۇتقىلى بولىدۇ، ئەمما زۇلمەتنى يورۇتقىلى بولمايدۇ. زۇلمەتنى يېڭىش ئۈچۈن نۇر لازىم، قۇرئان ئۆزىنى دەل بۇ « نۇر » دەپ تونۇشتۇرىدۇ .

ئۈمىدسىزلىك بىر زۇلمەتتۇر. ئىنساننىڭ سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇق ئوت بىلەن، ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇق نۇر بىلەن يورۇتۇلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك زۇلمىتىنى يورۇتقۇچى نۇر قۇرئان نۇرىدۇر. " ھەممە ئىش تۈگىدى " دېيىلىۋاتقاندا ۋەھيي كەلدى ۋە " توختاڭلار! تېخى ھېچبىرى ئىش تۈگىمىدى " دەپ چاقىرىق قىلدى ۋە ھەتتا بۇنىڭغا " ھەر شەيئى يېڭىدىن باشلىنىدۇ " دەپ قوشۇمچە قىلدى.

قۇرئان بۇ چاقىرىقنى قىلغان ئۇ دەۋر ۋە ماكاندا ياخشى ئىنسانلار بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئاكتىپ بولمىغان ياخشىلار بولۇپ، ھەممىسى ئۆز غېمىدە، ئۆزىنىڭ كېمىسىنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا ئىدى. ياخشىلىقنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدىغان ھەمكارلىق ۋە ئىش تەقسىماتى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە يامانلىق ئاكتىپ، ياخشىلىق پاسسىپ ھالەتتە ئىدى. يامانلىق تەشكىللىك ھالدا بولۇپ، ياخشىلىق بۇنىڭدىن يوقسۇن ئىدى. يامانلىق تويلاشقان ئىدى، ئەمما ياخشىلىق چېچىلاڭغۇ ئىدى.

قۇرئان ئالدى بىلەن ياخشىلارنى ئاكتىپ ئاۋانگارتلار ھالىغا كەلتۈردى، ئاندىن كېيىن ياخشىلىقنى تەشكىللىدى، ئاندىن تەشكىلىي ھالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلارنى ئۈنۈملۈك ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىق ئورنىتالايدىغان ئەقىل ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قىلدى. بۇ باسقۇچتا پۈتۈنلەي ئۈمىد ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىندى. ۋەھيىنىڭ پارچە - پارچە نازىل بولىشىمۇ، ئۈمىدنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىللاردىن ئىدى. ئىنسانلار ئېغىر قىيىنچىلىق ئاستىدىمۇ، ئاللاھ نىڭ ئەتە يەنە قانداق ۋەھيىلەرنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئۈمىد ۋە زوق بىلەن ساقلايتتى. بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ قەيسەرلەشتۈرەتتى. ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا « ئۈمىدنىڭ تىلى » بولغان بىر پەيغەمبەر بار ئىدى.

# ئۈمىد تىلى بولغان بىر پەيغەمبەر

پەيغەمبەرلەر ئۈمىدنىڭ تىلىدۇر . پەيغەمبەرلىك بىر ئۈمىد مۇئەسسەسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ھەر جەھەتتىكىگە ئوخشاش ئۈمىد مەنبەسى بولۇشتىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر ئۈلگە ئىدى. ھەممە ئادەم ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋاقىتتىمۇ پەيغەمبەر ئۈمىدىنى ئەسلا يوقاتمىغان ئىدى. قەۋمىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى چەتكە قاققان، مەسخىرە قىلغان، قارىلىغان، جىسمانىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىغان، قىيناش، خورلۇق ۋە ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلگەن، ھەتتا ئاخىرىدا ھاياتىغا قەست قىلغانىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يوقىتالمىغانىدى. ئۇنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك مەزگىلىدە ئۈمىدىنىڭ ئەڭ ئاجىزلاشقان ۋاقتى تائىفتىن قانغا بويالغان ھالدا قوغلانغان ۋاقتى ئىدى. تۆۋەندىكى دۇئا شۇ چاغدىكى ئۈمىدىنىڭ قانچىلىك ئاجىزلاشقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ:

« ئاللاھىم !

كۈچۈمنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن!

ئىرادەمنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن!

ئىنسانلارنىڭ مېنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن!

ئەي مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى (ئاللاھىم )

سەن ئاجىزلارنىڭ رەببى سەن، سەن مېنىڭ رەببىم سەن!

مېنى كىملەرنىڭ ئىنسابىغا تاشلاپ قويدۇڭ؟! ماڭا تەلەتىنى تۈرگەن، يىراق يەرلەردىكى سوغوق تەلەتلەرگىمۇ؟

ياكى بۇ دەۋايىمنى ئىختىيارىغا ئالدىغان بىر دۈشمەنگىمۇ؟ ».

ئەمما تۇيۇقسىز ئەھۋالنىڭ تېگىگە يېتىدۇ ۋە ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ. بۇ دەل پەيغەمبىرىمىزنىڭ « بەزىدە تۇيۇقسىز غەپلەت بېسىپ قالىدۇ.

بۇ چاغدا دەرهال كۆڭگە يەتمىش قېتىم ئاللاھ تىن گۇناهىمنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن » دېيىشكە سەۋەپ بولغان ۋاقىتلارنىڭ بىرى ئىدى. ( پەيغەمبىرىمىزنىڭ ) ئۈمىدى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن قايتىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى:

« ئەگەر ماڭا غەزەپ قىلمىغان بولساڭ، مەن بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە پەرۋا قىلمايمەن.

پەقەتلا سېنىڭ لۇتپىڭ مېنى خۇشال قىلىدۇ.

غەزىپىڭنىڭ ماڭا قارىتىلىشىدىن ياكى ماڭا قەھرلىنىشىڭدىن،

قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتقان جامالىڭنىڭ نۇرىغا سىغىنىمەن.

دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى نۇرۇڭغا سىغىنىمەن.

مەمنۇنىيەت ساڭا يارىشىدۇ، يېتەركى مەندىن رازى بول!

ئىرادە ۋە كۈچ سېنىڭدۇر! ».

ئۇ مۇنداق دەيتتى: « خوشخەۋەر بېرىڭلار، نەپرەت قىلدۇرماڭلار! ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قېيىنلاشتۇرماڭلار! ». خوشخەۋەر بېرىش « ئۈمىد بېرىش » مەنىسىدە كېلىدۇ. ئۇ پەقەت پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ قەۋمى ئۈچۈن بىر ئۈمىد بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا « ئەل - ئەمىن » دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلىشى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ پاسسىپ ھالىتىنى ياقتۇرغان كىشىلەر، ئاكتىپ ھالىتىنى ياقتۇرمىدى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر بىر شېھىت ئىدى. « شېھىت » سۆزىنىڭ مەنىسى « باشقىلارغا ئۆرنەك بولغۇچى، ئۈلگە » بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز باشقىلارغا ئۈمىد چىرىقى بولۇشتىمۇ ئۆرنەك ئىدى. ھەممە ئادەم ئۈمىدسىزلىككە مەھكۇم بولغاندىمۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ قانداق قىلىپ ئۇلارغا ئۈمىد چىرىقى بولغانلىقىنى، مەككىدىكى زۇلۇم ۋە ئۆلۈملەرگە قارشى كۈچلۈك پوزىتسىيەدە بولغانلىقىدىن، ئېمبارگوغا ئۇچرىغاندا،

ھىجرەت مەزگىلىدە، بەدىردىن بۇرۇن ۋە ئۇھۇدتىن كېيىنكى چاغلاردا، ھەتتا خەندەك ئۇرۇشى جەريانىدىكى ھايات ـ ماماتلىق مىنۇتلىرىدىمۇ، قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىدىن كۆرىۋالالايمىز.

## ئىنسان ئىنسانغا زۇھا ۋە ئىنشىراھ سۈرىلىرى بولالامدۇ؟

جاۋاپ: بولالايدۇ.

ـ قانداق قىلىپ؟

ـ باشقىلارغا ئۈمىد بېغىشلاش ئارقىلىق.

زۇھا ۋە ئىنشىراھ سۈرىلىرى دەل بۇنى رىئاللىقتا ئايلاندۇرغاندى. بۇ سەۋەپتىن بۇ ئىككى سۈرىنى « مۇددىئا سۈرىلىرى » دېيىشكە بولىدۇ. زۇھا سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا شاھىت قىلىنغان « چاشگاھ ۋاقتى » كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن كۆندۈز يورۇقلۇقىغا چىقىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقانلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ خوشاللىنارلىق خەۋەر « كۈن چىقتى » دېيىش.

قۇرئان، بۇ خەۋەرنى « قۇياش چىققىلى خېلى بولدى » دېگەن شەكىلدە بەرگەن ئىدى. « چاشگاھ ۋاقتى شاھىدىم بولسۇن » (سۈرەزۇھا 1.ئايەت ) نىڭ مەنىسى دەل بۇ ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا « پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق » (93:3) دېگەن ئايەت كېلەتتى. بۇ بىر ئۈمىد نوتىسى ئىدى. بۇ ئۈمىد نوتىسىنى ئىنشىراھ سۈرىسىدىمۇ كۆرىمىز، ھەتتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆرىمىز. ئىنشىراھ سۈرىسى ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر « ئۈمىد سۈرىسى » ئىدى:

« ئى مۇھەممەد! سېنىڭ كۆكسۈڭنى ( ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئان نۇرى بىلەن ) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟

سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ

تاشلىدۇق.

ئۇ يۈك سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىپ پۈككەن ئىدى!

سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلمىدۇقمۇ؟

ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.

ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.

ئۇنداقتا، ( دەۋەتتىن ) بوشىغان چېغىڭدا ( ئاللاھ قا ) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن!

ۋە پەقەت رەببىڭگە يۈزلەنگىن، ( ئۇنىڭغىلا مايىل بول! ( » ئىنشىراھ سۈرىسى.

ئىنسان ئىنساننىڭ ئايىتىدۇر. ئىنسان ئىنساننىڭ ئايىتى بولغانىكەن، رەھمەت ئايىتى ياكى غەزەپ ئايىتى بولۇش ئىختىيارلىقى سېنىڭ ئىلكىڭدە. رەھمەت ئايىتى بولغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە، ئەتراپىدىكىلەرگە ئۈمىد چىرىقى بولۇش چۈشكەن بولىدۇ. مۇئمىنلەر بىر – بىرى ئۈچۈن زۇھا ۋە ئىنشىراھ سۈرىلىرى بولالايدۇ. ئۈمىتسىزلىككە پاتقان چاغلاردا، بىر - بىرىمىزگە زۇھا ۋە ئىنشىراھ سۈرىسى بولالايمىز. ھەتتا، « ئەي مەككىنىڭ يۈسۈپى، سېنى مەككىلىك قېرىنداشلىرىڭ قۇدۇققا تاشلىغان بولسىمۇ، بىر كۈنى ئۆزەڭنىڭ مىسرىغا سۇلتان بولىسەن! » دېگەن يۈسۈف سۈرىسى بولالايمىز.

باشقىلارنىڭ ئۈمىدى بولۇش، شۇ كىشىنىڭ زۇھا ۋە ئىنشىراھ سۈرىسى بولغانلىقتۇر.

ياتقانلار ئۈمىدسىز، تىرىشقانلار ئۈمىدۋار بولىدۇ.

ئۈمىدى بارلار قانداقمۇ ياتالىسۇن؟ ئۈمىد ئىنسانىنى ياتقۇزمايدۇ، ئۈمىد ئىنسانىنى بىر ئىزىدا تۇرغۇزمايدۇ. ئاكتىپ ياخشىلار ئېنېرگىيىسىنى ئۈمىد جەۋھىرىدىن ئالىدۇ. ھەرىكەتلەنگەنسىرى ئۆلارنىڭ ئۈمىدى كۆپىيىدۇ، ئۈمىدلىرى كۆچەيگەنسىرى تېخىمۇ كۆپ پايدا يارىتىدۇ. ئۈمىد ۋە ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇنداق ئوك تاناسىپلىققا ئىگە.

ياتقانلار ئۈمىتسىزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرى كاردىن چىققان. ئۈمىدسىزلىك يېتىشنىڭ ھەم ئانىسى ھەم بالىسى. ئانىسى، چۈنكى، ئۈمىدسىزلىك تەلەپسىزلىكنى، تەلەپسىزلىك نىسىپ بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .تەلەپ بولمىسا، نىسىپ بولمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۈمىدسىز كىشى غايىسىنى يوقاتقان كىشىدۇر. غايىسى بولۇش ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ داۋاسى بولىشى كېرەك. بىر ئادەمنىڭ داۋاسى بار - يوقلۇقىنى ئۇنىڭ دۇئاسىدىن بىلەلەيمىز.

ياتقانلارنىڭ ئۇلپىتى تەبئىي ھالدا ياتقانلاردىن بولىدۇ. ئۈمۈ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، ھەممە ئادەمنى مۇشۇنداق بوش ياتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكىگە ئۈمىدسىزلىك قاتىدۇ.

ئۈمىد يارىتىش بولۇپ، ئۈمىدۋار كىشىلەر قىممەت يارىتىدۇ. چۈنكى، بەرپا قىلىش - غايىسى بار دېگەنلىكتۇر. ھېچقانداق غايىسى بولمىغان ئادەم قانداقمۇ بىر نەرسە بەرپا قىلىشنى ئويلىسۇن؟ ھەر قانداق بىر زاۋۇت سېتىشقا ئىشەنچى بولمىغان بىر نەرسىنى ئىشلەپچىقارمايدۇ. ئەقىللىق بىرى بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ سەۋەپتىن قانچىلىك قىممەت ياراتقۇچى كۆرگەن بولسام، ھەممىسىنى ناھايىتى ئۈمىدۋار ھالدا كۆردۈم.

ئەكسىچە، ئۈمۈتسىزلەر قىممەت ياراتمايدۇ. قىممەت يارىتالماسلىق ئۈمىدسىزلىكنى، ئۈمىدسىزلىك قىممەت يارىتالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسىنى يەپ تۈگەتكۈچى بىر ئۈمىد ۋىرۇسىنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

## 2. ئۈيغۇنلۇق ( ماسلىشىش ) ئۈيغۇنلۇق بىر مەۋجۇدىي قىممەت

ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇش ئۈچۈن « ئۈچ ئۇ » فورمىلاسىنىڭ ئۈمىتتىن كېيىنكى شەرتى ئۈيغۇنلۇقتۇر. ئۈيغۇنلۇق خۇددى ئۈمىدكە

ئوخشاشلا مەۋجۇدى قىممەتتۇر. بولۇپمۇ، ئىنسان ئۈچۈن ئۆيغۇنلۇق ھاياتتەك مۇھىم ۋە قىممەتلىك.

ئۇيغۇنلىشىش (ئەرەپچە: مۇلائەمەت ) تۈركچە سۆز بولۇپ، تۈركچە سۆز تومۇرى« ئۇي » پېئىلى. « ئۇيقۇ » سۆزىمۇ بۇ سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئىنسان بەدىنىنىڭ تاشقى شەرتلەرگە ئەڭ ياخشى ماسلاشقان ھالىتىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن « ئۇيقۇ » دېيىلگەن. چۈنكى، ئۇيقۇ ھالىتىدىكى بەدەن ئەڭ ماسلاشقان ھالەتتىكى بىر بەدەندۇر. ئۇيقۇ پەقەتلا فىزىكىلىق جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئىرادە ۋە نىرۋا سىستېمىلىرىدىن خالىي ھالدا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان نەپەسلىنىش، قان ئايلىنىش، لېمفا سىستېمىسى قاتارلىق بەدىنىمىزنىڭ بىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈقنى ساقلاۋاتقان سىستېمىلارنىڭ، ئۆزئارا ئەڭ ماسلاشقان شەكىلدە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرىۋاتقان بىر ھالىتىدۇر.

مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلىشى بۇ ماسلىشىشچانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ماسلىشالمىغان جانلىقلار مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، بۇ ئاللاھ نىڭ قانۇنى. بېلىقلارنىڭ ھاياتى سۇدا ياشاشقا ماس كېلىدىغان بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا ياشيالمايدۇ. بېلىقنىڭ ئۆزى ياشاشقا ماسلاشقان سۇدىن ئايرىلىشى، ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى بىلەن باراۋەر. ھاياتتا قېلىش ئۈچۈن سۇدا تۇرىشى كېرەك.

قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان جانلىقلارمۇ قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا ماسلاشقان بولۇپ، سۇدا ياشيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بېلىقلاردەك سۇغا ماسلىشىپ ياشىشنى خىيال قىلىش، ئىلاھى ئۇيغۇنلۇق قانۇنىيىتىگە قارشى چىققانلىق بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ماسلىشىش - ھايات، ماسلاشماسلىق - ئۆلۈمدۇر. سىز ئۆلگەن بىر جەسەت كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ سەكراتتا جان تالىشىۋاتقان بىر ئىنسانىڭ ئاخىرقى نەپەسى ئۈزۈلگەندىن كېيىن دەرھال قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار بار. بەدىنى سوۋۇماستىن كۆزىنى يۇمدۇرۇپ، ئېڭىكى تېڭىلىدۇ،

تىزلىرىنى بىرلەشتۈرۈلىدۇ، يىغىلىپ قالغان بولسا تۈزلىنىدۇ، پۇتىنىڭ باش بارماقلىرىدىن باغلىنىدۇ. بىلەكلىرى يىغىلىپ قالغان ھالەتتە بولسا تۈزلىنىپ، يېنىغا ئۇزىتىلىدۇ، زوّرۇر تېپىلسا پوتا بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ.

نېمىشقا بۇنداق قىلىنىدۇ؟ چۈنكى، بەدەن سوۋۇغاندىن كېيىن بۇلارنى قىلغىلى بولمايدۇ، پۇتۇن ئەزالار قېتىپ قالىدۇ، ھەرىكەت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. دەل ۋاقتىدا تۈزەپ قويمىغان جەسەتتىكى ھالەتنى، ۋۇجۇد سوۋۇغاندىن كېيىن تۈزىتىش قېيىن بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ماسلىشىشتۇر. ھايات چاغدا ئەركىن ھەرىكەت قىلغان ئورگانلار، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن ماسلىشىش قابىلىيىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى: ماسلىشىش ھاياتلىقتۇر.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غوللىرىمۇ بۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. ھايات ۋاقتتا ناھايىتى ئەركىن ھەرىكەتلىنىدىغان شاخلار، قۇرۇغاندا ئىلاستىكىلىقنى يوقىتىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا سۇندۇرۇۋەتمەستىن ئەگكىلى بولغان بىر شاخنى، قۇرۇغاندا ئەگكىلى بولمايدۇ، زورلىسىڭىز سۇندۇرۇپ قويىسىز. چۈنكى، ئۇ قۇرۇغان، ھاياتىلىقنى يوقاتقان. ھاياتىدىن ئايرىلغان ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا ئاتىلىرىمىز « ياغاچنى ھۆل ۋاقتىدا ئەگ » دېگەن. بۇ يەردە ھۆل ( ھاياتتا ) بولغان نەرسىنىڭ ماسلىشالايدىغانلىقى بايان قىلىنماقتا.

جانلىقلارنىڭ ئەۋلات قالدۇرۇپ كۆپىيىشىنىڭ سىرىمۇ ئۇيغۇنلىشىشتا بولۇپ، ئىسپىرمىنىڭ ئانا ئۇرۇقداندىكى ئۇرۇق بىلەن بىرىكىشىنىڭ سىرىمۇ ماسلىشىشتا. بىر كىچىك ھۈجەيرە بۇ ماسلىشىشچانلىق نەتىجىسىدە ئىنسانغا ئايلىنىدۇ. چىشى ئۇرۇق بىلەن ماسلىشىپ بىرلىشەلمىگەن ئەركەك ئۇرۇق ھامىلىگە ئايلىنالمايدۇ. ماسلىشالماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھاياتىدىن ئايرىلىش ۋە سۇغا ئايلىنىش بولىدۇ. ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرى ماسلىشىشتا.

ئۇرۇق تۇپراق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانماي تۇرۇپ بىخلىنالمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇق تۇپراققا ماسلىشالمىسا، بۇ تۇپراق ئۇرۇقنىڭ بۆشۈكى ئەمەس مازارىغا ئايلىنىدۇ، ئۇرۇق ئۇ يەردە سېسىپ يوق بولىدۇ. ئەگەر تۇپراق بىلەن ماسلاشسا، تۇپراق ئۇرۇقنىڭ بۆشۈكىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئۇ يەردە چوڭ

بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك نەملىك، هارارەت ۋە هاۋا بولۇشى كېرەك.

يەر شارىمۇ ماسلىشىش قانۇنىيەتلىرىگە ماس هالدا ئىنسانلارنىڭ ماكانى بولماقتا. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان قانۇنىيەت تارتىش كۈچى ۋە مەركەزدىن قېچىش كۈچىدۇر. ئەگەر يەر شارى بۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشمىغان بولسا، دۇنيا ئاتلىق بۇ ماكان بىزنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ياشاش ئىمكانىيىتى سۇنۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالمايتتى. يەر شارى بۇ قانۇنىيەتكە ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسىغا ئىگە. بۇ تارتىش ۋە مەركەزدىن قېچىش قانۇنىيىتى بولمىسا، ھەرگىز بىر مۇقىم ئوربىتا ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

جىسىملار ئاتوم زەررىچىلىرى سەۋەبىدىن ئۆز ئالدىغا بىر كىملىككە ئىگە بولغان. ئاتوملار ئۆزىنىڭ ئىچكى ماسلىشىش بىلەن بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ. ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىمۇ يەر يۈزىدىكىگە ئوخشاش تارتىش كۈچى ۋە مەركەزدىن قېچىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاتوملار ئەقىل ۋە ئىرادە ساھىبى بولمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ سىراتى مۇستەقىيم ( توغرايول ) لىرىنى تاپالمايدۇ، ئۇنىڭ سىراتى مۇستەقىيمى يارىتىلىش فىترىتىگە يېزىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن خالىي هالدا تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشى، ئۆز ئارا ماسلىششىدىن كېلىپ چىقماقتا. ئەگەر بىر تال ئاتوم تەرتىپىنى يوقاتسا، بۇ نورماللىق بۇزۇلىدۇ.

ئىنسان روھى بولغان مەۋجۇدىيەتتۇر. روھىنىڭ ئۈچ كېزىكى بولغان ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانىنىڭ ياردىمىدە ئىنسان بۇ خىل ئۇيۇمچانلىقنى تاللاش ياكى رەت قىلىش ئىقتىدارىنى هازىرلىغان. ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانىنىڭ ئۆزئارا ماسلىششى، ئىنسان سائادىتىنىڭ بىرىنچى شەرتى. ئەگەر بۇ ئۈچ كېزەكلەر ئىناق بولمىسا، ئىنساندا ھۇزۇرسىزلىق باش كۆتۈرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ماسلىششچانلىق ئىچىدە ھۇزۇرغا ئىگە بولىدۇ.

# ئۇيغۇنلىشىش بىر ھەقىقىي قىممەتتۇر

زەرىچىلەردىن ئالەمگىچە، كىچىكتىن چوڭغىچە، ئاتومدىن پىلانىتلارغىچە بەلگىلىك ئوربىتا دائىرىسىدە، تەرتىپلىك شەكىلدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بارلىق جىسىملارنىڭ تەرتىپلىك ھەرىكىتى، تارتىش كۈچى ۋە مەركەزدىن قېچىش كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ كۈچلەرنىڭ بىرى مەركەزگە تارتسا، يەنە بىرى ئىتتىرىدۇ. جىسىملار بۇ خىل كۈچ تەڭپۇڭلۇقى نەتىجىسىدە ھەم ھەرىكەت يۆنىلىشىنى تاپىدۇ ھەم ھەرىكەتلىنىدۇ. مانا بۇ قانۇنىيەتكە ئوخشاش، ئىمانىنىڭمۇ ئۆزىگە تارتقان ۋە ئىتتىرگەن ئىككى كۈچى بولىدۇ. تارتىش كۈچى ئىمان ئېيتىشقا تېگىشلىكلەرگە ئىشىنىشنى، ئىتتىرىش كۈچى ئىنكار قىلىش زۆرۈر بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. يەنى، تارتىش كۈچى ئىسلامدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، ئىتتىرىش كۈچى نەھيى ( قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار )دۇر.

ئىمانىنىڭ ئىككى قاناتلىق بۇ كۈچىنى كەلىمەئى تەۋھىدتە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى، لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

لا ئىلاھە ( ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر ) ئىتتىرىش كۈچى، ئىللەللاھ ( پەقەت ئاللاھ باردۇر ) تارتىش كۈچىدۇر. بۇ ئىككى كۈچ بىر بولۇپ كەلىمەئى تەۋھىدكە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ھاياتىنى ئاللاھ بەلگىلىگەن ئوربىتىغا باشلايدۇ. لا ئىلاھە ئىللەللاھ مەۋجۇتلۇقنىڭ شىفرىسىدۇر ( تىلسىمى). بۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھ ، تەۋھىد كەلىمىسىنى « يەر ۋە ئاسمانلاردىنمۇ ئېغىر توختايدۇ » دېگەنىدى.

مەۋجۇدىيەت لا ئىلاھە ئىللەللاھ بىلەن كودلانغان. ئاتوم مەركىزىدىكى ماسسى نۆل بولغان نىترون « لا ئىلاھە » گە ۋەكىللىك قىلسا، ئېغىرلىقى بولغان پروتون دەل « ئىللەللاھ » قا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يوقلۇق « لا ئىلاھە » دۇر، مەۋجۇتلۇق « ئىللەللاھ » تۇر. قىش پەسلى « لا ئىلاھە »دۇر، ئەتىياز « ئىللەللاھ » تۇر. كېچە بىرىنچىسىنىڭ،

كۇندۇز ئىككىنچىسىنىڭ نامايەندىسى. ئۆلۈم بىرىنچىسىنى كۆرسەتسە، تۇغۇلۇش ( هاياتلىق ) ئىككىنچىسىنى « ئىللەللاھ » نى كۆرسىتىدۇ. كومپيۇتېر دۇنياسىدىكى سانلىق ئۇچۇر سىستېمىسى ئىككى رەقەم بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، يەنى، نۆل ۋە بىر. نۆل « لا ئىلاھە » گە، بىر « ئىللەللاھ » قا سىمۋوللۇق قىلىدۇ.

ئىسلام ئۇيۇمچانلىقنىڭ دىنى تىلدىكى بىر ئىسمىدۇر. چۈنكى، ئىسلام « تەسلىم بولۇش » بولۇپ، تەسلىم بولۇش ئۇيۇمچانلىقتۇر. ئاللاھ ئىنساندىن تەسلىم بولۇش ئارقىلىق، ماسلىششىنى كۈتمەكتە. ئىسلام، ئىنساننىڭ كائىنات ۋە قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ماسلىششچانلىق ئىچىدە ياشىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ ئىنساننى يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ، ئاللاھ نىڭ يەر يۈزىنى ئىنسانغا ئامانەت قىلغانلىقى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنساننىڭ يەر يۈزىگە خەلىپە بولىشى - ئىنساننىڭ زېمىندىكى تەرتىپنى ( ماسلىشىش ) ساقلاشقا مەسئۇل قىلىنىشى ۋە بۇ ماسلىششنى بۇزۇۋەتمەي يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ. « ۋارىس بولۇپ كەلگەنلەر » دېگەن مەنىدىكى خەلەف، ۋارىس بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ، ئىلگىرىكىلەر بىلەن بىر سىزىق ئۈستىدە ( بىردەك ) بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان، يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار ئارىسىغا ئەڭ ئاخىردا قوشۇلغان ۋە ئەڭ مۇكەممەل قىلىنغان بىر ھالقىدۇر. ئىنساندىن ئۈمىد قىلىنغان نەرسە، ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدە ۋە تاشقى دۇنيادا ماسلىششچانلىقنى بۇزماسلىق ۋە ئۇنى قوغداشتۇر.

ئىسلامنىڭ ئىبادەتگاھى بولغان جامە ( مەسچىت )لەردە، ئىبادەت سەپ ھالىتىدە ئادا قىلىنىدۇ. بۇ خىل سەپ سىستېمىسى پەقەتلا ناماز بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ئىسلام مۇھىم دەپ قارىغان ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تىلسىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەپ سىستېمىسىدا، ھەممە ئادەم مۇرىنى - مۇرىگە تاقاپ تۇرىدۇ. ئانا يۈرىكى بولغان ئىمام، جامائەتتىن پەقەت بىر قەدەم ئالدىدا تۇرىدۇ، جامائەت ۋە ئىمام ھەممىسى ئوخشاشلا يەرگە ئاياق بېسىپ تۇرىدۇ. بۇ

سىستىمىدا تەرتىپ، ماسلىشىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

سەپ سىستىمىسىنىڭ قارشى قۇتۇبىدا پىرامىدا سىستىمىسىدۇر يەر ئالماقتا. پىرامىدا سىستىمىسىدا، يۇقىرىغا ئۆرلەش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بېشىغا دەسسەش كېرەك. قانچە يۇقىرىغا چىققان بولسا، شۇنچە كۆپ باشلارغا دەسسىگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، سەپ سىستىمىسى ئادالەتكە، پىرامىدا سىستىمىسى زۇلۇمغا تايىنىدۇ. سەپ سىستىمىسى پرىنسىپقا تايانسا، پىرامىدا سىستىمىسى قارا كۈچكە تايىنىدۇ. سەپ سىستىمىسى ئەخلاقى كۈچكە، پىرامىدا سىستىمىسى زوراۋانلىققا تايىنىدۇ.

## ماسلىشىش بىر ئاممىۋى قىممەتتۇر

بارلىق مۇكەممەللىك ئاللاھ قا خاستۇر. ئاللاھ تىن باشقا ھېچبىر مەۋجۇدىيەت مۇكەممەللىك بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. ئاللاھ قا خاس بولغان بۇ مۇكەممەل سۈپەتلەر « ئەسمائىي ھۇسنا » دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلاھى ئىسىملارنىڭ مەنىلىرى پەرقلىق بولۇپ، تەجەللىرى ( نامايەندىلىرى )مۇ پەرقلىق بولىدۇ. بەزى ئىلاھى ئىسىملار بەزى زامان ۋە ماكاندا نامايەن بولىدۇ. مەزكۇر زاماننى چۈشىنىش ئۈچۈن، شۇ زاماندا نامايەن بولغان ئىلاھى ئىسىملارنى بىلىش كېرەك.

بىز ياشاۋاتقان زاماندا ئەڭ تىپىك ھالدا نامايەن بولىدىغان ئىلاھى ئىسىم ئەلجەمى بولۇپ، بۇ ئىسىم « جەم قىلغان، بىرلەشتۈرگەن، پۈتۈنلەشتۈرگەن » دىگەن مەنىدە. بىز ھەر نەرسە يەر شارىۋىلىشىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. بۇ پەزىلەت ئىگىلىرىمۇ، پەسكەشلەرمۇ ئۆزگىچە چۈپقەت تېپىۋاتقان بىر دەۋر. دۇنيا خۇددى بىر يەر شارى كەنتى، ئىنسانلىرى بۇ كەنتنىڭ ئاھالىسىگە ئايلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بىر قىممەت - قاراش قەيەردە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىزدىگەنلەرنى ئەتراپىغا جەم قىلالايدۇ. كۈنىمىزدە دۆلەت، مىللەت، ئىرق، رەڭ، تىل ۋە

مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقى بۇنىڭ ئالدىدا توسالغۇ ئەمەس. بۇنىڭغا ماس ھالدا، رەزىل ئىدىيەلەرمۇ دەل مۇشۇنداق ئىمكانىغا ئىگە.

ئەقىل، ۋىجدان ۋە ئىرادىلەر دەل بۇ ئەلجەمى ئىسمىنىڭ نامايەن بولىشى بىلەن بىر يەرگە جەم بولماقتا. ئوخشاش بىر داۋا ئىگىلىرىنىڭ بىر يەرگە كېلىشى تارىختا ھېچقاچان بۇنچىلىك ئاسان بولمىغان. « ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھەقىقىتى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مەئرۇف، « پۈتۈن ئىنسانىيەت ئورتاق خاتا دەپ قوبۇل قىلغان قىلمىشلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مۇنكەر، چۈپقەتلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغماقتا. رەھمانىي ۋە شەيتانىي تەرىپتارلارنىڭ يولى ھەر زامانكىدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئوچۇق. بۇنداق بىر دۇنيادا پەزىلەتنىڭ رەزىللىككە، مەئرۇفنىڭ مۇنكەرگە، رەھمانىيلارنىڭ شەيتانىيلارغا قارشى بۇ ئۇرۇشتا غالىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئاكتىپ ياخشىلار ئۆز ئىچىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

جەماداتقا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ، جامائەت دېگەن ئىسمىغا لايىق بولالىغان ھەر بىر ئاممىۋى تەشكىلات، دەل بۇ ئەلجەمى ئىسمىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئايىمىغانلارنىڭ ھەر نامىزى جۈمە نامىزى، ھەر جەم بولغان يېرى جامى (مەسچىت )، قوبۇل قىلغان ھەر ئورتاق قاراش « ئىجما » بىلەن تەڭ دەرىجىدە. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىنى بۇ قەدەر قىممەتلىك قىلغان نەرسە، بىز ماسلىشىش دەپ ئاتىغان ئىكسىرنىڭ دەل ئۆزى. ماسلاشماسلىق بۇ خىل پائالىيەتلەردە دەل ئەكسىچە رول ئوينايدۇ. قىممەت مەنسۇپ بولۇشنىڭ تەقەززاسى، پەقەت ئائىت بولغان قىممەتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا ياشاش دېگەنلىك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممەتكە ئائىت بولغانلار بىلەن بىللە ماسلىشىش ئىچىدە ياشاشمۇ، قىممەتكە ئائىت بولۇشنىڭ بىر پارچىسى. بۇنى پەقەت ئۆزلۈك ئىدراكى بولغانلارلا باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ.

ئۆزلۈك ئىدراكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ زىتى. ئۆزلۈك ئىدراكىغا ساھىپ بولۇش، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىچىدىكى ئورنىنى، قىممىتىنى، ھەددىنى

بىلىشتۇر. شەخسىيەتچىلىك بولسا جامائەتتىن ئايرىلىپ، جامائەتتىن ئالغان قىممەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتۇر. ماسلىشىدىغانلار ئۆزلۈك ئىدراكىغا ئىگە بولغانلار ئارىسىدىن چىقىدۇ. شەخسىيەتچىلەر ئادەتتە ماسلاشمايدىغانلار بولۇپ، ئۇلار پەقەت باشقىلار بىلەنلا ئەمەس، ئۆزى بىلەنمۇ زىددىيەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ماسلاشماسلىق مۇئامىلىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. بارغانلا يېرىدە " ئۆسمە" گە ئوخشاش ئايرىمچىلىققا، توپتىن ئايرىلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## ئۇيۇمسىزلىق ( ماسلاشماسلىق )نىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان زىيىنى

ئۇيغۇن بولۇش، ئۇيغۇنلىشىش ئەگەر ياخشى تەرەپكە بولسا ياخشى، يامان تەرەپكە بولسا ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ. ماختاشقا لايىق بولغان ئۇيغۇنلۇق، نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر مۇتلەق ماسلاشقان بولماستىن، بەلكى ياخشى بىلەن مۇجەسسەملەشكەن بىرلىشىشتۇر. شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇن بولۇش تەبىئىي، ئۇيغۇن بولماسلىق ئۇنىڭدا پەيدا بولغان بىر مەسىلە ياكى كاشىلا بولۇپ، ئۇيغۇن بولۇش نورمال، ئۇيغۇن بولماسلىق بىنورمال بىر ئەھۋال. مەۋجۇدىيەت يارىتىلغاندىن تارتىپلا ماسلىشىشقا مايىل بولىدۇ. ماسلىشالماسلىق ئايرىلىپ چىقىش بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىدە مەسىلە بولغان بولىدۇ.

ماسلىشالمىغان بىرسى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. قانداق غايىسى بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان مۇتلەق دوستلىرىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىنسان بىر خىل ئىجابىي تەبىيەتكە ئىگە مەۋجۇدىيەت بولۇپ، يالغۇز ياشاش ئۈچۈن يارىتىلمىغان. شۇڭا يالغۇز ياشىيالمايدۇ، يالغۇزلۇقنى بەك ياقتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بىر سەۋر چېكى بولىدۇ. يالغۇزلۇققا مەھكۇم قىلىنغان

كىشىلەرمۇ، باشقا چاغلاردا نەزەر سېلىپمۇ قويمايدىغان جانلىقلار بىلەن دوست بولۇش ئېھتىياجىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇزئارا ماسلىشالمىغان كىشىلەردە روھنىڭ كۈچى بولغان ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان تەرەققىي تاپمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىنى ئىنسان قىلغان بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ بولۇش كېرەك. ئاكتىپ بولۇش ئۈچۈن بىر سەۋەپ لازىم. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ھەركەتلەندۈرگەن سەۋەپلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىنسانلىق كېلىدۇ. باشقا ئىنسانلار بىلەن ئورتاق بىر قىممەت قارشى ئاساسىدا قۇرۇلغان بىر مۇناسىۋەت ئىنساننىڭ كىشىلىكىنى راۋاج تاپقۇزىدۇ. ئەكسىچە بولغان مۇناسىۋەتلەردە، ئىنسانىنى قالاق ياكى قۇدۇرغان بىر جانلىققا ئوخشاش ئىمجان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ماسلىشالماسلىقنى ئۆز ئەخلاقىغا ئايلاندۇرغانلارنىڭ خاتالىقى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ئەمەس. ئۇلار داۋاملىق مۇھىت ئالماشتۇرىدۇ، ھېچكىمنى ياراتمايدۇ، ھەممە كىشنى ۋە نەرسىنى تەنقىتلەيدۇ، ئەيىپلەيدۇ. ھەممە نەرسىگە بىر قۇلۇپ سېلىپ ئېتىپ قويىدۇ، قۇسۇرنى ئۆزىدىن ئەمەس ھەمىشە ئەتراپىدىكىلەردىن ئىزدەيدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا، ئەتراپىدىكىلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۇيغۇنسىز قىلغان ئىللەتلەردىن ۋاز كېچىشنىڭ ئورنىغا ئەتراپىدىكى ئىنسانلاردىن ۋاز كېچىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ مەسىلىسى ئەتراپىدىكىلەردە ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلەن. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ رېئاللىقتا، ھەقىقەتكە بولغان چۈشەنچىسىدە مەسىلە بار.

ھەقىقەتكە بولغان ئىشق، ئىنساندا ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدىغان مىسلىسىز كۈچ. ھەقىقەتكە تالىپ بولغان، ھەقىقەت ئالدىدا بويۇن ئەگكەن، ھەقىقەتنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان ئىنسان، بۇنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەت ئىشقى ئىنسانغا ئىللەتلىرنى شەيتانغا تاشلاپ بېرىپ « ئال شەيتان، بۇنداق ئىللەت ساڭا خاس، ماڭا ياراشماس » دېيىشنى

ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ، شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ھەقىقىتى بولۇپ، ناچار خۇي ۋە ئىللەتلەرنى شەيتانغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن خالىي بولۇشتۇر.

ماسلىشالمىغان ئىنسانلار ھەمىشە شەخسى ھېساپ قىلىدۇ ( ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلايدۇ ). مەنپەئەتدىن قەتئىي ۋازكەچمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ داۋاسى شەخسى داۋادۇر. بىر يەرگە كەلسە مېھمان سۈپىتىدە داخىل بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇ يەرگە ساھىپ بولۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. قاتناشقان پائالىيەتلىرىدە، ئەگەر كۆڭلىگە ياقماي قالسا غېپپىدە تىكىۋېتىش ئۈچۈن، داۋاملىق بۇلۇڭ - پۇچقاق ياكى ئىشىك يېنىدا تۇرۇشنى خالايدۇ. شەخسي مەنپەئەتىنى ئوممۇنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدى - ئارقىغا قارىماي چىقىپ كېتىشىمۇ قېيىن بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. كىرگەنلا يەردە خۇددى دەرياغا قوشۇلغان بىرتامچە سۇدەك ئەمەس، سۇغا تامغان بىر تامچە يوتتەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## ئۇيۇمسىزلۇقنىڭ مەنىۋى زىيىنى

ئۇممەت دېگىنىمىز - ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆرنەك بولىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ئىنسانلاردۇر. ئۇممەتنى بىرلىك ئىچىدە تۇتقان نەرسە، دەل ئىسلامنىڭ ئۇلى بولغان تەۋھىد ( ئاللاھ نىڭ بىرلىكى )گە بولغان ئەقىدىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىپادىسى. ۋەھدەت ( بىرلىك - ئىتتىپاقلىق ) ئىمانىنىڭ ئاساس باش تېمىسى بولغان « بىرلىك »تۇر. بىر شەخسكە نىسبەتەن ئىسلام ئىمانىنىڭ ئاساسى بولغان تەۋھىد قانداق قىممەتكە ئىگە بولسا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋەھدەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىمۇ شۇ دەرىجىدە مۇھىم. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋەھدەتنى زۆرۈرۈ قىلغان ئامىل شەخسي، ئاممىۋىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى تەشكىلىي ئورگان قاتارلىقلارنىڭ تەقەززاسى ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھ نىڭ ئەمرى بولۇپ، بۇ يولدا بېسىلغان ھەر بىر قەدەم ئاللاھ قا قىلىنغان ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ.

ۋەھدەتنىڭ زىتى تەپرىقچىلىق. تەپرىقچىلىق ئىمان جامائىتىنىڭ پارچىلىنىشىدۇر. ۋەھدەت ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىلەن مۇسۇلمانلارغا پەرز، تەپرىقچىلىق ھارام بولۇپ، ئاللاھ ئۇچۇق قىلىپ چەكلىگەن بىر ئىشتۇر. بۇ نۇقتىدىن، تەپرىقچىلىق ماسلىشالماسلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئادەتتە پارچىلىنىش بىلەن خاتىملەنگەن ئىشلار بىردەك بولالماسلىق بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا، زىيانغا باشلاپ بارىدىغان يولنىڭ ئۆزىمۇ زىيانلىق بولىدۇ. يەنى، تەپرىقچىلىقنىڭ سەۋەبى بولغان بىردەك بولۇشمۇ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ماسلاشماسلىق بىلەن ئۆزگىچىلىك / خاسلىقنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. ماسلاشماسلىق سەلبىي، ئۆزگىچە بولۇش ئىجابىي بولىدۇ. ماسلاشماسلىق تۇغۇلۇشتىن بولمايدۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللىنىدۇ. ئۆزگىچىلىك يارىتىلىشتىن بولىدۇ. يارىتىلىشتىن بولغان ئۆزگىچىلىك زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىق؛ بىر خىل ناچار ئىللەت ئەمەس، ئالاھىدە بىر قىممەتتۇر. ئۆزگىچىلىكنى ماسلاشماسلىق دەپ مۇئامىلە قىلىش ماسلىشالماسلىقنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك زىيانلىقتۇر. ئۆزگىچىلىكنى بايلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ، خاسلىقنى ماسالاشماسلىق دەپ قاراشتۇر.

ئۆزگىچىلىكنى ساقلاپ قېلىش، شۇ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ مەزكۇر گەۋدە ئىچىدىكى ھەققى ( ئىنسان ۋۇجۇدىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ ). ئۇيۇم ( ماسلىشىش )نى مۇھاپىزەت قىلىش، شۇ پارچىلار مەنسۇپ بولغان مەزكۇر گەۋدىنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ئەگەر پارچىلار ۋە گەۋدە ئۆزىنىڭ ھەققى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلىپ ئۇنىڭغا رىئايە قىلسا، ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىدۇ، يەنى خاسلىقلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى... ئۆزگىچىلىكنىڭ ئۇيۇمى نۇقتىسىدا نۇرغۇن مىساللارنى بىلىمىز، ھەر باغچىلار بۇنىڭ ئەڭ جانلىق بىر ئۆرنىكىدۇر. دەل - دەرەخ ۋە گۈل - چېچەكلەر ھەر خىل ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ بىر باغچا بولۇشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئوركىستىرادا

بىر - بىردىن پەرقلىق چالغۇلار بار، بۇ ئوركېستىر ئۈچۈن سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئامىل ئەمەس. ئەكسىچە، ھەر چالغۇ ئۆزىنىڭ رولى ۋە ۋاقتىنى توغرا تاپسا، ئۆلمەس سىمفونىيە مەيدانغا كېلىدۇ.

ۋەھدەتنىڭ سەۋەبى قېرىنداشلىق. قېرىنداشلىق بولمىسا ۋەھدەتمۇ بولمايدۇ. « مۆئمىنلەر بىر بىرى بىلەن قېرىنداشتۇر »، بۇ بىر قۇرئانى پرىنسىپ. دېمەك، بۇ خىل قېرىنداشلىق بىزنىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىمىزدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن بىزگە يۈكلەنگەن. ئىسلام قېرىنداشلىقى « مەن » دېگەن مەنىدىكى « ئەنە » كەلىمەسىنىڭ ئورنىغا، « بىز » دېگەن مەنىدىكى « نەھنۇ » نى ئالماشتۇرۇش بىلەنلا ھەل بولمايدۇ. يەر يۈزىنىڭ خەلپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسان، قېرىنداشلىرىغا ساھىپ چىقىش ئۈچۈن، دۇنيا جامائەتچىلىگى ئانا ( ئۈممەت ) بولۇش مەسئۇلىيىتى زىممىسىگە يۈكلەنگەن. ئەكسىچە بولغاندا، « بىز » تونى كېيگۈزۈلگەن شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ، خالاس. بۇ ئەھۋالدا ئىخلاس ۋە سەممىيەتكە ئورنىنى قۇرۇپ شۇئارلار ئالىدۇ.

## كېلىشەلمەسلىك ئىللىتى سەممىيەتسىزلىكتۇر

كىشى باشقا بىرسىنىڭ سەممىيىتىنى تولۇق ئۆلچىيەلمەيدۇ. بۇنى قىلىش ئۈچۈن قەلبلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىشى لازىم. بۇ ئىنسان قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. بۇنداق قىلىش پەقەت ئاللاھ قا خاس. كىشى پەقەت ياخشى گۇمان قىلىدۇ. چۈنكى، يامان گۇمان ۋابالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسان ياخشى گۇمان سەۋەپلىك خاتالاشقان بولسا، جاۋاپكارلىققا تارتىلمايدۇ. لېكىن، يامان گۇمان قىلىپ خاتالاشقان بولسا، جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ.

كىشى ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى دەڭسەپ باقالايدۇ. ئۆز نىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، جاۋاپ تاپالايدۇ. بۇنى قىلماقچى بولغانلار، تۆۋەندىكى ئۆلچەملەر ئاساسىدا ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشى كېرەك:

1. ياخشىلىقنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كۆرۈلۈپ - كۆرۈلمەسلىكىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئوخشاش دەرىجىدە بولۇشى.

2. ياخشىلىقى سەۋەپلىك باشقىلار تەرىپىدىن ماختىلىش بىلەن مەسخىرە قىلىنىشىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە بولۇشى.

3. ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى بۇ دۇنيادا كۆرۈپ - كۆرمەسلىكىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە بولۇشى.

4. ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئاخىرەتتە كۆرۈشىنىڭ ئۆزگە كۈپايە بولۇشى.

بۇ تۆتىنجىسى ياخشىلارنىڭ سەمىمىيتى بولۇپ، ئاللاھ قا يېقىن بولغانلار ئۈچۈن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ - كۆرمەسلىك ئارىسىدا پەرق يوق.

نېمە ئۈچۈن بىر مەسىلىدە بىردەك قاراشقا كېلىشتە دۇنيا ئەھلى دىن ئەھلىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؟ ھالبۇكى، ئىختىلاپ قىلماستىن بىرلىككە كېلىش دىن ئەھلىگە، ئىختىلاپ دۇنيا ئەھلىگە يارىشىدۇ.

1. دۇنيا ئەھلى قىلغان بارلىق ئىش - ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى دۇنيادا كۈتىدۇ ياكى ئالىدۇ. دىن ئەھلى ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا، ئۆزئارا نىزالىشىدۇ. بۇ بىر كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭ شىپاسى سەمىمىيەت.

2. دۇنيا ئەھلى ئىمان كۈچىدىن مەھرۇم بولغانلىقى، نەتىجىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئۇتۇققا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنلىكى ۋە تەك دۇنيالىق بولۇشتىن، بۇ دۇنياغىلا ئائىت بولۇپ كۆرۈنۈشكە ۋە كۆرستىشنى ئاساسىي نىشان قىلغانلىقتىن، ياردەمچى كۈچ ئىزدەيدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن قورقىدۇ. بۇ ئۇلارنى مەسىلىلەردە ئاسانلا بىرلىك ھاسىل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشكە ھېرىسمەن بولىدۇ ۋە ئاسانلا بىر ھەمكارلىق ھاسىل قىلالايدۇ. دىن ئەھلى ئىمان كۈچىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەمكارلىق يولى ئىزدەشكە ئانچە ئۇرۇنۇپ كەتمەيدۇ، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇ ئۇلارنى ئاجىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئىختىلاپ تەپرىقىغە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ چارىسى سەمىمي بولۇش.

3. دىن ئەھلىنىڭ ئاخىرەت بەخت - سائادىتىگە بولغان ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكى بولىشى بىلەن، دۇنيا ئەھلىنىڭ دۇنيادىكى راھەت - پاراغەتكە بولغان تەلپىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. دىن ئەھلىنىڭ ئاخىرەت سائادىتىگە بولغان ئىشقى، دۇنيا ئەھلىنىڭ دۇنيا سائادىتىگە بولغان ئىشقىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق. دىن ئەھلىنىڭ ئاخىرەت سائادىتى ھەققىدىكى بۇ يۇقىرى تەلپى، ئەگەر سەمىمىيەت بىلەن تەربىيلەنمىسە، بۇ ئىشق ئۇنى ساۋاپ ئوۋچىسىغا، ياخشىلىقنى قىزغىنىشقا، ھەسەتكە ۋە بارغانسىرى پاساتقا ئايلىنىدۇ. « شۇ كىتاپنى نىمە ئۈچۈن ئۇ يازدى، مەن يازمىدىم؟ شۇ ياخشى ئىشنى نىمە ئۈچۈن ئۇ قىلدى، مەن قىلمىدىم؟ بۇ خىزمەتنى نىمە ئۈچۈن ئۇ قىلىدۇ، مەن قىلمايمەن؟ نىمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلمەيدۇ؟ » دىگەندەك كۆرنىشى ھەقتىن، لېكىن شەيتانى بولغان بىر ھەسەت پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ شىپاسى سەمىمي بولۇش.

4. دۇنيا ئەھلى پەقەت بۇ دۇنيانىلا ئويلايدۇ. دۇنيادا ئايرىلىپ قالىدىغان نەرسىلەر يەنە قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولغان نەرسىلەردۇر. دىن ئەھلى ئىككى دۇنيالىق بولۇپ، ئاساسلىق ھالدا ئاخىرەتكە مەبلەغ سالىدۇ. دۇنيا ئاسان، ئاخىرەت قىيىن. دۇنيا ئەھلىنىڭ دۇنيادىكى ھەمكارلىقى ئاسان ئۈستىدىكى تەقسىمات ھەققىدە بولۇپ، ئاساننى بۆلۈشۈش ئوڭاي بولىدۇ. دىن ئەھلىنىڭ ئاخىرەت نىمەتلىرىنى بۆلۈشۈشى، ئېرىشىش قىيىن بولغان ئۈستىدىكى تەقسىمات بولۇپ، تەسلىكتە قولغا كېلىدىغان نەرسىنى بۆلۈشۈشمۇ تەس بولىدۇ. بۇ بىر ئىخلاسسىزلىق كېسىلى بولۇپ، داۋاسى سەمىمي بولۇش.

5. دىن ئەھلى نۇرغا تالىپ بولغۇچىلار بولۇپ، نۇرنىڭ مەنبەسى بىر. بۇ تەلەپتە چېكىدىن ئاشقان دىن ئەھلى، نۇرغا پۈتۈنلەي ئىگە بولۇشتەك ماھىيىتىدە ياخشىلىق بولغان قورقۇنچ بىر خاتاغا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. دۇنيا ئەھلى نۇرغا تالىپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەققىگە زۇلمەت لايىق بولىدۇ. زۇلمەتكە تالىپ بولغۇچىلار، تەلەپ قىلغان زۇلمەتتە بېخىللىق

ۋە قىزغانچۇقلۇق تۇيغۇسى ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى، زۇلۇم بىر ئەمەس، سانى كۆپ. ھەر بىرى بىر زۇلۇمغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، زۇلۇم يەنە ئېشىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن دىن ئەھلى، دۇنيا ئەھلىگە نىسبەتەن كۆپ ئىختىلاپخور بولۇپ كۆرۈنىدۇ. دىن ئەھلىنىڭ نۇرغا تالىپ بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىختىلاپى بىر كېسەللىك بولۇپ، سەۋەبى سەممىيەت گادايلىقىدۇر. بۇنىڭ دەرمانى سەممىي بولۇش.

بۇ بەش ماددىدا چۈشەندۈرۈلگەن خۇسۇسلار سەۋەپلىك دىن ئەھلى سەممىيەتسىز مۇئامىلە قىلسا، كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۇنيا ئەھلى غەلىبە قىلىدۇ، دىن ئەھلى مەغلۇپ بولىدۇ. دۇنيا ئەھلى بىر گەۋدە شەكلىدە كۆرۈنسە، دىن ئەھلى مىڭ پارچە ھالىتىدە كۆرۈنىدۇ. دۇنيا ئەھلى ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىق ھاسىل قىلىدۇ، دىن ئەھلى تەپرىقىچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ.

قىزىقىش سەممىيەتسىز بولغاندا، رىقابەتكە، رىقابەت ھەسەتكە، ھەسەت نەپرەتكە، نەپرەت ئىنتىقامغا، ئىنتىقام جىنايەتكە سەۋەپ بولىدۇ. جىنايەت بىلەن نەتىجىلەنگەن بۇ جەرياننىڭ ئۇلىدا « سەممىيەت گادايلىقى » ياتىدۇ. دېمەك، سەممىيەت بولمىغان يەردە، جىنايەتنىڭ بولىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

سەممىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس ئىككى شەرتى بار:

1. قىلغان ياخشىلىقنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تىن كۈتۈش.

2. زەپەر مەركەزلىك ئەمەس، سەپەر مەركەزلىك؛ نەتىجە ئاساس قىلىنغان ئەمەس، ئەجىر ئاساس قىلىنغان ھالدا خىزمەت قىلىش.

## سەممىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى

1. رىيا - نەپسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈش ۋە كۆز - كۆز قىلىش ئارزۇسىدىن پەيدا بولىدۇ. كۆزگە كۆرۈنۈش، كۈنىمىزنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان ۋە ئەڭ

خەتەرلىك بولغان كېسلى. بۇ ئىللەتكە مۇپتىلا بولغۇچىنىڭ ساقايغانلىقى كۆرۈلمىگەن. چۈنكى، كۆز ـ كۆز قىلىش ئىللتى، بولۇش ( بىر ئىشنى ئۆز ئۇستىگە ئالغۇچى ) غەيرىتىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەكتە. بولۇش ياكى كۆرۈنۈش، كۆپىنچە ۋاقىتتا قارمۇ ـ قارشى قۇتۇپلاردا يەر ئالىدۇ. بولۇش ھەقىقىي بىر ئىرادىنىڭ، كۆرۈنۈش ساختا ئىرادىنىڭ نامايەندىسى. كۆرۈنۈشنى بولۇشنىڭ ئالدىغا قويۇش، ساختىنى راستىنىڭ، نىفاقنى سەمىمىيەتنىڭ، زەپەرنى سەپەرنىڭ، غەنىمەتنى غەيرەتنىڭ، نەتىجىنى ئەمگەكنىڭ ئالدىغا قويغانلىق بولىدۇ. رىيا كېسلىنىڭ ئەقىدىگە تۇتىشىدىغان ئارقا پەردىسىدە، ئاللاھ نىڭ سەمى، بەسىر، ئالىم ۋە خەبىر بولىشىدىن تۇيۇلغان شۈبھە ياتىدۇ. نەپسىنىڭ كۆرۈنۈش ۋە كۆرسىتىش ئارزۇسىنىڭ بەدىلى، ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشى بولۇپ، فۇدايىل ب. ئىياز « ئىنسانلار ئۈچۈن ئەمەلنى تەرك قىلىش رىيا، ئىنسانلار كۆرسۇن دەپ ئەمەل قىلىش شېرىك بولىدۇ » دەيدۇ.

2. نىفاق. ئىخلاس ئۆزىنى ئاللاھ قا ئىسپاتلاش، نىفاق ئۆزىنى ئىنسانلارغا ئىسپاتلاشتۇر. نىفاق بىر ئىمان مەسىلىسى بولۇشتىن زىيادە، بىر ئىمان ئەخلاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يەنى، مۇناپىقلار ئىمان ئەخلاقىدىن يوقسۇن بولغانلىقتىن، ئۇلار مەيلى ئىماندا بولسۇن، مەيلى ئىنكاردا بولسۇن سەمىمىي ئەمەس. ھەر مۇناپىق ئىمان ۋە سەمىمىيەتكە ھەسەت قىلىدۇ. مۇئمىن ئىخلاس لىباسى بىلەن ئۆزىنى قوغدايدۇ. ئەگەر مۇئمىن ئىخلاس لىباسى ئارقىلىق ئۆزىنى نىفاقتىن مۇھاپىزەت قىلالىسا، ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ شەررىدىن مۇئمىننى قوغدايدۇ.

3. شۆھرەت ھېرىسمەنلىكى. شۆھرەت ئاپەت بولۇپ، شۆھرەتنىڭ ئاپىتى ئىككى يۆنىلىشلىك بولىدۇ. بىرىنچىسى، شۆھرەتنىڭ پېشىدىن ماڭغان شۆھرەت ھېرىسمىنى ئۈچۈن ئۇ ئاپەت بولىدۇ. چۈنكى، شۆھرەتنىڭ پېشىدىن ماڭغانلار، ئاپەتنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر. ئۇلار شۆھرەتنى تاپقاندا، بالاسىنى تاپقان بولىدۇ. ئىككىنچىسى، مەشھۇرلارنىڭ پېشىدىن مېڭىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئاپەت. پەقەت شۆھرەت بولغانلىقى ئۈچۈن داڭدارلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش، بالانىڭ

پىشىدىن ماڭغان ئاپەتكە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا تېپىشتىمۇ، ئاپەت ئاپەتنى تاپقان بولىدۇ. ئىككى ئاپەتنىڭ كۆپەيتمىسىدىن نېمە نەتىجە چىقسا، بۇ ئۇچرىشىشتىنمۇ شۇنداق نەتىجە چىقىدۇ. شۆھرەتكە قارشى ئۇرۇلىدىغان ۋاكسىنا ئىخلاستۇر.

## ئۇيۇمسىزلىقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان زىيانلىرى

ئۇرۇشلار تانكا ۋە ئايروپىلان بىلەن ئەمەس، ئات ۋە قىلىچ بىلەن قىلىنىدىغان زامانلاردىن كەلگەن بىر سۆز بار : بىر تانە مىخ بىر نالىنى، بىر نال بىر ئاتنى، بىر ئات بىر قوماندانىنى، بىر قوماندان بولسا بىر دۆلەتنى، بىر دۆلەت بىر ئۈممەتنى قۇتقۇزالايدۇ! شۇڭا، تارىختا ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلماي، ئاتنىڭ نالىسىغا بىر تال مىخنى كەم قاققانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغانلارنىڭ ھېكايىلىرى نۇرغۇن.

بىر مىخنىڭ نېمە كارايىتى دېگۈچىلەرگە تۆۋەندىكى مەسەلىنى ئېيتىپ بېرىش لازىم:

شەيتان ناھايىتى ئالدىراشچىلىق بىلەن بىر كۈننى كەچ قىلىپ، ھېرىپ - چارچىغان ھالدا خىزمىتىنى تۈگىتىپتۇ. شەيتانلىق مۇشۇنداق ئالدىراشچىلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شەيتان بۈگۈننىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا « يەنە بىر شەيتانلىق قىلمايمۇ؟ » دەپتۇ ۋە بىر قوتانغا كىرىپ قارىسا، بىر كېلىن يىڭى موزايلىغان بىر ئىنەكنى سېغىۋاتقانىكەن. ئېرەنگەن ھالدا، « شۇ موزايچاقنىڭ بويىندىكى ئارقاننى بىر ئاز بوشىتىپ قويسام قانداق بولار؟ » دەپتۇ ۋە ئارقاننى يېشىۋېتىپتۇ. ئارقاندىن بوشانغان موزاي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنى ئېمىشكە باشلاپتۇ. بۇ ئارىلىقتا كېلىن ساغقان چېلەك ئۆرۈلۈپ، سۈت تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. كېلىن كەچتە بالىسىنىڭ سۈتسىز قالىدىغانلىقىغىمۇ ياكى قىلغان ئەمگىكىنىڭ بىكار بولۇپ كەتكىنىگىمۇ ئەيتاۋۇر ئاچچىقى بىلەن موزايىنى بىرنى تېپىپتۇ. يېڭى تۇغۇلغان موزاي شۇ يەردە ئۆلۈپتۇ. موزىيىنىڭ ئۆلگىنىنى

بىلگەن ئىنەك ئانلىق تۈيغۇسدا بۇ كېلىنىنىڭ جان يېرىگە بىرنى تېپىپتۇ، كېلىنىمۇ تۇگۇلۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئائىلىنىڭ باشلىقى كېلىپ كۆز ئالدىدىكى پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاچچىقىدا تامدىن يەل مىلتىقنى ئېلىپ ئىنەكنى ئېتىپ تاشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنەكمۇ يەرگە يىقىلىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ يەردىكى شەيتاننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا « بۇ پاجىئەلەر سېنىڭ قولۇڭدىن چىقتى شۇنداق ئەمەسمۇ؟ » دەپ سوراپتۇ. شەيتان قەسەم قىلىپ « ياق، مېنىڭ ھېچ گۇناھىم يوق، مەن پەقەت موزاينىڭ بوينىدىكى ئارقاننى بىر ئاز بوشىتىپ قويدۇم » دەپتۇ.

بەزى چاغلاردا بىر كىشىنىڭ ماسلاشماسلىقى خۇددى بۇ ھېكايىدىكى « موزاينىڭ ئارغامچىسىنى بوشىتىش »قا ئوخشايدۇ. بۇ بىر قاتار زەنجىرسىمان زىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئەكسىچە ھالدا يەنە ئوخشاش بولىدۇ، يەنى ئۇيۇمچانلىق ئۇچۇن بېسىلغان بىر كىچىك قەدەممۇ بەزىدە « كېپىنەك ھادىسىسى » گە ئوخشاش زەنجىرسىمان رېئاكسىيىگە سەۋەپچى بولىدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىنى يالماپ يوق قىلىش ئۇچۇن كەلگەن قارا قۇيۇننىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇڭا، « بىر كېپىنەكنىڭ قانات قېقىشى بىلەن نېمە ئىش ھەل بولىدۇ؟! » دېمەسلىك كېرەك. بىر گۈلنىڭ ئېچىلىشى بىلەن باھار كەلمەيدۇ. لېكىن، ھەر باھاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر گۈل بولىدۇ.

## قانداق قىلغاندا ئۇيۇمچان بولغىلى بولىدۇ؟

كەمتەر بولۇش لازىم. كەمتەر بولۇش ئۇيۇمچانلىقنىڭ سۇغۇرتىسى. كىچىك پېئىل بولۇش ئادەمنى غەلىبىگە باشلاپ بارىدۇ. قىممەتلىك بىر ئىنسان كەمتەرلىكى تۈپەيلى ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. ھەم ئەزەلدىن بۇنداق بولمىغان بولۇپ، كەمتەرلىك ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ كەلگەن. ھەدىس ئىلكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ سۆز ھەقىقەتكە

ئۇيغۇن: « كىم كەمتەر بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، كىم تەكەببۇرلۇق قىلسا ئاللاھ ئۇنى خار قىلىدۇ ».

كىمنىڭ يازغانلىقى ئېنىق بولمىغان تۆۋەندىكى بۇ مىسرالار، كەمتەرلىك يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان بىر ئېرپان ئىگىسىنىڭ ئەسىرى بولسا كېرەك: « ياتلار بۇغداي، مەن سامان؛ ياتلار ياخشى مەن يامان ».

بەزى چاغلاردا بىلىپ - بىلمەي شەخسىيەتچىلىك خاھىشى ئالدىغا ئۆتىۋالىدۇ. مانا بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىنسانغا ئىمان ئەمەس، شەخسىيەتچىلىكى ئىمام بولىدۇ. شەخسىيەتچىلىك ئىمام بولسا، ئوقۇغان نامازلىرىمىزدىن نېمە ياخشىلىق يېتىدۇ بىزگە؟ شەخسىيەتچىلىك ئالدىغا چىقىۋالغان ۋاقىتلاردا « بىز » تۇيغۇسى ئارقا قاتاردا تۇرىدۇ. « بىز » ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى « مەن » ئالغاندا، ئۇيۇمچانلىقنىڭ ئورنىغا ئۇيۇمسىزلىق چىقىدۇ.

بىرەدەك بولىمىز دەپ ئەركىن پىكىر ۋە چۈشەنچىلەردىن ۋاز كەچمەسلىك لازىم. ھەر قانداق مەسىلىگە كەڭ دائىرىدە تۇرۇپ ئەتراپلىق قاراش كېرەك. ئەگەر بىر مەسىلىگە ھەممە كىشى ئوخشاش نۇقتىدىن قارىسا، بۇ يەردە كۆرۈنمەيدىغان بىر نۇقتا بولۇشى مۇمكىن. بۇ، ئۇ مەسىلىگە ھەممە كىشى ئوخشاش بىر نۇقتىدىن قارىغانلىقتىن، باشقا تەرەپتە تۇرۇپ قارىغاندا قانداق بولىدىغانلىقى ئۇلارغا نامەلۇم دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئوخشاش نۇقتىدا تۇرۇپ قارىغۇچىلارنى، شۇ نۇقتىنىڭ سىرتىدىكى تەرەپلەرنىڭ قارىغۇسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. لېكىن، پەرقلىق نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش تەپرىقىگە ئەمەس، ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. كۆز قاراشلاردا ئىختىلاپلار بولسا بولىدۇ. ئەمما، چوڭ نىشاندا ئىختىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

ھېرىپ قالغانلار ئارقىدىن كېلىۋاتقانلارغا يول بېرىشى كېرەك. ئىنسان ھارىدۇ، ھارغىنلىق پالاكەت ئەمەس. ئەسلى پالاكەت، ھېرىپ قالغانلارنىڭ يولدا يېتىۋېلىپ يولنى توسۇپ قويىشى بولۇپ، يول ماڭغان مۇددەتچە يول بولىدۇ. ئەگەر يول مەنزىلگە ئايلاندۇرۇلغان بولسا، بۇ

سەپەردىن ۋاز كەچتى دېگەنلىك بولىدۇ.

ماسلىشىش چوقۇم ئۆز ئارا ماسلاشقان بىر ھەمكارلىقنى ۋە ئىش تەقسىماتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى كېرەك. ئىش بار، ئەمما ھەمكارلىق ۋە ئىش تەقسىماتى بولمىسا، بۇ يەردە ھېچقانداق بىر ئىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. ھەمكارلىق، قەلبتىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ، بىرلىكنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىشى زۆرۈر بولماستىن، بەلكى ھەممە كىشىنىڭ ئوخشاش بىر نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ۋە تىرىشىشى زۆرۈر.

## 3. ئۈپۈق
## ئۈپۈق ساھىبى بولۇش مەۋجۇدى قىممەتتۇر

ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشتىكى « ئۈچ ۋ » فورمۇلاسىنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈيۈمچانلىقتىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئاملى ئۈپۈقتۇر.

گورىزونتال ياكى سىزىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۈپۈق، يىراقتىن قارىغان ۋاقىتتا ئاسمان بىلەن يەرنىڭ تۇتاشقان نۇقتىسىنى كۆرسىتىدۇ. كۆز نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا ئېيتىلغاندا « كۆز كۆرەلىگەن ئەڭ يىراق نۇقتىنى »، ئەقىل نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا ئېيتىلغاندا « ئەقىل ئىدراك قىلىپ يەتكەن ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا »نى ئىپادىلەيدۇ. بىز نەزەردە تۇتقان ئۈپۈق، ئەقىل نەزەردە تۇتۇلغان ئىككىنچى مەنىدە.

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىدراك ئۈپۈقى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى، ھەر ئادەمنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بىر كىشىنىڭ ئۆزىدە ئىدراك ئۈپۈقى تۆنۈگۈن ئارقىدا، بۈگۈن بىر ئاز ئالدىنقى ئورۇندا، ئەتە تېخىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا بولۇشى مۇمكىن. يەنى، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىدارك ئۈپۈقىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر قىلىنغان ھەر قابىلىيەتكە، ئاللاھ ئۇنىڭغا لايىق ئىقتىدارنى

بېرىدۇ. شۇڭا، ئەقلىنىڭ ئەقىل يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىشى ۋە بۇ قابىلىيەت جايىدا ئىشلىتىلىشى لازىم.

ئۇيۇقى بولمىغان بىر ئاكتىپ ياخشىنىڭ ئاكتىپلىقىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ. بۇ ئاكتىپلىقىنىڭ ياخشىلىق يارىتىشى ئۈچۈن، مەزكۇر شەخسنىڭ چوڭقۇر چۈشۈنۈش ۋە ھېس قىلىش ( توغرا مۆلچەرلەش ) ئۇيۇقىغا ئىگە بولىشى كېرەك. ئۇيۇقى بولمىغان ئاكتىپلىق ئىنسانغا تېزلىك بەخش ئېتىدۇ. لېكىن، بۇ سۈرئەت ئىنساننى ئاستىلاشتۇرىدۇ، بەزىدە توختىتىپ قويىدۇ. چۈنكى، تېزلىك ئالدىراڭغۇلۇقتۇر. ئالدىرىغان ئۆزىنىڭ پۈتىغا پۇتلىشىدۇ. سۈرئىتى تېز كىشى مەنزىلگە تېز ئۇلىشىدۇ. ئاكتىپلىق ئۇيۇق بىلەن بىرلەشسە، تېزلىكنىڭ ئورنىنى بىر خىل تەرتىپلىك ھەرىكەت ئالىدۇ. سۈرئەت - ئاجىزلىقلاردىن خالىي قىلىنغان تېزلىكنى كۆرسىتىدۇ. تېزلىكنىڭ ئاجىزلىق، كەمچىللىكتىن خالىي بولالمىغان ھالىتى ئالدىراڭغۇلۇق بولىدۇ.

ئۇيۇققا ئىگە بولۇشنىڭ مەۋجۇدىي قىممىتى، پەيتكە ( مەلۇم بىر ۋاقىتقا، مەلۇم بىر ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە - ھادىسىگە ) مەھكۇم بولۇپ - بولماسلىقتا گەۋدىنىلىدۇ. ئۇيۇقسىزلار پەيتنىڭ تۇزاقلىرىغا تىزلا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ تۇزاققا چۈشكۈچى ئۇ ۋاقىتنى مۇتلەقلەشتۈرىۋېتىدۇ. زامانىنى مۇتلەقلەشتۈرىۋەتكۈچى، ئۆزىنى شۇ پەيتنىڭ مەھبۇسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇ پەيت ئۇنىڭ تۈرمىسىدە بولىدۇ. ئۇ يەردىن ھەر قانچە قىلىپمۇ چىقالمايدۇ. مەيلى قانچىلىك باش قاتۇرسۇن، سۆزلىسۇن، بىر ئىش قىلسۇن، چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا، ئۇ پەيت ئۇنىڭ خالتا كوچىسىغا، تېگى يوق ھېڭىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ، بۇ ھاڭغا ئۆز رازىلىقى بىلەن ئاتلايدۇ ۋە بۇ يەردىن چىقالمايدۇ.

زامانغا مەھكۇم بولغانلار كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالمايدۇ. ئۆزگەرگەن مۇھىتلارغا ماسلىشالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يوقۇتۇپ قويغان. بۇ خىلدىكى ئادەملەر مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە قېيىنىلىپ قالىدۇ. « قولىدا

پەقەت بولىقىلا بولغانلارغا ھەممە مەسىلە مىختا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ ». بۇ سۆز مانا مۇشۇنداقلار ئۈچۈن ئېيتىلغان. بۇلار مەسىلىگە قاراپ ۋاستە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، قولىدىكى سايمانلارغا ماس كېلىدىغان مەسىلە ئىزدەيدۇ. ماس كەلمەسلىكتىن باشلانغان بۇ خىل بىر ۋاستىدە چېكىنىش تۇرىۋېلىش ئەھۋالى، ئالدىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىنىڭ كىرزىسقا ئايلىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ۋاقىتقا مەھكۇم بولغانلار ھەر مەسىلىنى كىرزىسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ مەسىلىلىرى ھېچ تۈگىمەيدۇ. ئەمىلىيەتتە، بارلىق بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇپۇقسىزلىق ياتماقتا.

ئۇپۇقسىزلىقنىڭ نەتىجىسىدىن بىرى بولغان زامانغا مەھكۇم بولۇپ قېلىش، كىشىنى تەپسىلاتلاردا بوغۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولماسلىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرنى ئەقلىدىن چىقارماسلىق لازىم:

مەھكۇم بولغان ئۇ ۋاقىت، ھاياتنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم، خالاس.

شەخسنىڭ ھاياتى، ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ ھاياتى ئىچىدە پەقەت بىر پارچە.

ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھاياتى، شۇ دەۋردىكى بارلىق ئىنسانلار ھاياتىنى تەشكىل قىلغۇچى بىر پارچە.

ئۆزىنى يېڭى دەۋر ئىنسانى دېگۈچىلەر ۋە بىر دەۋردىكى بارلىق ئىنسانلار ئىنسانلىق داستانى ئىچىدە بىر پارچىدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇق داستانى، ئۆمرى نەچچە مىليارد يىل بولغان كائىناتنىڭ ئالدىدا بىر پارچە.

كائىناتنىڭ ئۆمرى ئەلھەي بولغان ئاللاھ نىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولىدىغان چەكسىز باقى ھاياتىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر پارچىدۇر.

بۇ ھەقىقەتلەر قۇياشتەك ئېنىق تۇرسىمۇ، پارچىلار ئىچىدىكى كىچىك بىر پارچە بولغان، چىكىتچىلىكمۇ يەرگە ئىگە بولمىغان بىر

ۋاقىتقا مەھكۇم بولغانلارغا، ئۆتمۈشتە بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىگە چىڭ ئېسىلىۋالغانلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟

ئۇيۇقسىزلىقنىڭ نەتىجىسى بولغان ۋاقىتقا مەھكۇم بولۇپ قېلىش، مەزكۇر پەيتكە خاس بولغان ھەقىقەتلەرنى مەڭگۈلۈك دەپ قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ھالبۇكى، پەيت مەنسۇپ بولغان شۇ ۋاقىتنىڭ بىر پارچە رەسىمىدۇر. ھەرگىزمۇ شۇ پېتى قالمايدۇ، خالىق بولغان ئاللاھ « ھەر ۋاقىت يېڭىدىن يارىتىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تۇر »، كېلەچەكنى ياراتقۇچىمۇ يەنە ئاللاھ تۇر. ئۇ كېلەچەكنى ياراتقاندا، كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى، ئىش - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىدۇ. زامانغا مەھكۇم بولغان كىشى ئۆزىنى زامانغا مەھكۇم قىلىش بىلەن تەڭ، ئۆزىگە بەددۇئا قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر يۈرۈيدۇ.

## ھاياتنىڭ ئۇيۇقى ئاخىرەتتۇر

ئەي تالىپ! « ئۇيۇق ئەڭ نىگىزلىك ئىمان ئاساسلىرىدىن بىرى » دېسەم قانداق قارايسەن؟

ئۇيۇق ئەڭ يىراق مەنزىلنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇيۇق ساھىبى بولۇشنى « يىراقنى كۆرۈش » دەيمىز. ئۇنداقتا، ھەي تالىپ! « بىر مۇئمىن ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئۇيۇقى نېمە؟ » دەپ سورىسام نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسەن؟

ھاياتنىڭ ئۇيۇقى ئاخىرەتتۇر.

ئەڭ بۈيۈك ئۇيۇق، ئاخىرەتكە ئىمان بولۇپ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش ئەڭ خەتەرلىك ئۇيۇقسىزلۇق. چۈنكى، ئاخىرەت ھايات سەپىرىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىنى داۋا قىلغانلىق بىر دۇنيالىق بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. بىر دۇنيالىق بولۇش، ئىنسانىنىڭ شەرىپىگە قارىتىلغان جىنايەتتۇر. چۈنكى، ئىنسان ھاياتىنىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىنلا ئىبارەت

ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىش، ئىنساننى قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن ئوخشاش كۆرگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئاخىرى ماتېرىيالىست پان ئىلاھىزىم ۋە ئەخلاق ئىنكارچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەزرىتى ئىنسانغا قىلىنغان بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يامانلىق بولمايدۇ.

ئاخىرەت مۆئمىنلەرنىڭ ئۈيۈقىدۇر. مۆئمىنىنىڭ ئۈيۈقىدىن ئاخىرەت چىقىرىپ تاشلانغاندا باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ. مۆئمىن قىلغان ھەر بىر ئىشىنىڭ جاۋاپكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. باسقان ھەر بىر قەدىمىنىمۇ ئويلىشىپ باسىدۇ. ئۇلار بۇ جاھانغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شاھىت بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

بارلىق ۋەھيىلەر مۇھاتاپلىرىنى ئاخىرەت ئۈيۈقىغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە ھېسابىنى بېرەلىگىدەك بىر ھايات ياشاشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، « بىر ھېساپ كۈنى » بار. بىر مۆئمىن سۈرە فاتىھەنى ھەر قېتىم ئوقۇغان ۋاقتىدا، ئاللاھ نىڭ « ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىگىسى » ئىكەنلىكىنى دائىم ئىقرار بولىدۇ. قۇرئان ۋە ۋەھيىنىڭ مەركىزىدە، بىز ئويلىغىنىمىزدەك ئاللاھ نىڭ بارلىقىغا ئىسپات ئەمەس، بەلكى، ئاخىرەتنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىغا ئىسپات ئورۇن ئالغان. قۇرئاندا قايسى تېمىدا سۆز قىلىنغان بولسا، ئاخىرىدا يەنە ئاخىرەتكە كېلىپ توختايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، مۇھاتابىدا ئاخىرەت ئۈيۈقىنى شەكىللەندۈرۈش.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈيۈقى ئاخىرەت بولۇپ، قىلغان ۋەز - نەسھەتلىرىنىڭ مەقستى، ئىنسانلارنى ئاخىرەتكە ئۇلاشقان بىر ھايات ئۈيۈقىغا ئىگە قىلىش. ۋەھيىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. « كىم ئاللاھ نىڭ ۋەھيىلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار ( خاتىرجەمسىز ) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز » ( 20:124 ) ئايىتىدە بۇ ھەقىقەت بايان قىلىنغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تىرىشچانلىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، ئىنسانلارنى بۇ ئۈيۈققا ئىگە قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ « جاۋاپكارلىققا تارتىلىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلاردىن ھېساپ ئېلىڭلار » دېگەن ئاگاھلاندۇرىشى، بۇنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

## پەيغەمبەرنىڭ ئۇيۇقىدا ئاخىرەت بار

ھىرا تېغىغا قاراپ ماڭغان ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد ئالدى بىلەن « ئەمىن » بولغان ئىدى. ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن ئىنسان قېرىنداشلىرىغا زىيان كەلمەيتتى. بۇ ئاساستا ئۇ « ئىقرا » ئۇيۇقىغا يۈكسەلدى. بۇ ئۇيۇقتا ئۇ يالغۇز بۇ دۇنيالىق بولۇشتىن ھالقىپ، ئاۋۋال ئىككى دۇنيالىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئاخىرەت ئالەمىنىڭ ئىنسانى بولدى.

ئاخىرەت رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات ئۇيۇقىنى ئوراپ تۇرغان بىر ھەقىقەت ئىدى. ئۇ ئاخىرەت ئۇيۇقىغا ئىگە بولۇشقا شۇنداق ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا بەئەينى ئاخىرەتكە تەۋە بىرسىدەك ياشىغان ئىدى. گەپ قىلغاندىمۇ بۇ دۇنيالىقتەك ئەمەس، ئاخىرەتلىك بىرسىدەك گەپ قىلاتتى. بۇ دۇنيادىكى شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ، خۇددى ئۇ دۇنيالىق بىر ئىنساننىڭكىگە ئوخشايتتى. بۇنى « بۇ دۇنيادىن ماڭا پەقەت ئۈچ نەرسىنى ياخشى كۆرگۈزۈلدى... » دېگەن سۆزلىرىدىن؛ يەنە « دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئالدىمىغا قويۇلدى، مەن ئاخىرەتنى تاللىدىم » دېگەن سۆزىدىن كۆرىمىز. بۇنى ئاخىرقى نەپسىنى بېرىۋاتقاندا سۆيۈنۈش ئىچىدە « مۇبارەك دوستلارنىڭ يېنىغا » دېگەن سۆزلىرىدىن بىلىۋالالايمىز.

ياسىر ئائىلىسى، مەككىدە پەقەت شېرىك كەلتۈرۈشنى رەت قىلىپ، تەۋھىدكە ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان ئىدى. ئۇلار يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا چوغدەك قىزىغان چۆل قۇملىرى ۋە تاشلىرى بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان بولۇپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازاپلىنىيتتى. ھەر قېتىملىق قىيىن - قىستاق ئاخىرلاشقاندا، ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارغا « سىلەرنى قۇتقۇزۇشنى پىلانلاۋاتىمەن » دېمەستىن، بەلكى « سەۋر قىلىڭلار ياسىر ئائىلىسى! جەننەتتە جەم بولىسىلەر » دەيتتى. بۇ نەبەۋىي بىر تەربىيە ئىدى. ئۇلارغا كۆرسىتىلگەن مەنزىل بۇ دۇنيا بولماستىن، ئاخىرەت ئۇيۇقى ئىدى.

قىزى پاتىمەنىڭ قوللىرى يارغۇنچاق چۆرگىلىتىپ بولالماي قاپىرىپ سۇ ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەلى خەيبەردە ئېلىنغان غەنىمەتلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، « دەل پەيتى، داداڭغا بېرىپ ئېيتقىن، بەلكىم، ساڭا بىرەر ياردەمچى بېرىپ قالار » دېگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزگە قاپىرىپ سۇ ئۆرلەپ كەتكەن قوللىرىنى كۆرسىتىپ تەلپىنى ئېيتقاندا، يۈرەك پارىسى قىزىغا « مەن ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ خەيرلىك نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ » دېدى ۋە ئۇنىڭغا ھەركۈنى « سۇبھان ئاللا » دەپ تەۋھىد ئېيتىشنى ھەمىشە تىرىك تۇتۇشنى، « ئەلھەمدۇلىللاھ » دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇرۇشنى؛ « ئاللاھۇ ئەكبەر » دېيىش ئارقىلىق پەيتىكە مەھكۇم بولۇشتىن قۇتقۇزىدىغان ئاللاھ ئېيتىشنى تىرىك تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. بۇ ئارقىلىق قىزىنىڭ دۇنيالىق ئىستەكلىرىنى چىرايلىق رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئالىي بىر ئۈيۈقنى كۆرسەتكەن ئىدى.

تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئۈيۈقىدا ئاخىرەت بار ئىدى. مەدىنەدە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئۈيۈقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نەقىل قىلايلى:

ئەنساردىن بىرىنىڭ خورمىسى يېتىمغا ئاتىدارچىلىق قىلغان بىر يوقسۇل قوشنىسىنىڭ بېغىغا ساڭگىلاپتۇ. تۆكۈلگەن خورمىلارنى قوشنىسىنىڭ بالىسى يەپتۇ. بىر كۈنى بۇ باغنىڭ ئىگىسى غەزەپلەنگەن ھالدا كېلىپ، يىغىلغان خورمىلارنى تارتىۋالىدۇ ۋە بۇ بالىلارنى ئۇرىدۇ. بۇ ۋەقە پەيغەمبىرىمىزگە يېتىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى باغ ئىگىسىنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بېغىدىكى بۇ خورما دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ۋەخپە قىلسا، ئاخىرەتتە ئاللاھ نىڭ ئۇنىڭغا بىر باغچا بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ دۇنيالىقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئادەم بۇ پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ئۇھۇد غازىسى سابىت ب. داھداھ ئەل- بەلەۋى بۇلاقتەك ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن كېلىپ،

رەسۇلۇللاھقا: « مەن شۇنداق قىلسام. ماڭىمۇ دۇئا قىلىپ قويامسىز؟ » دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ ئۇيۇقىدا ئاخىرەت بار ئىدى. ئۇ كىشى مەدىنىدىكى ئەڭ قىممەتلىك خورمازارلىقىدىن بىر بولغان خورما بېغىنى ۋەخپە قىلىۋېتىدۇ.

## ئۇيۇق بىر خىل ئامىمۋى قىممەت

ئۇيۇقى بولغان كىشىلەر ئۇيۇقى بولمىغانلاردىن تاللىنىپ ئايرىلىپ چىقىدۇ.

ئۇيۇقى بولغان كىشىلەر بېشىغا كەلگەن ماددىي كېلىشمەسلىكلەرنى مەنىۋىي شەكىلدىكى پۇرسەت دەپ بىلىدۇ. دۇنياۋىي مۇسىبەتلەردىن جەننەتنىڭ پۇرىقىدەك خۇش پۇراقلارنى ھىدلىيالايدۇ. ۋۇجۇدىدىكى كېسەللىكنى روھى شىپاغا ئايلاندۇرالايدۇ. ئىقتىسادىي كىرزىسنىمۇ مەنىۋىي پۇرسەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار، باشقىلار ئاجىز كۆرۈپ يىراقلاشقان كىشىلەرنى، ياراملىق قىلىپ چىققىلى بولىدىغان كىشىلەر دەپ قارايدۇ.

ئۇيۇقى بولمىغانلار بېشىغا كەلگەن ماددىي كېلىشمەسلىكلەرنى مەنىۋىي شەكىلدىكى پۇرسەت دەپ قارىيالمايدۇ. بۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالدىغا كەلگەن تەييار پۇرسەتلەرنىمۇ مۇسىبەت دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق چۈشەنگەچكە، پۇرسەتلەر مۇسىبەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇسىبەتلەردىن كېيىن ئىگە بولىدىغان ياخشىلىقنى ئويلىمايدۇ. ئەكسىچە، ئاخىرەتلىك ياخشى ئىشلارنى دۇنيالىق مۇسىبەتكە يەم قىلىدۇ. ۋۇجۇدىدىكى كېسەللىكنى روھى شىپاغا ئايلاندۇرالمايدۇ. ئۇ ۋۇجۇد كېمىسىنىڭ رولىنى روھىغا تۇتقۇزماستىن بەدىنىگە تۇتقۇزۇپ، روھىغا كېمىدىكى خىزمەتكاردەك مۇئامىلە قىلىدۇ. نەتىجىدە بەدىنىدىكى كېسەلنى روھىغا يۇقتۇرىدۇ. ئىقتىسادىي كىرزىسنى مەنىۋىي پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئورنىغا، كىرزىسنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مەنىۋىي

كىرزىسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. « كىم ئاللاھ قا تەقۋادار بولسا ئاللاھ بۇ بەندىسى ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچ ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ » ( تەلاق، 3-2 ) ئايەتتە بىشارەت بېرىلگەن ھەقىقەتنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇيۇقى بولغان ئاممۋىي تەشكىلاتلار ( جەمئىيەت، ۋەقىپ ) ئۇيۇقسىز ئاممۋىي تەشكىلاتلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيۇقى بولغان ئاممۋى تەشكىلاتلار، ئۇيۇقسىز ئاممۋىي تەشكىلاتلارغا قارىغاندا، ياخشىلىق ھەرىكىتىدە ھەمىشە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى دوستنى ھەقىقىي مەنىدە دۈشمەندىن ئايرىپ چىققان ھەقىقى بىر « بىز ئىدراكى »دۇر. بۇ ئىدراك دوستنى بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۆز ئىچىدە تالاش - تارتىشقا چۈشكەنلەر قانداقمۇ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلالىسۇن؟! دۈشمەننى ئېنىق ئايرىيالىغان ئۆز ئىچىدە تالاشمايدۇ. بۇ ئۇيۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بەگلىكلەر ئىچىدە ناھايىتى كىچىك بىر بەگلىك بولغان ئوسمانلى بەگلىكىنىڭ ئىمپېرىيە بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سىر مانا بۇ يەردە. ھەممە بەگلىك قوشنا بەگلىكنى يوق قىلىشنى نىشان قىلغاندا، ئوسمانلى بەگلىكى ئۆزىنىڭ كىچىك بولىشىغا قارىماي بىر نىشاننى مەقسەت قىلغان ئىدى: بىزانس ( شەرقى رىم ئىمپېرىيىسى )... ئۆزىدىن 250 ھەسسە كۆپ ئەسكىرى كۈچكە ئىگە بولغان قارامان ئوغۇللىرى ئاخىرى تارىخقا بەتلىرىگە كۆمۈلگەندە، ئۇنىڭدىن 250 ھەسسە كىچىك بولغان ئوسمان ئوغۇللىرى 600 يىل جاھان سورىغان بۈيۈك بىر ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

ئۇيۇقى بولغان ئاممۋىي تەشكىلاتلار ئىنسانلارنىڭ ئۇيۇقىدا دائىم ئۇيۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. باشقا ئاممۋىي تەشكىلاتلار ئۇيۇققا نەزەر تاشلىغاندا ئەڭ باشتا ئۇلارنى كۆرىدۇ. ئۈممەت بولۇش ئەسلىدە ئىنسانلارغا ئۇيۇق بولۇشتۇر. چۈنكى، ئۈممەت بولۇش ئىنسانلارغا « ئۆرنەك ئىجتىمائىي جەمئىيەت » بولۇش دېگەنلىكتۇر.

## ئۇپۇقسىزلىقنىڭ مەۋجۇدىي زىيانلىرى

ئۇپۇقسىزلار زامانغا مەھكۇم بولغانلاردۇر. زامانغا مەھكۇم بولغانلار تەپسىلاتلار قايىنىمىدا بوغۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار نە دەريالاردىن نە دېڭىزلاردىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. ھالقىپ ئۆتەلىگەن تەقدىردىمۇ، يەنە شۇ بىر قۇشۇق سۇدا تۇنجۇقتى. لېكىن، تارىخ ئۇلار كېچىپ ئۆتكەن دەريا - دېڭىزلارنى يازمايدۇ، پەقەت ئۇلار تۇنجۇققان شۇ بىر قۇشۇق سۇنى يازىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسىنى ئەستە تۇتۇشى بىر ئاز تەس بولىشى مۇمكىن؛ ئەمما، ئىككىنچىسى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە ناھايىتى ئاسان ئورنايدۇ.

ئۇپۇقسىزلارنىڭ كۆزى پەقەت كۆز ئالدىدىكى كىچىك سەرەڭگە تاللىرىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى چوڭ ئورمانلارنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇپۇقسىزلىق بىر پۈتۈن گەۋدىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، پارچىنىڭ ئۆزىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراشتۇر. بۇ ئەھۋالدا، نەزەردىن ساقىت قىلىنغان چوڭ گەۋدىنىڭ ئورنىنى پارچە ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پارچە شۇنداق چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدە كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. بۇ شۇ كىچىك پارچە ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدە ئۈچۈنمۇ بىر زۇلۇمدۇر.

پارچىغا قىلىنغان زۇلۇمدۇ. چۈنكى، نەزەردە چوڭايتىلغان پارچە، ئەمىلىيەتتە يەنىلا كىچىك بىر پارچە، خالاس. كىچىك نەرسىنى چوڭ دەپ بىلىش، ئۇ نەرسىنى رىئاللىقتا چوڭ قىلمايدۇ، پەقەت ئۇنى چوڭ ياكى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ ئويلاپ قالغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. يەنى ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى ئالدىغان بولىدۇ. ئەڭ خەتەرلىك بولغان ئالداش، ئىنساننىڭ ئۆزىنى - ئۆزى ئالدىشىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئالداشقا قارىتا تەدبىر ئېلىشى، باشقىلارنىڭ ئالداشلىرىغا قارىتا تەدبىر ئېلىشقا قارىغاندا قېيىن بولىدۇ.

بىر پۈتۈن گەۋدىگە زۇلۇمدۇر. چۈنكى، نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بىر

پۈتۈن گەۋدە، ھېساپنىڭ سىرتىدىكى پۈتۈنلۈك بولۇپ، نەزەر سىرتىدىكى پۈتۈنلۈكتىن ئىنسانغا ھېچقانداق پايدا يەتمەيدۇ. بۇ يەردە بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئورنىغا شۇ گەۋدىگە ئائىت بىر پارچە قويۇلغان بولۇپ، بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىگە قارىتىلغان بىر جىنايەتتۇر. بۇنداق قىلغانلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى، غەيرىتى، تەدبىرلىرى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ. بىنادىن چۈشۈپ كەتكەن بىر كېسەكنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇش، بىر پۈتۈن بىنانى ئاسرىغانلىق بولمايدۇ. پۈتۈن دىققىتىنى بىر گەۋدىدىن ئايرىلغان بىر بىلەككە قارىتىش، ئەسلى ھۇجۇمنىڭ ۋۇجۇدقا قارىتىلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق ئاجىزلىققا مۇپتىلا بىر قۇرۇلمىنىڭ، ئۆز ئىستىھكامىنى قوغدىيالىشى بەسى مۇشكۈل.

## ئۇپۇقسىزلىقنىڭ مەنىۋى زىيانلىرى

ئۇپۇقسىزلار، ھۇجۇملارغا قارشى ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان پۈتۈن گەۋدىنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، كىچىك كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. پۈتۈن بىنانىڭ ئۇلى ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتسا، ئۇلارنىڭ دەردى ئۆزلىرى تۇرغان ئۆيىنى قانداق قوغداش ھەققىدە بولىدۇ. بىنانىڭ ئۇلى زەربىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ زىممىسىگە ئۆتكۈزىۋالغان ھۇجرىلىرىنى تاشلاپ، بىنانىڭ ئۇلىنى قوغداش كېرەكلىكىنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

ئۇپۇقسىزلار ئەجدادلىرىنىڭ ئوچىقىدىكى چوغنى ئەمەس، كۈلنى قوغدايدۇ. ئائىلە ئوچىقىدىكى ئوتنى ئۈچۈرۈش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ ھۇجۇم باشلىغانلىقىنى كۆرىدۇ — يۇ، بۇ ھۇجۇملارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، پۈتۈن كۈچىنى ئوچاقتىكى كۈلنى تاشلاپ، چوغنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزلىرى مۇقەددەس بىلگەن ئوچاقنى دۈشمىنىنىڭ ئورنىغا ئۆزى چېقىپ بېرىدۇ. ھەتتا شۇ قەدەر ئۆزىنى يوقاتقانكى، ئوچاققا تەرەت

سۇندۇرۇپ، لېيىنى ئېتىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەيدۇ.

ئۇيۇقسىزلار يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىشلارغا قارشى، بۇرمىلاشنى ياقلايدۇ. ھەر خىل ئىسلاھاتقا قارشى كونا مۇقامنى تولايدۇ. ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش ئۈچۈن دېمىگەن يالغان، چاپلىمىغان تۆھمەت، چىقارمىغان پىتنە - پاساتلىرى قالمايدۇ. يېڭىلىققا قارشى تەدبىر ئېلىش ئۈچۈن، كونا ھەممە نەرسىگە ساختا بولغان بىر مۇقەددەسلىك ۋە ساماۋىلىق تۈسى كىرگۈزىدۇ. بۇرۇنقى نەرسىنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس، ھازىرقى يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسى لەنەتكە لايىق دەپ گەپ توقۇيدۇ. ھەقىقەتنىڭ قىممىتىنى يېڭى ياكى كونىلىقتىن ئالمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش « سابىق بولۇش » بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتكە « سادىق بولۇش » بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيۇقسىزلار ئىزدىنىشكە قارشى تەقلىدنى ياقلايدۇ. ئىبادەتكە قارشى ئادەتنى مۇداپىئە قىلىدۇ. ئەگەر ئوتتۇردا ئەسلى ۋە ئۇسۇل تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە بولسا، ئۇلار ئەسلىگە ( ئاساسقا ) قارشى ئۇسۇل ( مېتود )نى چىڭ تۇتىدۇ. ئەگەر مېتود بىلەن كىچىك ماددا / باسقۇچلار ئارىسدا مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇلار كىچىك تارماق مەسلىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇيۇقسىزلارنىڭ تەقلىتكە چىڭ يېپىشىپ، مەقسەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشكە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاستىدىكى ئىللەت يىراقنى كۆرەلمەسلىك. ئۇلار ھەر دەۋرنىڭ بىر ھەقىقىتى بار ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي كەلمەكتە، ئاللاھ نىڭ ھەر ۋاقىت يېڭىدىن ياراتقۇچى « خەللاق »ئىكەنلىكىنى ھەزىم قىلالمايۋاتىدۇ.

ئۇيۇقسىزلار ئاق - قارىنى ئايرىغۇدەك بىر ئەقىلگە ئىگە ئەمەس. ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ ( بىر بولسا ھەممىنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىدۇ ياكى قارا - قويۇق رەت قىلىدۇ )، پەرقلەرنى ھېس قىلالمايدۇ. مەسىلەن، دىنىنىڭ جەۋھەر، دىنى تىلنىڭ بىر ۋاستە ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ. دىن كونىرىمايدۇ، تىل كونىرايدۇ. بۇنىڭ

ئۈچۈن يېڭىلاپ تۇرۇش لازىم. قەرەللىك ھالدا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىلگەن مۇجەددىد ( ئىسلاھ قىلغۇچى ) ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئۇلىدا ياتقان ھەقىقەت مانا بۇ. ئۇپۇقسىزلار دىن تىلى يېڭىلىنىشى لازىم دېگۈچىنى، باشقىلارغا « دىن يېڭىلىنىشى لازىم دېدى » دەپ چۈشەندۈرىدۇ. كونىراپ قالمايدىغان دىننى، يېڭى بىر دىن تىل ( ئۇسلۇپ )دا چۈشەندۈرسە، بۇنى باشقىلارغا خۇددى يېڭى بىر دىن تونۇشتۇرىۋاتقاندەك تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئاساسەن بىر جەھەتتىن ئۇپۇق مەسىلىسى، يەنە بىر جەھەتتىن ئەخلاق مەسىلىسىدۇر. مانا بۇ ئۇپۇقسىزلىقنىڭ ئەخلاقسىزلىققا ئايلىنىپ قالىدىغان نۇقتىسى.

ئۇپۇقسىزلار زامانىنىڭ سىرتىدا ياشايدۇ. پەرەڭلەر تىلىدا ئىپادىلىسەك ئانئەكرونىك ( زامانغا ماسلىشالمىغان )تۇر. زامانىنى ياراتقان ئاللاھ نىڭ ياراتقان ھەر بىر زامانغا بىر خىل تەبىئەت بەخش ئەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان زامانىنىڭ تەبىئىتىگە قىزىقىپ ئۇنى بايقىمىغانلارنى، زامان ئەسكى بوخچىنى چۆرۈپ تاشلىغاندەك ئارقىغا تاشلىۋېتىدۇ. زامانىنىڭ شەيئىلىرى ئەمەس، بەلكى ئىگىسى بولۇشنىڭ ئۇسۇلى، زامانىنىڭ تەبىئىتىنى تېپىپ چىقىشتۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى زامانىنىڭ تەربىيەچىلىرى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئېقىنىدا ئەخلەت - چاۋادەك ئېقىپ كەتمىگەنىدى. ئەكسىچە، ئۆز دەۋرى ئاقىدىغان ئېقىن يولىنى ئۆز قولى بىلەن قازغانىدى. بۇ سەۋەپتىن، ئۆز دەۋرىنىڭ چاكىرى ئەمەس، مېمارى ( بەرپا قىلغۇچىسى ) بولغانىدى.

ئۇپۇقسىزلار ئىستىمال قىلىپ تۈگەتكۈچىلەردۇر. چۈنكى، يارىتىش ئۇپۇق تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ كېلەچەك تەسەۋۋۇرى، ئۈمىد، ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇپۇققا قىلچىلىكمۇ كېرەك يوق. ئۇپۇقتىن خالىي ھالدىمۇ پەۋقۇلئاددە شەكىلدە خورىتىپ تۈگەتكىلى بولىدۇ. ھەتتا، ئىستىمال قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالىسى بولۇش ئۈچۈن، ھېچقانداق ئۇپۇقى بولماسلىقى كېرەك.

ئۇپۇقسىزلار ھەرىكەتچىلىكمۇ بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەرىلەر ئۇلاردەك ئۇپۇقسىز بولسا ئىدى، ئىنسانلار ئىستىمال قىلغۇدەك ھەسەل تاپالمىغان

بولاتتى. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ھەممىسىدە يەيدىغانلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ بەزىلەرنىڭ ئۈپۈقنىڭ ھەرىلەرچىلىكمۇ بولالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۈپۈقسىزلار، قىممەت يارىتىش مەسىلىسىدە، ئۆزىدىن كېيىنكىلەر ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ كېيىنلىكى ئۈچۈنمۇ بىرنەرسە قالدۇرمايدۇ.

ئۈپۈقسىزلار بەزىدە ئۆز گۆشىنى يېمەكچى بولغان ئىدراك بىمارلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۈپۈقسىزنىڭ نىشانى ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىگە ناماز ئوقۇشنى تەشۋىق قىلىش ئەمەس، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن نامازنى جەملەپ ئوقۇغانلار بىلەن كۆرەش قىلىش؛ ئىماندىن مەھرۇم بىرسىنى قانداق قىلىپ ئىمان ئىگىسى قىلىشتىن زىيادە، مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلەرنى ئۆز مەزھىبىگە، مەشرىپىگە، ئېقىمىغا، تەرىقىتىگە، جامائىتىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلىش. بۇ تىپىك بىر ئۈپۈقسىزلىق كېسىلى بولۇپ، بۇنىڭ داۋاسى ئۈپۈققا ئىگە قىلىشتۇر.

## قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈپۈقنى بەرپا قىلىشى

قۇرئان، مۇھاتابىدا ( خىتاپ قىلىنغۇچىدا ) كەڭ دائىرىدە ئۈپۈق شەكىللەندۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ ئۈپۈق بەرپا قىلىش نىشانى ھەم بۇ دۇنيانى ھەم ئاخىرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋەھيىنىڭ دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىلىرىدىن بىرسى مۇززەممىل سۈرىسى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ باشتىكى ئايەتلىرىگە نىسبەتەن خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن نازىل قىلىنغان 20 - ئايىتى، مەدىنە مەزگىلىدە كۆرۈلگەن زاكات ۋە جىھاد توغرىسىدا بايانلار بېرىدۇ. بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسەن بەزىلەر، بۇ ئايەتنى سۈرىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرنىشىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلاپ مەدىنە مەزگىلىگە خاس قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى، زاكات ۋە جىھاد ھەققىدە توختالغان قىسمى « ئۇ بىر كۈن كېلىپ... بولىدىغانلىقىنى بىلدى » جۈملىسى

بىلەن باشلايدۇ. بۇ كىلەچەكتىن بىر خەۋەر ۋە مۇئمىنلەرنى يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشقا ( بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەسلىككە )، بەلگىلىك ۋاقىتقا مەھكۇم بولۇپ قالماسلىققا دەۋەت قىلماقتا.

رۇم ( رىم ) سۈرىسى، ئۇيۇق ئىنشا قىلىدىغان بىر بۆلۇم بىلەن باشلىنىدۇ. تۇنجى ئايەت، رۇملارنىڭ ئەڭ يېقىن جايدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن غالىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە. قۇرئان مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىنى ئۇپۇققا ئاغدۇرۇشنى تەكىتلىگەن بۇ خەۋەردە شۇنداق ئىشەنچ بار بولۇپ، ئۇلارغا بۇ خەۋەرنىڭ بەلگىلىك زامان ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئۈچ يىل بىلەن ئون يىل ئارىسىدىكى بىر زامان تىلىمى ( فى بىدى سىنىن ). مەككە مۇشرىكلىرى، ئىتتىپاقداشلىرى بولغان سانسانىيلارنىڭ رىملىقلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانلىقىدىن خوشال بولماقتا ۋە بۇ ئارقىلىق مۇئمىنلەرگە ھەيۋە قىلماقتا ئىدى. لېكىن، قۇرئان ۋەدە قىلغان رۇم زەپىرى رېئاللىققا چىقىشى بىلەن، بۇ قېتىم مۇئمىنلەر خوشال بولاتتى. بۇ بىر ئۇپۇق بەرپا قىلىش ئىدى. مۇئمىنلەرگە، « بەلگىلىك ۋاقىتقا مەھكۇم بولۇپ قالماڭلار، ئۇپۇققا قاراڭلار! » ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى.

نەبىنىڭ ئۇپۇقنى ۋەھيي شەكىللەندۈرگەنىدى. دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىدا يەر ئالغان دۇھا ۋە ئىنشراھ سۈرىلىرى، قۇرئانىنىڭ رەسۇلۇللاھتا بىر ئۇپۇق شەكىللەندۈرۈشنى نىشان قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئۆرنىكى.

« چاشكاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى / چاشكاھ ۋاقتى شاھىت بولسۇنكى... » دەپ باشلانغان دۇھا سۈرىسى، ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېمەكتە ئىدى: « ھازىر سەن ياشاۋاتقان مۇھىت زۇلمەت باسقان قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلما! قوياش چىقىپ، تاڭ ئاتىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا غەرق بولما ( پېتىپ قالما )! ئۇپۇقىڭغا چاشكا ۋاقتىنى يەرلەشتۈرگىن! شۇنى ئوبدان بىلگىنكى، ھەر كېچە ئىككى كۈندۈز ئارىسىدا بولىدۇ. كېچىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋاقتى

فەجرگە ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر ».

ئاللاھ رەسۇلى دۇھا سۈرىسى ئارقىلىق بېرىلگەن « ئۈپۈقتا قارا! » ئۇچۇرىنى ئالدى. ئاندىن بۇ بىشارەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەر ئارقىمۇ - ئارقا كەلدى. « بارغانسىرى يىراقلىشىۋاتقان / ئاقرىۋاتقان كېچە شاھىت بولسۇن »... « ئاقىۋەت، سەن ئۈچۈن باشتىن تېخىمۇ خەيرلىك بولىدۇ... »، « رەببىڭ ساڭا ئاتا قىلىدۇ، سەنمۇ رازى بولىسەن... ». بۇلار، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈپۈقنى ئۈمىد بىلەن شەكىللەندۈرگەن ئايەتلەر ئىدى.

ئۈپۈق بەرپا قىلىشنى، دۇھا سۈرىسىدىن كېيىنلا نازىل بولغان ئىنشىراھ سۈرىسىدىمۇ كۆرىمىز. سۈرە، ھەر قېيىنچىلىقنىڭ ئىككى ئاسانلىق ئارىسىدا ئىكەنلىكى خەۋەرى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ، ھەر كېچە ئىككى كۈندۈز ئارىسىدا، دېگەندەك قىلاتتى. بۇنىڭ ئۆتمۈشتە مۇشۇنداق بولغانلىقىنى، كەلگۈسىدىمۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى.

ۋەھيىنىڭ رەسۇلۇللاھتا ئۈپۈق بەرپا قىلىشى، ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ۋەھيىگىچە داۋاملاشتى. ئۈپۈق بەرپا قىلىش، ھەر نازىل بولغان سۈرە ياكى بۆلۈم ئىچىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يەرلەشتۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن، يۈسۈپ سۈرىسى، ئۈپۈق بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر سۈرە ئىدى. قىسسەنىڭ قەھرىمانى ھەزرىتى يۈسۈپ ئىدى. لېكىن، نازىل بولغان ۋاقىتنىڭ قەھرىمانى رەسۇلۇللاھ ئىدى. ئۇنىڭغا دېيىلىۋاتقان سۆزلەر مۇنداق ئىدى: « ئەي مەككىنىڭ يۈسۈپى! سېنى گۆھەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان قېرىنداشلىرىڭ بولغان مەككىلىكلەر قۇدۇققا تاشلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن، سەن پەرۋا قىلما! يۈسۈپكە ئوخشاش سەبىر، سابات، غەيرەت، ئىلىم، ھېكمەت، ئىپپەت، لاياقەت ۋە تەمكىنلىك بىلەن نىشانىڭغا قاراپ ئىلگىرلە! رەببىڭ سېنى مەدىنىگە سۇلتان قىلىدۇ ».

# رەسۇلۇللاھ تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئۇيۇقىنى بەرپا قىلغانىدى

قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇيۇقىنى بەرپا قىلغانىدى، رەسۇلۇللاھمۇ تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ئۇيۇقىنى بەرپا قىلغان. مال، ئايال، ھوقۇق... قاتارلىق ئەڭ ئازدۇرغۇچى دۇنيالىق تەكلىپلەر بىلەن كەلگەن مەككە كاتتىلىرىغا ئارىچىلىق قىلغان تاغىسىغا، داۋاسىدىن ھەرگىزمۇ ۋازكەچمەيدىغانلىقىنى قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقانىدى.

بېسىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇئمىنلەرگە ھىجرەت ئۈچۈن ھەبەشىستاننى كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ يىراقنى كۆرۈرمەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. تۇنجى مۇھاجىرلارنى ھەبەشىستانغا ئەۋەتكەندە، كەلگۈسى ھەققىدە ئېھتىماللىقنى ئويلاۋاتقانىدى. بۇنى مۇھاجىرلارنىڭ مەسئۇلى جافەر ب. ئەبى تالىپنىڭ قايتىپ كېلىش ھەققىدە چىڭ تۇرىشىنى، ھىجرەتتىن يەتتە يىل ئۆتكەن ۋە خەيبەرنىڭ فەتھىگىچە كېچىكتۈرىشىدىن كۆرىۋالالايمىز.

خەيبەر مەككىنىڭ ئارقا باغچىسى بولۇپ، يەھۇدىي خەيبەر بىلەن مۇشرىك مەككە ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. ئەگەرخەيبەر فەتھ قىلىنماي تۇرۇپ، مەككىگە يۈرۈش قىلغانسا، خەيبەر ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى. خەيبەر بالاسى دەپئى قىلىنغاندىن كېيىن، مەككە ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ، خەيبەر فەتھ قىلىنغىچە ئىسلام داۋاسىنىڭ مەزكۇر رايۇندىكى مەۋجۇدلىقىنى بىخەتەر ھالغا كەلدى دەپ قارىمىغان بولسا كېرەك، ھەبەش مۇھاجىرلىرىنى خەيبەر فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى. مۇھاجىرلارنىڭ ھەبەشىستاندا 15 يىل تۇرغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەبەشىستان پىلانى 15 يىل كېيىنلىكنى نەزەردە تۇتقان بىر ئۇيۇققا توغرا كېلىدۇ.

خەندەك كۈنى بازغاننىڭ تاشقا ئۇرۇلىشىدىن چىققان ئۇچقۇن

ئىچىدە سانسانىلار ( پارسلار )نىڭ، رىملىقلارنىڭ، يەمەنىنىڭ سارايلىرىنى كۆرىشى، مۇئمىنلەرگە ئۈمۈق كۆرستىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنە، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ دەۋرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەۋەتكەن چاقىرىقلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈمۈقنىڭ نەقەدەر كەڭلىكىنى كۆرستەتتى. تارىخ تەستىق قىلغان ۋە گۇۋاھ بولغان « كوستانتىنىيە ( بۈگۈنكى ئىستانبۇل ) بىر كۈن فەتىھ قىلىنىدۇ » دېگەن پەيغەمبەر خوش بىشارىتىمۇ، بىر ئۈمۈق بەرپا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

رەسۇلۇللاھ يەنە « چۈشۈمدە ماڭا، ئۈممىتىمنىڭ دېڭىزدا سەپەر قىلىپ، ئاراللار فەتىھ قىلغانلىقى كۆرستىلدى » دېگەن ۋاقىتىدىمۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ئۈمۈقنى بەرپا قىلىۋاتقانىدى. ھىجرى 28 دىن ئىبارەت دەسلەپكى مەزگىللەردە، قىبرىسنى فەتىھ قىلغان ئىسلام قوشۇنىدا بىر مۇجاھىت بولغان جۇبەير ب. نۇفەير ئەل - ھادرامى شاھىت بولغان ۋەقە، ئەھمەد ب. ھەنبەلنىڭ مۇسنەد ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق نەقىل قىلىنغان:

« قىبرىس ئارىلى فەتىھ قىلىنغاندا، كىشىلەر تارقالغان بولسىمۇ، ئەبۇ دەرادانىڭ بىر خالىي جايغا بېرىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ يېنىغا باردىم ۋە مۇنداق دېدىم: < ساڭا نېمە بولدى؟ ئاللاھ بۇ ئارالنىڭ فەتھىنى مۇيەسسەر قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلارنى شەرەپلەندۈرگەن مۇشۇنداق بىر كۈندە، سەن نېمىشقا بىر چەتتە ئولتۇرۇپ يىغلايسەن؟ >. ئەبۇ دەردا ماڭا: < ئى جۇبەير، توغرا دەيسەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇلارغا شەرەپ ۋە ئىززەت ئاتا قىلدى، ھۆكۈمدارلىق ۋە ھوقۇق بەردى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ نىڭ ئەمرىگە چىڭ يېپىشقانلىقى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىقتى. لېكىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ شەكىلدە كېتىۋەرسە، ئاللاھ نىڭ ئەمرىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىدىن، بۇ سەۋەپتىن بېشىغا كېلىدىغان خارلىق ۋە خور قىلغۇچى مۇسىبەتلەر سەۋەبىدىن يىغلاۋاتىمەن >، دېدى».

ئەبۇ دەردا، ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان نەسىللەرنىڭ ئىمانى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلالىغۇدەك بىر ئۈمۈققا ئىگە ئىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىدىن بىر ھەسسە كۈنىمىزدىكى قىبرىس مۇسۇلمانلىرىغا چۈشتى. بىر تەرەپتە

ئۆزى ئۇچۇن بولسىمۇ يىغلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان بىزلەر، يەنە بىر تەرەپتە ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان نەسىللەر ئۇچۇن كۆز يېشى قىلالىغۇدەك ئۇيۇققا ئىگەن بولغان تۇنجى قۇرئان نەسلى...

## يولۇچى كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ نادانلىقى، يولۇچىنى يولدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ

سەۋەپ — نەتىجە مۇناسىۋىتىنى مۇتلەقلەشتۈرىۋەتكەنلەر، يولۇچى كۈتۈشنى يولۇچىنىڭ يولغا چىقىشىنىڭ ئۆزگەرمەس ۋە مۇتلەق نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئاللاھ نىڭ زامانغا ھەر ۋاقىت ئاكتىپ شەكىلدە مۇداخىلە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتقانلار، ئوخشاش بىر ئۇيۇققا قاراپ نادانلىق بىلەن يولۇچى كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ، چوقۇم يولۇچىنى يولدىن چىقىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىدۇ.

بىز بۇنى « بىرلەشكەن نىيەتلەر » دەپ ئاتايمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىرلەشكەن نىيەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەردىن تېخىمۇ چوڭ كۈچتۇر. ئەگەر قەلبلەر ئوخشاش بىر نەرسە / داۋا ئۇچۇن سوقسا، يوق نەرسە بار، يىراق يېقىن بولىدۇ، تارلىقنىڭ ئورنىنى كەڭرىچىلىك ئالىدۇ، قىيىن ئوڭاي، ئىمكانسىز مۇمكىن ھالغا كېلىدۇ.

تەلاھۇقۇ نىييات ( نىيەتلەرنىڭ بىرلىششى ) ھەقتۇر. تەلاھۇقۇ ئەفكار ( پىكىرلەرنىڭ بىر بىرىگە قوشۇلىشى ) ھەقتۇر. ئەجدادلار، بۇگۈن « چۈشەنچە بىلىمى » دەپ ئاتالغان نەرسىنى مانا مۇشۇنداق ئاتايتتى. نىيەتلەر بىرلەشكەن ۋاقىتتا كۈچلۈك بولىدۇ. ئوخشاش بىر نىشان / داۋا ئەتراپىدا جەم بولغان نىيەتلەر، جىسمىنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. پىكىرلەر بىر - بىرىگە قوشۇلغاندا، كەڭ ئاممىنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە چوڭ بىر كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبلەر ئوخشاش بىر مېھرى - مۇھەببەت ئەتراپىدا بىرلەشكەندە، ياخشى كۆرگەننى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. بۇ خۇددى كۈن نۇرىنىڭ لوپا

ئەينەكتە بىر يەرگە مەركەزلىشىشكە ئوخشايدۇ...

قوياش نۇرىنىڭ دەستىسى تارقاق بولۇپ، بۇ ھالىتىدە پەقەت ئىسسىتىدۇ، لېكىن ئوت ھاسىل قىلالمايدۇ. ئەگەر قوياش نۇرى بىلەن ئوت ياقماقچى بولسىڭىز، تارقاق ھالەتتىكى نۇرنى بىر نۇقتىغا يىغىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، ئىسسىنىشتا قىينالغان قوياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئوت يېقىش ئۇنچە قىيىنغا توختىمايدۇ. بۇ ھەقىقەت شائىرنىڭ « بىر مەقسەت ئۈچۈن سوقسا يۈرەكلەر، ئۇنى توپ ( زەمبىرەك )مۇ توختىتالمايدۇ » دېگەن مىسراسىدا ئۆزىنى ئەڭ يارقىن ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

لازىر تېخنىكىسىنىڭ مەنتىقى مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ نۇرلارنىڭمۇ خۇددى جامائەت بىلەن نامازغا تۇرغان بىر مۆئمىنلەر جامائىتىگە ئوخشاش، بىر سەپ ھالىتىدە زىچ تۇرىشىدۇر. تارقاق ھالدا يېتىپ كەلگەن نۇرلارنى سەپ ھالىتىگە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئالماسنىمۇ كېسەلىگۈدەك بىر كۈچكە ئېرىشەلەيسىز.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىر مىليارد كىشى كونا چۈشەنچىسىنى زېھنىدىن چىقىرىپ تاشلاش نىيىتىگە كەلسە، ئۇنى قىلالايدۇ. « ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق » دېيىلگەن پەيغەمبەر سۆزى، قارىماققا بىر ئەمەلنىڭ قىممىتىنىڭ ئۇ ئەمەلنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، بۇ رەسۇلۇللاھ سۆزىنىڭ بىردىنبىر مەنىسى ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا مەنىسىمۇ بار. يەنى، نىيەتلەر پەقەت ئەمەلنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەندىن باشقا، دائىرىسى ۋە تەسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## سەن كۆڭۈل بەرسەڭ، ئۇمۇ ساڭا كۆڭۈل بېرىدۇ

ئاتومنى تەشكىل قىلغۇچى زەرىچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار جەريانىدا، تەتقىقاتچىلار بىر نەرسىنى

بايقىدى. بىر ئېلېكترون، بەزىدە ئۆزۈك، بەزىدە دولقۇنسىمان شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، قايسى ۋاقىت ياكى ئەھۋالدا بۇ شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ نۇرنىڭ تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بايقالدى. بۇ تەسىر كۆرسەتكۈچى بىلەن تەسىرگە ئۇچرىغۇچى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئېنىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقاردى. يەنى، تەسىرگە ئۇچرىغۇچى تەسىر قىلغۇچىغا بېقىنىدۇ. بۇنىڭ زاغرا تىلدىكى ئىپادىسى، ئېلېكترون، تەسىر كۆرسەتكۈچىنىڭ نىيىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

بۇ نەتىجە، كانتوم فىزىكىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى يۇنانىستاندا باشلانغان، دېسكارتىسنىڭ دېكارتىزىم پەلسەپىسى بىلەن مۇستەھكەملەنگەن « ئىككى مەنبەچىلىك (دۇئالىزىم ) » چۈشەنچە قەلئەسى يىقىلىشقا باشلىغان، زېھىن ۋە ماددا مۇناسىۋىتىنى ئايرىپ تۇرغان تام ئۆرۈلگەنىدى. بۇ نەتىجە، قىممەتتىن ئايرىلغان بىلىم، نىيەتتىن ئايرىلغان ھەرىكەت، مەنىدىن ئايرىلغان ماددا بولمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ ئىمان بىلەن ئەمەل، نىيەت بىلەن ئىبادەت، دىن بىلەن دۇنيا، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىر - بىرىدىن مۇناسىۋەتسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ھەقىقەتتىن، مېتافىزىكتىن، مەنىدىن، مەقسەتتىن، فىترەتتىن، ئەبەدىيەتتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى ھۆججەتنى تەييارلىنىۋاتقان ئىگىلىستە( ئىنكارچى )لارنى، فىزىكا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بۇ باسقۇچ، ئورنىدىن قايتا تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە يەرىيەكسان قىلدى.

ئاتومنى تەشكىل قىلغۇچى زەرىچىلەر ئالەمدە كۆرۈلگەن بۇ ئاكتىپلىقنى، زۇكام ۋىرۇسىدىمۇ كۆرىمىز. ۋىرۇس، سانا ( مىسىدىكى بىر ئارال )دىن ئىستانبۇلغا كەلگىچە يولدا نۇرغۇن تەسىرگە ئۇچرايدۇ. تارىختا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ھېچقانداق بىر مەدەنىيەتنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىسپات يوق. ھەتتا، بىر يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ، ھېچقاچان بىر شەھەر ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي

يوق قىلغانلىقىمۇ كۆرۈلمىگەن. بەلگىلىك باسقۇچقا كېلىدۇ، نەچچە مىڭ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، لېكىن بىردىنلا توختاپ قالىدۇ. بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ھەرقانداق بىر تەشەببۇس، « نېمە ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتا ۋە شۇ يەردە...؟ » سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئېلېكترون، فوتون ( نۇر )، پىسكون...

ئېلېكترون، ئېلېكترىك ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئېلېكترىك ئېقىم ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. فوتون، نۇرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، نۇرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، ئاڭ ( تەپەككۇر، سېزىمنىڭ ) ئۆلچەم بىرلىكى نېمە؟ بۇنىڭغا كانتومچىلار « پىسكون » دەپ ئىسىم قويغان. بىز بۇنى « نىيەت » پارچىسى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ئاساسەن جانسىز مەۋجۇدىيەت بار، لېكىن ئىچكى ساقلىغۇچى بولمىغان مەۋجۇدىيەت يوق. ئىنسان بىلەن شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئىككى ئىچكى ساقلىغۇچ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ نىڭ نېمە ئۈچۈن زېمىن، ئاسمان، ئاي، قوياش، زامان، ماكان ۋە ئىنساننى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغانلىقىنىڭ جاۋابىنى بىزگە بېرىدۇ. قەسەم قىلىنغان نەرسىلەر شاھىت قىلىنغان نەرسىلەر بولۇپ، ئىچكى ساقلىغۇچى بولمىغان نەرسىلەر شاھىت بولالمايدۇ. شۇڭا، ياشاش شاھىت بولۇش ۋە شاھىت قىلىشتۇر.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنساننىڭ نىيىتىگە شاھىت بولغانلىقىنى بىلىمىز. « ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىرلىق ھاياتى » ناملىق ئەسەردىن بىر قانچە مىسال كۆرۈپ باقايلى:

« باستەر بىر كۈنى كەچتە ئىنتقا بېرىش ئۈچۈن تۇخۇم چاققاندا، جانلىقتىكى تۇيۇقسىز ۋە ۋاقىتلىق ئېنېرگىيە ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاپ بولغان پولىگرافقا ئۇسكۇنىسىگە چېتىلغان بىر ئۆسۈملۈكنىڭ، قاتتىق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەتىسى كەچتە بۇ ھادىسە يەنە قايتا تەكرارلاندى. بىر تۇخۇمنىڭ نېمىلەرنى ھېس قىلالايدىغانلىقىغا قىزىققان باستەر، تۇخۇمنى گالۋانومېتىرغا چاتتى. چېتىشى بىلەن تەڭ

ھەر خىل تەجرىبىلەرنى باشلىدى. توققۇز سائەت بويىچە تۇخۇمدىن چۈجە تۆرەلمىسىنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاكتىپ ھەرىكەت گرافىك نەتىجىسى چىقتى. ئۇ مەھەللە باققىلىدىن سېتىۋالغان تۇخۇم مىكيانىغا باستۇرۇلغان تۇخۇم ئەمەس ئىدى. كېيىن تۇخۇمنى چېقىپ، مىكروسكوپتا تەكشۈرگەندە، ھەرىكەت گرافىكىنىڭ چىقىشىغا سەۋەپچى بولغان ھېچقانداق بىر فىزىكىلىق ھەرىكەت ئامىلىنى تاپالمىدى. قارىغاندا، بىلىم بۇگۈنكى تەرەققىيات ھالىتى بىلەن تەكشۈرۈپ، ئىزاھلاپ كەلگەن ئۇسۇللىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرەلمەيدىغان بىر خىل كۈچ ساھەسى بىلەن تونۇشقاندى. كېيىن، بىر تۇخۇمنى كادىيوگرافقا چېتىپ، يەنە بىر تۇخۇمنى لابراتورىيىنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى قايناق سۇغا سالدى. بىرىنچى تۇخۇمنىڭ ھەمراھىنىڭ ئۆلۈمگە ئېنىق بىر ئىنكاس قايتۇرغانلىقى بايقالدى » ( پ. تومكىنس – ج. بىرد، 40 – بەت).

پراۋدا مۇخبىرى ۋ. چەرتكوۋنىڭ قەلىمىدىن، موسكىۋا تىرمىزايەۋ تېرىقچىلىق بىلىملىرى ئاكادېمىيىسىنىڭ سۈنئىي ئېقلىم لابراتورىيىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەجرىبە نەتىجىسى مۇنداق تونۇشتۇرۇلغان:

« ئارپا بىخى، يىلتىزلىرى ئىسسىق سۇغا چىلانغاندا ۋاقىرىدى، بۇ كۆز ئالدىمدا بولدى. ئۆسۈملۈكنىڭ بۇ چۇقانى ئالاھىدە ۋە ناھايىتى سەزگۈر بىر ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنە بىلەن خاتىرىلىنىۋاتقانىدى، بۇ راست. ئۇنىڭدىن باشقا، كەڭ قەغەز ئۈستىدە ئايغى ئۈزۈلمىگەن ئۈنسىز كۆز يېشىنىڭ دەرىيادەك ئاققىنى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۈسكىنىنىڭ خاتىرىلىگۈچى ئۇچى ساراڭلاردەك تىترەيتتى ۋە ئارپا بىخىنىڭ ئۆلۈم ئازابى قەغەزگە تۆكۈلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، بۇ جەرياندا كىچىك ئۆسۈملۈككە قاراپ تۇرغانلارنىڭ، ئۇنىڭ نېمە ئازاپلارنى تارتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشى ئىمكانسىز ئىدى. يېشىل ياپراقلىرى ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك تىك ۋە جانلىق بولسىمۇ، ئۆسۈملىكنىڭ ئورگانلىرى ئۆلۈۋاتاتتى. ئىچىدىكى بىر خىل مېڭە ھۈجەيرىلىرى نېمىلەرنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى بىزگە ئېيتىۋاتاتتى » ( ئېيگ، 99 – بەت ).

# سىنىڭ ئۇيۇقىڭدا ئۇ بولسا، ئۇنىڭ ئۇيۇقىدىمۇ سەن بولىسەن

سەن ئاللاھ نى زىكىر قىلىۋاتقان بولساڭ، بىلگىنكى ئاللاھ مۇ سېنى زىكىر ( ياد ) قىلىۋاتقان بولىدۇ.

ئىزدىگەن نەرسەڭنى تاپىسەن. ياق، ئۇنى تېپىشىڭ بىردىن بىر سەۋەبى، سىنىڭ ئۇنى ئىزدىگەنلىكىڭ ئەمەس. ئەكسىچە، سەن ئىزدەشكە باشلىغاندا، ئىزدىگەن نەرسەڭمۇ سېنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى ئىزدىسە چوقۇم تاپىدۇ.

ئەي تالىپ! ئىزدە!

لېكىن، پەقەت ئىزدەش ۋە « ئىزدىدىم » دېيىش ئۈچۈن ئىزدىمە!

ئىزدىگەن نەرسەڭنىڭمۇ سېنى ئىزدىشى ئۈچۈن ئىزدە! بىلگىنكى، بىر - بىرىنى ئىزدىگۈچىلەر بىر - بىرىنى جەلىپ قىلىدۇ. بىر - بىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈشكەنلەر، بىر - بىرىنىڭ ئۇيۇقى بولىدۇ.

ئۇيۇقىڭدا نېمە بولسا، بىلگىنكى سەنمۇ ئۇنىڭ ئۇيۇقىدا بولىسەن. ئۇنداقتا، ئۇيۇقىڭدىكى نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قارىغىن! لېكىن، ئۇيۇقىڭدا چوقۇم بىر نەرسە بولسۇن.

ئۇيۇقسىز بولغانلار ھېچقانداق نەرسىنى كۈتمەيدۇ.

ھېچقانداق نەرسىنى كۈتمىگەنلەر، ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار داۋا ئۈچۈن ئاتلانمايدۇ.

بىر ئۇيۇققا ئىگە بولۇش، قەلب جەھەتتىن تۈگمەس بىر دۇئاغا تۈرغانلىقتۇر. قەلىپ قەتئىيلىك بىلەن دۇئاغا ئېچىلغان بولسا، ئۇ دۇئا قوبۇل بولىدۇ.

بىر دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولىشى چوقۇم تىلىگەن نەرسىگىزنىڭ

رئالللىقا ئايلىنىشى دىگەنلىك ئەمەس. دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى، تىلىكىنىڭ ئەمەلگە ئىشىشى دەپ قارىغانلار، ئېرىشكەن نەرسىلىرىگە قارايدۇ. ھالبۇكى، ئالالاھ نى تىلىگۈچىلەر، ئېرىشكەنلىرىگە ئەمەس، قولىنى ئالالاھ قا ئاچقانلىقىغا قارايدۇ.

ئەگەر بۇ نۇقتىدىن قارىسىڭىز، شۇ ھەقىقەتنى كۆرىسىز: « ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلىشىنىڭ ئۆزى، قوبۇل قىلىنغان بىر دۇئا دىگەنلىكتۇر. تىلىگەن نەرسىڭىزنىڭ بېرىلىپ - بېرىلمىگەنلىكى مۇھىم ئەمەس ».

## كەلمىگىنىڭگە ئاتاپ بىر نەسىر

سېنتەبىر ئاخىرىلاشتى. لېكىن، سەن تېخىچە كەلمىدىڭ.

يامغۇرلار تامچىلايتتى ھۆل چېچىڭدىن، كۆز يېشىڭدىن بولغان بىر دېڭىز ئېلىپ كېلەتتى سېنى.

يەلكەنلىرىنى « ئاھ ...»لاردىن ھاسىل بولغان شامال ئۇچۇرغان، يۈرەك پەردىلىرىڭدىن پۈتكەن بىر كېمە بىلەن كەلمەكچى ئىدىڭ.

قولۇڭ بىلەن كۆزۈمنى ئېلىپ كېلەتتىڭ؛ سېنى يۇسۇپ بىلىپ، ياقۇپقا ئوخشاش ئارقاڭدىن ئەۋەتكەن كۆزلىرىمنى.

بۇنچە ئەلەملىك بولمايتتى ھىجرانىمىز، بۇنداق ئەمەستى ۋەدىمىز.

مېنى خەلقى - ئالەم، دوست - دۈشمەن ئالدىدا يەرگە قاراتمايتتىڭ.

ياخشى كۆرۈش يۈرەككە سانجىلغان بىر پىچاقتى، بىلەتتىم. لېكىن، بۇنچە ئۇزۇن ھىجرانىنىڭ ئىسمىنى قويالمايۋاتىمەن.

بىلگەن بولسام، ھەۋەس قىلاتتىممۇ ئۇچقان قۇشلارغا؟

بىلگەن بولسام، ئايلاردىن سېنتەبىر، ۋاقىتلاردىن ئاخشام، گۈللەردىن گۈلسامساق، قۇشلاردىن تۇنا، لەگلەكنى قويالتتىممۇ لوغەتلەرگە؟

قارا، ھىدىڭ كەلدى، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى تۇپراقتا ھىدىگە،

بىر يوقسۇلنىڭ قولىغا تەگكەن ئىسسىق گىردىدەك، قاندەك، كۆز يېشىدەك، تەردەك، مېھنەتتەك...

لېكىن، سەن يەنىلا كەلمىدىڭ.

ئازابىڭ كەلدى، تولغىقىڭ يېتىپ كەلدى. « قاتتىق نەپرەت بولماستىن، قانداقمۇ مەجنۇندەك مۇھەببەت بولسۇن؟ » دېگەنىدىڭغۇ!

قارا، قەھەتچىلىكتە بېرىلگەن بىر لوقمىغا ئوخشاش، ئەۋەتكەن بىر سىقىم نەرسەڭ كەلدى.

نەمرۇتىڭ كەلدى، گۈلخانىڭ كەلدى. ئىقاپلانغان يۈزۈڭ ۋە مىڭ تۈرلۈك ساختا ھەمراھىڭ كەلدى. يوقلىقىڭ، كۈزىڭ ۋە قىشىڭ كەلدى. ناخشىلىرىڭ، رەسىملىرىڭ، كۆز يېشىڭ كەلدى.

لېكىن، سەن كەلمىدىڭ.

پىرئەۋن كەلدى، ھامانىڭ كەلدى، قارۇنىڭ كەلدى، لېكىن ھارۇنىڭ كەلمىدى.

شەيتىنىڭ كەلدى، توپانىڭ كەلدى، كەنئانىڭ كەلدى، بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى ھەيران قالدۇرىدىغان دۈشمىنىڭ كەلدى.

ئەمما، سەن كەلمىدىڭ.

قارا، ئىشقىڭنى سۈپۈرىۋاتىدۇ پىرئەۋنىنىڭ تازىلىقچىلىرى.

يادىكارىڭغا ئوت قويىۋاتىدۇ، قۇرۇپ كەتكۈر قوللىرى.

قوينىڭدا تۈنىگەن ھۇقۇشلار، مەبدىڭگە بۇتلارنى تىكلەش ئۈچۈن ئازەرنى چاقىرىۋاتىدۇ.

ئانىلارنىڭ رەھىملىرىگە بىر يىلاندەك سۇقۇنۇپ كىرىۋاتىدۇ. شۇڭا نەرون، كالىگۇلا، شەدداد، ھەججاج، ھۇلاكۇغا ئوخشاش تۇغۇلىۋاتىدۇ بوۋاقلار ئىككى قولى قان ئىچىدە...

ھەر بىرى، بىرى يەتتە ھوسۇل بەرگەن مىلىيۇنلارچە سەۋدانى قارا تۇپراققا كۆمىۋاتىدۇ.

قوياشنى، سېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ تۇتۇش بۇيرىقى چىقىرىۋاتىدۇ.

سېنىڭ رەڭگىڭ دەپ يېشىلنىڭ ھەر رەڭگىنى دارغا ئېسىۋاتىدۇ.

سېنىڭ پەسلىڭ دەپ باھارنى غايىۋانى شەكىلدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇ.

سېنىڭ ئىنسان قېرىنداشلىرىڭغا زېمىنىنىڭ ئۈستىنى زىندان قىلدى. لېكىن، زېمىنىنىڭ ئاستى دەردىگە دەرمان بولدى. سېنىڭ تەبىئىي قېرىنداشلىقىڭ ئۇلار، لېكىن بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇلار خۇددى نۇھنىڭ يەر - ئاسمان قېرىنداشلىرىغا، ئىبراھىمنىڭ ئوت قېرىنداشلىقىغا، مۇسانىڭ ھاسىسىغا ئوخشايدۇ.

ئۇلار، سەن ئۇچۇن تارتقان « ئاھ... » لىرىمىزنىڭ بىر بوران، سەن ئۈچۈن كۆتۈرگەن ھەر قولىمىزنىڭ بىر تاغ، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن تۆككەن ھەر تامچىمىزنىڭ بىر ئاتوم بومبىسى ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىدۇ...

لېكىن سەن، سەن بىلىسەن نېمە ئۈچۈن ساقلاۋاتقانلىقىنى. ئانىلارنىڭ كۆكسىدە بىر تىلتۇماردەك تۇرغىنىنى، ھەر بىرى بىر مەريەم بولغان ناتىۋان قىزلارنىڭ بېشىغا تاج بولغانلىقىنى بىلىسەن.

ئاھ، پىرئەۋنلەرنىڭ ھەر بىر قامچىسى ۋۇجۇدىغا تەگكەندە، ھەر بىرىنىڭ جەننەت مەلىكىسى بىرەر ئاسىيە بولىدىغانلىقىنى سەن بىلىسەن.

قاۋۇل باللىرىڭ، قاتتىق تولغاقلار بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى سەن بىلىسەن.

بىلىمەن، شۇڭا بۇ سەۋەپتىن كېلىشىڭنى كېچىكتۈرىۋاتىسەن.

ئاشىقلارنىڭ ئىشقىغا بولغان ساداقىتىنى كۈچەيتىۋاتىسەن.

يوقلىقىڭنىڭ تېخىمۇ بەك بىلىنىشىنى كۈتىۋاتىسەن.

« قارا، ئۇيۇقتا قارا، كېچىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋاقتى، فەجىرگە ئەڭ يېقىن ۋاقتىدۇر » دەيسەن.

ئەي دۇنيالارنىڭ ئەڭ چىرايلىق كېلىنى! كىم بىلىدۇ، ساڭا ئاشىق بولغانلارنىڭ ساداقىتىنى نامايەن قىلىشىنى كۈتىۋاتقانسەن، يالغان ئاشىقلارنى رەسۋا قىلاي دەۋاتقانسەن، بەلكىم.

شۇنداق، « مەھر ھەققىنى » بەرمەي تۇرۇپ قايسى دۇنيالىق سېنى كۆرەلىگەندى؟

ئەمما، كاپارىتىمىز، يوقلىقىڭىنىڭ بۇنچە قاتتىق ئازابىغا بۇنچە زامان بەرداشلىق بېرىش بولسۇن.

بۇ ئازاپنى مەھر سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىن.

بىلەمسەن، ئەل - ئىنتىزار، ئەشەددۇ مىنەن — ناردۇر؟

يەنى، « كۈتۈش ئوت ئازابىدىنمۇ يامان ».

ئىنتىزار قىلمىغىن، سېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتىمىز.

# خاتىمە

ۋەھىي ئەۋەتكەن ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنى بىزگە ئۇ ئۆگەتتى: « ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » ( 10:99). ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئەقىل ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى، شۈكۈر قىلمايدىغانلىقىنى، ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى يەنە ئۇنىڭدىن ( ئاللاھ تىن ) ئۆگەندۇق.

ئۇنداقتا، قۇرئان نېمە ئۈچۈن نازىل قىلىندى؟

زېمىندا ياخشىلىق ئۇرقى بولىدىغان بىر نەسىل بەرپە قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىندى: « سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن! ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر » ( 3:104 ).

قۇرئان ئىچىمىزدىن چىقارماقچى بولغان « جامائەت »، قۇرئان نەسلى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى، ھاياتىنى ۋەھيگە ئاساسەن شەكىللەندۈرىدىغان بىر قۇرئان نەسلى تەربىيىلەپ چىقىش ئىدى. يەر يۈزى بۇ سايىدە تۇنجى قۇرئان نەسلىگە شاھىت بولدى.

تۇنجى قۇرئان نەسلى، ئاكتىپ ياخشىلىقنى پاسسىپ ياخشىلىقنىڭ ئالدىغا قويغان بىر نەسىل ئىدى.

تۇنجى قۇرئان نەسلى، سالىھاتنى ھەساناتنىڭ ئالدىغا قويغان بىر نەسىل ئىدى.

تۇنجى قۇرئان نەسلى، ھەقىقەت ھاكىمىيىتىنى، رىۋايەت ھاكىمىيىتىدىن ئۈستۈن تۇتقان بىر نەسىل ئىدى.

تۇنجى قۇرئان نەسلى، ئاللاھ نىڭ دىنىنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىنىدىن ئۈستۈن تۇتقان بىر نەسىل ئىدى.

تۇنجى قۇرئان نەسلى، قۇرئاننى مۇسهاب ( قۇرئان ئايەتلرى جەم قىلىنغان كىتاپ )نىڭ، مەنىنى لەبزىنىڭ، ئىزدىنىشنى تەقلىدنىڭ، ئىلىمنى هېسسىياتنىڭ، تەرتىل ( چۈشۈنۈپ ئوقۇش )نى تەجۋىدنىڭ، ئەخلاقنى ئەھكامنىڭ، ياخشى كۆرۈشنى قورقۇشنىڭ، شەخسىيەتنىڭ شەخسنىڭ، جامائەتنى قەبىلىنىڭ، ئۇممەتنى ئەسەبىيلىكنىڭ ئالدىغا قويغانىدى.

لېكىن، كېيىنكى مەزگىلدە بۇلار دەل ئەكسىچە هالغا كەلدى. ئاكتىپ ياخشىنىڭ ئورنىنى پاسسىپ ياخشى ئالدى.

سالىھاتنىڭ ئورنىنى هەسانات، ئىبادەتنىڭ ئورنىنى ئادەت ئالدى.

رىۋايەتلەرنىڭ هاكىمىيتى هەقىقەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلدى.

ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىنى، ئاللاھ نىڭ دىنىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

مۇسهاب قۇرئاننىڭ ئورنىغا ئۆتتى، لەبز مەنانىڭ، تەقلىد ئىزدىنىشنىڭ، هېسسىيات ئىلىمنىڭ، تەجۋىد تەرتىلنىڭ، ئەھكام ئەخلاقنىڭ، قورقۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ، شەخس شەخسىيەتنىڭ، مىللەت ئۇممەتنىڭ ئورنىنى ئالدى. بىنانىڭ ئۇلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

بىنانىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغان تاشلار ئورنىغا قويۇلىشى كېرەك. تاشلارنىڭ ئورنى ۋەھيي كۆرسەتكەن جاي بولۇپ، بۇنى پەقەت يېڭى بىر قۇرئان نەسلى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. قۇرئان نەسلىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەسئۇلىيتى، قۇرئانغا ئىمان ئېيتقان هەر كىشىنىڭ بۇرچى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ۋەھيىنىڭ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار ئۈستىدىكى هەققى.

قۇرئان نەسلى قۇدۇقتا تاشلانغان بىر « يۇسۇپ » بۇگۈن. هازىر « يۇسۇپ »نى قۇدۇقتىن چىقىرىدىغان ۋاقىت. « قۇدۇقتا يۇسۇپ بار! » نىداسىنى ئاڭلىغانلار ئۈچ خىل ئىنكاس قايتۇرىۋاتىدۇ:

1. چاپاننى سىلىپ « يا ئاللاھ، بىسمىللاھ » دەپ قۇدۇققا چۈشىدىغانلار. بۇلارغا دېگۈدەك سۆز يوق. ئۇلار ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر

سالاۋات ( ياردەم ) قىلغان كىشىلەردۇر ( 33:43؛ 2:157 ).

2. « قۇدۇق بەك چوڭقۇر » دەيدىغانلار. ئۇلارغىمۇ دېگۈدەك بىر سۆزىمىز يوق. چۈنكى، ئۇلار باھانە ئەھلى. « قۇدۇق چوڭقۇر » دېيىش بىلەن، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمايدىغانلىقىنى باشتىلا ئېپادىلىدى.

3. « ئارقان قىسقا » دەيدىغانلار. بۇلار ئىلاھى سىنارىيىدە رول ئېلىشقا كۆڭلى مايىل، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلارغا ئارقان ساڭگىلىتىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. ئىنسان « يۇسۇپ »نى قۇدۇقتىن چىقىرىشقا تالىپ بولسا، ئارقاننى ساڭگىلىتىپ بېرىش ئۈچۈن كىيىم – كېچەكنى، ئايىقىنى، چېچىنى، قىسقىسى بارلىق ئىمكانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغۇچىنىڭ ئۇتۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنىڭ كېپىلى ئاللاھ تۇر.

ئاللاھ نىڭ سىنارىيىسىدە رول ئالغانلار، زەپەرگە ئەمەس سەپەرگە ( داۋا )، نەتىجىگە ئەمەس سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرگە قارايدۇ، بۇ شەكىلدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئەي تالىپ! سۆزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، بۇ ئاجىز بەندىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ساڭا ئېيتقۇسى بار.

ئەگەر بۇ ئاجىز بەندىنىڭ رەببىنىڭ ھوزۇرىدا بىر شىكايەت ھەققى بولسا، ئۇ ھەققىنى ئەسكىلەرنى شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتمەيدۇ. ئۇ ھەققىنى، پاسسىپ ياخشىلارنى شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

يا رەببى! بۇلار ئاكتىپ ياخشى بولمىدى. پاسسىپ ياخشى بولۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالدى. بۇلار، ئۆزلىرىگە ياخشى بولدى، ئەمما باشقىلار ئۈچۈن ياخشى بولمىدى. بۇلار، ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىقى كويىدا بولدى، ئەمما بەندىلىرىڭنىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدى.

رەببىم! بىزنى شاھىتلار قاتارىدىن قىلغىن!

ئامىن!